# گۈلىستان

ئەدىبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى

(1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گۈلىستان

(ئەدبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى)

1

مىللەتلەر نەشرىياتى

# كىتاپخانىلارغا

ئۇيغۇر پروزىچىلىغىنى يۈكسەلدۈرۈش نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىيا-تىدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى. بىز مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ھېكايە-پوۋېست-لىرىنى، سوۋېت ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئەيىنەك قىلىش قىممىتى بولغان ھېكايە-پوۋېستلىرىنى كەڭ كىتاپخان ۋە ئاپتورلارغا تونۇشتۇرۇپ، پروزىچىلىغىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ھەم پروزىچىلىق ئىجادىيىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتىرىشكە ياردەم بېرىش مەقسىدىدە «گۈلىستان» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزۈپ چىقتۇق.

پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش فاڭجېنىنىڭ يېتەك-چىلىگىدە، «گۈلىستان»نىڭ سوتسىيالىستىك ماددى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش قۇرۇلۇشىدا ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسەتكە تولۇق يېتىشى ئۈچۈن، كەڭ كىتاپخانلىرىمىزنىڭ قىزغىن ياردەم بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

— تۈزگۈچىدىن —

1984-يىل 3-ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن

بىر چوكۇن سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنامە
........................ شۈي شىجيې ( 1 )
يېقىملىق باھار كەچلىكى ........................ۋۇ جىنلياڭ ( 6 )
ۋىدالىشىش........................ سۈي يەنجۈن ( 11 )
يۇرت مۇھەببىتى........................ ۋاڭ جيانەن ( 16 )
دۇنيا ئۇلارنىڭ كوز ئالدىدا نامايەن بولدى...........لو لەيپۇڭ ( 32 )
ماۋزۇسىز سوھبەت ........................ شا يېشىن ( 83 )
چىڭقى چۈش ۋاقتىدىكى جىمجىتلىق.............. جاشى داۋا ( 98 )
روھىي ھال تەسۋىرى ۋە ئاڭ ئېقىمى.............. جاڭ دىيلىن (110)
قوشۇمچە:
ئاننانىڭ ئولۇمى ..................ل. تولستوي (142)
دېڭىز ساھىلىدىكى قىز ...............ج. ك. ئوتس (175)

## سوۋېت ئەدىبىياتىدىن

ئالولى..........................گ. گۇلىيا(213)
رېچكوپتا يۇز بەرگەن ۋەقە....................گ. گۇلىيا(228)
بىر دانە ئاتكرىتكا [فېلىيېتون]..................ي. ساداۋنىكاس(241)
توي ۋاقتىدىكى كۇتۇلمىگەن سوغا [فېلىيېتون].......ئو. خانىيېۋ(248)
مانكا..................................يۇ. كازاكوۋ(255)
نىكا توختىمى.........................نورا ئادامىيان(284)

www.uyghurkitap.com

# بىر چوگۈن سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنامە

## شۈي شىجيې



— ۋەي، تيەن جىنۋېيما؟ خوجىلىق بولۇمگە بىر كېلىپ كەتكەن بولسىڭىز، سىلەرنىڭ ئىلتىماسنامەڭلار تەستىقلاندى.

شياۋۋېي ھەيران بولدى:

— نىمە، نىمە ئىلتىماسنامە ئۇ؟

— ھىلىقى، ھىلىقىچۇ، ھىلىقى... — تېلېفوندا قەغەزلەرنىڭ شىربىقلىغان ئاۋازى، ئاندىن كېيىن خوجىلىق بولۇمنىڭ ۋۇ پەمىلىلىك باشلىغىنىڭ

ئىلتىماسنامىسىنى بىر-بىرلەپ ئوقۇغان ئاۋازى ئاڭلاندى، — بىر چوكۇن سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنامە.

— بەللى، ياشاپ كېتىڭ! ئەمدى تەستىقلىنىپتۇ-دە ئۇ! بولتۇر قىشتا ئىشخانىغا مەش قويغاچقا ئۆينىڭ هاۋاسى بەك قۇرغاق بولۇپ كەتكەن. سۇ قاينىتىپ نەملىكنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر چوكۇن كېرەك بولۇپ قالغانتى، ئەمدى بولسا، — شياۋۋېي بېشىنى بۇراپ توختىماي ئايلىنىپ تۇرغان ئېلېكتىرلىك يەلپۈگۈچكە قاراپ قويۇپ ئىختىيارسىز سوغ كۈلدى، — هىم، قالتىس، بىر چوكۇن سېتىۋېلىش توغرىسىدا يېزىلغان ئىلتىماسنامە يېرىم يىلدا تەستىقلىنىپتۇ! مىنىستىرلىككە تەستىقلاپ بېرىشكە يوللانغانغۇ دەيمەن، هە، باشلىق؟

ئاددىيغىنا بىر چوكۇن سېتىۋېلىش ئىلتىماسنامىسىنىڭ بۇنچىۋالا ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈشىنى شياۋۋېي زادىلا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ خوجىلىق بولۇمگە بىرىنچى قېتىم بولتۇر ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلتىماس قىلغان. ئۇ چاغدا جېك پەملىلىك بىر كېچاك ئاقلەي-كوكلەي دەپ ئولتۇرماستىنلا ماقۇل دىگەن ئىدى. لېكىن يېرىم ئاي ئوتۇپمۇ چوكۇن تۇرماق چوكۇننىڭ سايىسىمۇ كورۇنمىگەندىن كېيىن يەنە خوجىلىق بولۇمگە بارغان. ئۇ چاغدا ھىلىقى جېك پەملىلىك كېچاك يوق ئىكەن، ۋاڭ پەملىلىك ئىككىنچى بىر كېچاك قولىدىكى «سەككىز سائەتنىڭ تاشايىنىدا»نى يېپىپ قويۇپ، تاماكىسىنى بىر شوراپ، ئەمەلدارلىق كېبىرى بىلەن گەپ قىلدى:

— تيەن جىنۋېي، بىر چوكۇن قارىماققا ھېچقانچە ئىش ئەمەستەك تۇرغىنى بىلەن، باشقا بولۇمدىكىلەر بىلىپ قېلىپ بىزگىمۇ كېرەك، دەپ تۇرىۋالسا، ئىش چاتاق بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

شياۋۋېي تاقەتسىزلىنىپ كەتتى:

ــ ئۇلارغا لازىمى بارمىدى! ئۇلار دىگەن ئىگىز بىنالاردەك پارلىق ئويلەردە ئىشلەيدۇ. مۇشۇنداق ياغاچ ئويدە مەش قويۇپ ئولتۇرىدىغانلاردىن پەقەت بىزلا بارغۇ!

ــ ئىككى گەپىنىڭ بىرى بولسىلا ئۇنداق "ئۇلار"، "بىز" دەپ ئولتۇرمايدىغان، ئىتتىپاقلىقتا دىققەت قىلىش لازىم-دە!

شياۋۋېينىڭ ئاچچىغى كېلىپ كەتتى! ئۇ ئىلاجسىز ئاخىر خوجىلىق بولۇمىنىڭ بىرىنچى باشلىغى ۋۇ كېجاڭنىڭ يېنىغا باردى، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ:

ــ ھىلىقى، ھىلىقىچۇ، ھە، ئاۋۇ ئىككىيلەننىڭ پىكرى بىردەك بولمىغاندىن كېيىن سىلەر بىر ئىلتىماسنامە يېزىپ كېلىڭلار، رەھبەرلىك مۇھاكىمە قىلىپ باقسۇن! ــ دىگەن جاۋاپنى ئاڭلىدى.

ئەمدى بۇ "مۇھاكىمە"گە بەش ئايدىن ئېشىپتۇ. بىراق ھەر نىمە دىگەن بىلەن، تەستىقلىنىپ كەلگىنى ياخشى بوپتۇ. بۇلتۇرقى قىش ئوتۇپ كەتكىنى بىلەن بۇ يىلقى قىش تېخى ئالدىمىزدا-دە! يەنە بىرەر چېچەك چىقىپ قالمىسۇن ئۇچۇن، شياۋۋېي ئىتتىك خوجىلىق بولۇمگە بېرىپ، نەرسە-كېرەك ئالىدىغان ئۇچ نۇسخىلىق تالوننى تولدۇردى.

ۋۇ كېجاڭ چاي ئىستاكاننى ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تۇتۇپ تۇرۇپ، تولا تەستىق سىلىنىپ ئالا-چىپار بولۇپ كەتكەن ئىلتىماسنامىگە دىققەت بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ شياۋۋېينىڭ كىرگەنلىگىنى كورۇپ، شالاڭلاپ كەتكەن كۇمۇچتەك چېچىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويۇپ، قىزىرىپ كەتكەن كوزىنى كوزەينىگىنىڭ ئۇستىدىن شياۋۋېيغا تىكىپ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا مۇنداق دىدى:

ــ چاتاق! جاۋ جۇيجاڭ كونكىرت پىكرىنى دىمەپتۇ ئەمەسمۇ.

ــ ۋوي، نىمە؟ بىر چوگۇن سىتۇپلىشنىمۇ جاۋ جۇيجاڭغا تەستىق-لاتقان بارمۇ!؟ــ شياۋۋېي ئوز قۇلىغىغا ئىشەنمەي قالدى. ئۇ ۋۇ كىجاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ ھىلىقى ئىلتىماسنامىگە قارىدى، ــ ئوھۇ، راست جاۋ جۇيجاڭ تەستىقلاپتۇ ئەمەسمۇ! مانا، مانا مەيەرگە جاۋجۇيجاڭ "قوشۇلىمەن" دەپ تەستىق ساپتىغۇ؟

ــ گەپ مانا شۇ "قوشۇلىمەن"دە، شۇڭا چاتاق دەۋاتىمەن-دە!

ــ نىمە ئۈچۈن؟

ۋۇ كىجاڭ بىر ئوتلام چاي ئىچىپ ئاغزىنى نەمدەپلىپ گىپىنى ئاستا داۋاملاشتۇردى:

ــ ھىلىقى، ھىلىقچۇ، ھە، مەيەرگە جىڭ كىجاڭ "سىتۇپلىشقا قوشۇلىمەن" دەپ پىكىر يېزىپتۇ؛ ۋاڭ كىجاڭ "سىتۇپلىشقا قوشۇلماي-مەن" دەپ تەستىق ساپتۇ؛ لى جۇرېن بىلەن جۇ جۇرېن بۇ ئىلتىماسنامىنى كورگەنلىگىنى بىلدۇرۇپ دۇگىلەك سىزىپلا قويۇپتۇ؛ سۈن فۇجۇيجاڭ "ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كوڭۈل بولۇشكە دىققەت قىلىش كىرەك، سىتۇپلىش كىرەك" دەپ تەستىق ساپتۇ، چيەن فۇجۇيجاڭ بولسا "بىر چوگۇن سىتۇپلىشقىمۇ شۇنچە ئالاقە سايامىتى قىلغان بارمۇ، نىمدىگەن بىمەنىلىك بۇ! ئاپاراتلار ئىخچاملاشتۇرۇل-مىسا، ئىستىلىمىز تەرتىپكە سېلىنمىسا، ئىشلىرىمىز قانداقمۇ ئىلگىرى باسسۇن! مۇشۇنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ كادىرلار ئوتتۇرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىمەن" دەپ پىكىر يېزىپتۇ. ھىلىقى، ھىلىقچۇ، جاۋ جۇيجاڭ "قوشۇلىمەن" دىگەندە زادى قايسى پىكىرگە قوشۇلدىكىن؟

ــ بۇ...

www.uyghurkitap.com

«بىيجىڭ كەچلىك گېزىتى» 1982 ـ يىللىق «بىر مىنۇتلۇق ھېكايىلەر»نى باھالىغاندا، بۇ ھېكايە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئاپتورى شۈي شىجيې ئەر، 41 ياش، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت» ژورنىلىنىڭ تەھرىرى.

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرمۇھەممەت دولەتى.
تەرجىمىسىنىڭ تەھرىرى: ئابدۇللا ئابلىز.

ئەگەر سىز سەنئەتتىن بەھرە ئېلىشنى خالايدىكەنسىز، سەنئەت جەھەتتە تەربىيە كۆرگەن بولۇشىڭىز شەرت.

ئېنگېلس

# يېقىملىق باھار كەچلىگى

**ۋۇ جىنلياڭ**



”ئەمدى بىرەر ئادەم ئۇچرىسا چوقۇم چاقىرىمەن.“ چېن جىڭ خىيال قىلىۋېتىپ غۇۋا يورۇپ تۇرغان كوچا چىراقلىرىغا قارىدى. بەك كەچ كىرىپ كەتكەن، ھەممە يەرنى قاپ-قارا ۋە غەلىتە كولەڭگە قاپلىغان ئىدى. — ئۇھ! نەس باسقان ۋەلسىپىت! — ئۇ ئامالسىز يەنە بىر قېتىم ئۇھ تارتتى.

ئارقا تەرەپتىن ۋەلسىپىت قوڭغۇرىغىنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى كېلىۋىدى، چېن جىڭ ”ھەي“ دېيىشكە ئارانلا ئۈلگۈردى،

www.uyghurkitap.com

ۋەلسىپىتلىق يىگىت ئۇنىڭ يېنىدىن "غۇي" قىلىپلا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى.

ئوھو! ۋەلسىپىتلىق يىگىت قايتىپ كەلدى. لېكىن چېن جىڭنىڭ "شۇنچە كېچىدە، ئۇ..." دەپ كۆڭلى ئەنسىرەشكە باشلىدى.

— مېنى قىچقاردىڭىزمۇ؟ — يىگىت ۋەلسىپىتتىن چۈشتى.

— ھە، ياقەي. — چېن جىڭدا قورۇنۇش ۋە قوغدىنىش كەيپىياتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، شۇڭا گېپى قولاشماي قالدى.

— ۋەلسىپىتىڭىز بۇزۇلۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ — بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قىسماغىراق بىر جۈپ كۆز ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. چېن جىڭ ئۆزىنى سەل بېسىۋالدى:

— زەنجىر قاپقا ئىچىدە قىسىلىپ قېلىۋېدى. — ئۇ قىينالغان ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئازراق ئۈمىت ئۇچقۇنى ياندى.

— ھە، ئۇنداق بولسا مەنمۇ ياردەملىشەلمىگۈدەكمەن. سايمان بولمىسا قاپقىنى ئاچقىلى بولمايدۇ.

چېن جىڭنىڭ كۆڭلى يەنە غەش بولدى.

— ئۆيىڭىز يىراقمىدى؟

— مېنىڭ ئۆيۈمما؟ — چېن جىڭ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ۋەلسىپىتنى يېتىلەپ بىرنەچچە قەدەم ماڭدى.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، مۇشۇ كوچىنىڭ ئاغزىدا سول تەرەپتە ۋەلسىپىت ياسايدىغان بىر دۇكان بار، مۇشۇ تاپتىمۇ ئادەم بولۇشى مۇمكىن، بېرىپ بېقىڭ، — دېدى يىگىت ۋە ۋەلسىپىتىگە مىنىپ، چېن جىڭنىڭ يېنىدىن ئۇچقاندەك تېز كېتىپ قالدى.

ــ بۇنداق بىر نەملەرنى! ــ چېن جىڭ يېغلىۋېتىشكە تاس قالدى. سائەت 11 بولۇپ كەتكەن ئىدى، قانداق دۇكانــكەن ئۇ مۇشۇ كەچــگىچە ۋەلسىپىت رېــمونت قىلىدــغان؟ چېن جىڭ ئىچــدە ھىلــقى يىگىتنى قاغاپ كەتــتى. ــ ئالدامــچى! بۇگۈن ئاخــشام قارا بېــسىپ ئۇخلىيالماي قالغىدىڭ!

ئىشەنمەسلىك دېگەن بەرىبىر ئىشەنمەسلىك، بىراق چېن جىڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن ئوتەشىدە سول تەرەپكە كوز قىرىنى سالــماي تۇرالمىدى. دېگەندەك، يول بويىدىكى كىچىككىنە بىر ئويدە چىراق يورۇپ تۇراتتى. چېن جىڭ ئىككىلــىنىپ تۇرۇپ قالــدى. ھىلــقى ئويدىن يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن بىر قىز چىــقىپ كەلــدى، ئۇ چېن جىڭغا قاراپ:

ــ يولداش، كىلىڭ! ــ دەپ توۋلىدى.

"ئوھوي، راست رېمونتخانا ئىكەن!" ــ چېن جىڭ ئوز ئەتراپىنى بىراقــلا يورۇپ كەتكەنــدەك ھىس قىلىپ، ئۇمىتــسىزلىك، قورقۇش دېگەن نەملەر ئۇنىڭدىن كوتىرىلىپ كەتتى.

بۇ كوچىغا قارايدىغان بىر ئېغىز ئوي بولۇپ، ئىچكەركى ئويــنىڭ ئىشىگى يېپىغلىق ئىدى. تاشقارقى ئويدە بىر ئۇســتەل، بىر كارۋات ۋە بىرلا ۋەلسىپىت تۇراتتى. بىر يىگىت ئۇستەلنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ نىمدۇر بىر نەمىنى ئاختۇرماقتا.

ــ كىرىڭ، شۇغىــنىسى ئويىمىز كىچىكرەك، ــ دىدى يىگىت ئورــنىدىن تۇرۇپ، ئۇ قولىغا بىر ئاتۋىركا ئالغان ئىدى.

ــ ھوي، سىزكەنــسىزغۇ؟ ــ دىدى چېن جىڭ ھەيران بولۇپ.

ــ ھەئە، مەن، ــ دىدى يىگىت كۇلۇپ، ــ ئادەم بولۇشى مۇمكىن دىمىگەنمىدىم، سىزنى ئالدايتتىممۇ؟ ــ ئۇ قىسماق كوزىنى چىملىدىتىپ

ئۇيغۇر كىتاپ تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قويدى.

— ئاكام يەڭگەمنى كىچىلىك ئىسمىنىدا ئىشلەشكە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كېلىپ مېنى ئورنۇڭدىن تۇر دىسە ئورنۇڭدىن تۇر دەپ تۇرغۇزۇپ، مۇھىم ئىش چىقىپ قالدى، دىگەن ئىدى، ھە، مۇنداق ئىكەن ـ دە!... — چېن جىڭنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كەلگەن قىزنىڭ گېپى خۇددى پىلىموت ئېتىلغاندەك تېز چىقاتتى.

”يەنىلا بىرەر يەككە ۋەلسىپىت رېمونت قىلغۇچىنىڭ بولغىنى ياخشى ئىكەن جۇمۇ“ دەپ ئويلىدى چېن جىڭ ۋە مىننەتدارلىق بىلەن ھېلىقى قىزغا قاراپ كۈلۈپ قويدى:

— سىلەرنى تازا ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

— ھېچقىسى يوق، ئاكام سىزنى بۇ يەرگە كېلىشكە جۈرئەت قىلالماسىكىن دەپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ سىزنى كۈتۈۋېلىشنى تاپشۇرغان ئىدى، دىمىسىمۇ سىز بەك قورقۇنچاق ئىكەنسىز، مەن بولغان بولسام قورقمايتتىم. — بۇ گەپ بىلەن چېن جىڭ خېلى ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

ئۇستىغا تەس ئىش يوق، ۋەلسىپىتنى ئۇلار بىر دەمدىلا ئوڭلاپ قويۇشتى.

— قانچە پۇل؟ — چېن جىڭ بۇ يىگىتنىڭ جىقراق پۇل ئېلىشىنى چىن كوڭلىدىن خالايتتى.

— پۇل؟ — يىگىت تەئەججۇپلىنىپ تۇرۇپ قالدى ۋە دەرھال كۈلۈپ كەتتى، — بەش كوي بېرىڭ! — ئۇنىڭ مايلىشىپ كەتكەن قولى چېن جىڭنىڭ ئالدىغا سوزۇلدى.

”بەش كوي؟ بۇلاڭچىلىق!“ كوڭلىدە شۇنداق ئويلىدى چېن جىڭ، لېكىن ئىلاجسىز پورتمالىنى ئاختۇرۇپ پۇل چىقىرىشقا كىرىشتى.

ــ ئاكا، ــ ئىتتىك گەپ قىلىدىغان ھېلىقى قىز سوزۇپ تۇۋ-لىدى، ــ شۇنچىۋالا كەچ كىرىپ كەتكىنىگە قارىماي يەنە چاقچاق قىلىۋاتقىنىڭىنى! ــ ئۇ ئاكىسىنىڭ پۇل دەپ سوزۇلغان مايلىشىپ كەتكەن قولىغا "پاق" قىلىپ ئۇرۇپ قويۇپ بېشىنى بۇراپ چېىن جىڭغا گەپ قىلدى:

ــ يولداش، كوڭلىڭىزگە ئالماڭ، ئاكام ئاشۇنداق كىمنىلا كورسە كەلسە-كەلمەس چاقچاق قىلىدىغان ئادەم. بىز يا رېمونتخانا ئاچقان ئادەم بولمىساق، نەدىمۇ ئانچە-مۇنچە ياردەم قىلىپ قويغىنىغا پۇل ئالىدىغان ئىش بار؟ ــ قىز ئىزا تارتىپ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

ــ ماقۇل، ئەمىسە چاقچاق قىلمىدىم. ــ يىگىت قولىنى ئۇگىلاپ تۇرۇپ، ئاپپاق ۋە تەپ-تەكشى چىشىنى كورسىتىپ كۇلۇپ كەتتى.

يول بويى ئىللىق شامال چېن جىڭنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى يەلپۇپ، يۇزىگە ئۇرۇپ غىدىغلايتتى، ئەينى زاماندا بۇ ھال چېن جىڭغا ناھايىتى راھەت ئىدى. ئۇنىڭغا بۇگۇن كوچا چىراقلىرى كوز چاق-ناتقۇدەك قەۋەتلا يورۇق يېنىۋاتقاندەك، ھاۋادىمۇ ئاللىقانداق بىر خىل خۇشبۇي پۇراق باردەك سېزىلدى.

ئېھ، باھار كەچلىكى، ئادەمنى نىمانچە مەپتۇن قىلىدىغانسەن!

«بېيجىڭ كەچلىك گېزىتى» 1982 ـ يىللىق «بىر مىنۇتلۇق ھىكايە-لەر»نى باھالىغاندا بۇ ھىكايە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئاپتورى ۋۇ جىنلياڭ ئەر، 27 ياش، ئىشچى، بۇ ئاپتورنىڭ تۇنجى ئەسىرى.

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرمۇھەممەت دولەتى.
تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: ئابدۇللا ئابلىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ۋىدالىشىش

## سۇي يەنجۇن



"بىر كىشى ئەگەر ئۆزىگە تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقانلارنى ياكى ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتقانلارنى كورەلىسە، نە قەدەر سۆيۈنۈپ كېتەر ئىدى-ھە!" ۋېي شيەن ئايىدىڭ كەچتە ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ ئەنە شۇلارنى ئويلىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئون مىنۇت ئىلگىرىلا، تومۇر-يول بويىدا، ئۆز كەنتىدىكى چۆەن فۇنى يولۇقتۇرغان ھەم بىر ئېغىز گەپمۇ قىلغان ئىدى. ئۇ يىگىتنىڭ ھەيران بولغان ۋە قورقۇنچ باسقان ئەپتى ۋېي شيەننى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. چۆەن فۇ ئۇنىڭغا تىترەك ئۇلاشقان ھالدا:

— سىز ئۆلۈپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ تۇرقۇم ئۆيىڭىزدە تازا ھازا بولۇۋاتىدۇ! — دەپلا، جىن-ئالۋاستىنى كورۈپ قورقۇپ

كەتكەن ئادەمدىنمۇ بەكرەك قورققاندەك قىياپەتنى قالدۇرۇپ، ئۆزى شاق ـ شۇقلا پويىزغا چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ــ مەن تېخى ھايات تۇرسام، نىمىدىن قورقاتتىڭ؟ ــ ۋېي شيەن كارى بولماي ئۆز يولىنى داۋام قىلدۇرۇۋەردى.

ۋېي شيەن بۇنىڭدىن يېرىم ئاي ئىلگىرى يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ مال سېتىۋالغۇچىسى بىلەن بىرلىكتە كاماندىروپكىغا كەتكەن ئىدى. ئۇلار ناھايىتى يىراقتىكى بىر ياقا يۇرتتا كەلكۈنگە ئۇچراپ قالدى ۋە ھەر ئىككىسى قايىنامغا كىرىپ كېتىپ، تېپىشالماي قالغان ئىدى. مال سېتىۋالغۇچى سۇ ئۈزۈشنى بىلگەچكە، جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ۋە قايتىپ كېلىپ ۋېي شيەننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزگەن ئىدى. ۋاھالەنكى ۋېي شيەن ئۆلمىگەن، ئۇنى كېمىچىلەر قۇتقۇزۇۋالغان ئىدى.

ئۆيدە قانداق ئىشلار بولۇۋاتقاندۇ؟ خوتۇن ـ بالىلىرىمنىڭ ئەلەملىك يىغىسى پەلەككە يەتكەندۇ؟ ئېھتىمال، دوست ـ يارەنلەر، خىزمەتداشلار قايغۇ ئىچىدە تەزىيە بىلدۇرۇپ، داغ ـ دۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ماڭا ھازا ئاچقاندۇ. مۇراسىمغا كەلگۈچىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۆيگە ۋە ھويلىغا پاتماي كەتكەندۇ. خېلى ئازادەكەڭ ھويلىمىزغا گۈلچەمبىرەك توشۇپ كەتكەندۇ. ــ ۋېي شيەننىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭدا مەمنۇنلۇق پەيدا بولدى. گەرچە ئۇ خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى بولغان ۋاقتىدا سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئىناۋىتى بار ئىدى. ۋاھالەنكى بۈگۈنكى كۈندە ئۇ گۆگۈشپ كارخانىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ئالاقىلىشىش دائىرىسى بۇرۇنقىدىنمۇ كېڭىيىپ كەتكەن ئىدى، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن بەرىبىر خېلى ئېچىناتتى.

چۈەن فۇ بابا "ئۆيىمىزدە مۇشۇ تۇرقۇم هازا بولۇۋاتىدۇ" دېگىنىدە ئېهتىمال قوشۇپ ئېيتىشقا تېگىشلىك "قىزىق" دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاش مەتۇراق بالا. بىراق دادىسى بەك كاج ئادەم ئىدى. بىر يىلى ۋېي شيەن خەلق ئەسكەر-لىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى سېدىنى قومۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان ۋاقتىدا، بوۋاي جىسلە بولۇپ، بىلەكلىرىنى يالىڭاچلاپ سېدىنى قۇچاقلىۋېلىپ، ليەنجاڭنى باندىت دەپ تىللاپ كەتكەن. ئەنە شۇ چاغدا ۋېي شيەن بوۋاينى چەمبەرچەس قىلىپ باغلىتىپ، كەنتتە پىيەن ۋە كۈرەش قىلدۇرغان ئىدى. ۋېي شيەن بوۋلارنى ئويلىغىنىدا بىردىنلا يۈرىكىگە چوڭ بىر تاشنى ئېسىپ قويغاندەك هىس قىلدى، بۇ ئادەملەر ماڭا ئوچقۇ! مېنىڭ ئۆلۈم خەۋ-رىمنى ئاڭلىغان بولسا، خوشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىشكەندۇ، دەپ ئويلىدى.

كەنت جىمجىت ئىدى. يولىغا دەل-دەرەخ ۋە ئۆيلەرنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى، ئاي بەك يىراقلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىسىنىڭ بىر قانىتىنى ئىتتەردى، هويلىدىكى قىياپەتكە قاراپ ماتەم مۇراسىمى ئوتكۈزۈلۈپ بوپتۇ-دە، ۋاي ئىسىت، ئۈلگۈرەلمەپتىمەن ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىدى، بوسۇغىدا بىردەم تۇرۇپ، ئاندىن ئاستا ئىچكىرىلەپ ماڭدى، ئەنە شۇ چاغدىلا غوۋا يېنىپ تۇرغان بىر قارا چىراقنى كوردى، گۈلچەمبىرەكلەر ئىگاڭ-لاپ كويۇپ تۇرغان قارا چىراق ئالدىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچۈن ئاشۇ يەردە سۇكۇتتە تۇراتتى. بىردىنلا ئۇ ئوزىنى — شىرەگە قويۇپ قويۇلغان، قارا باغلىغان رامكىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوز سۈرى-تىنى كورۇپ قالدى، نەدىندۇر بىر سوغ شامال كېلىپ ئۇنىڭ

يۇزىگە تەككەندەك، تىترەك ئۇلاشتى. بۇ چاغدا نۇرغۇن ئىشلار — ھايات بىلەن مامات، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئۆتمۈش بىلەن ھازىر......كوز ئالدىدىن ئوتتۇپ، يۈزى — قان ئايلىنىپ تۇرغان، نېرۋا تومۇرلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن يۈزى لىپ - لىپ قىلىپ تارتىشقاندەك بولۇپ كەتتى، ئۇ قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى.

جەنۇپقا قارايدىغان ئويدىن پەس يىغا ئاۋازى كېلەتتى، بۇ ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى؛ غەرپكە قارايدىغان ئويدىن پەس ئاۋازدا نىمىنىدۇر تالاشقان ئاۋاز كېلەتتى، بۇ ئۇنىڭ 3 بالىسى ئىدى. جەنۇپقا قارايدىغان ئويگە جىقىنا ئاياللار يىغلىغاندەك ۋە ئارقا-ئارقىدىن تەسەللى بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى:

— سەۋرى قىلىڭ، مىڭ يىغلىغان بىلەنمۇ تىرىلىپ قالمايدۇ!

— شۇ ئەمەسمۇ، بالىلارنىڭ ھەممىسى چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇلار سىزگە قارىماي قوياتتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە مەھەللىدىكى جامائەت بار، قانداق ئىشىڭىز بولسا ماڭا خەۋەر قىلىڭ......

ئاياللارنىڭ ئاۋازىنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ناھايىتى تونۇشتەك، بەزىلىرى ناتونۇشتەك قىلاتتى. غەرپكە قارايدىغان ئويدە ئادەم تېخىمۇ جىقتەك، ھەممەيلەن تەڭ گەپ قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىردىنلا بىرەيلەن شىرەنى قاتتىق مۇشتلاپ، ئارقىدىنلا غەزەپ بىلەن توۋلاپ سوزلەپ كەتتى:

— گەپ بولدىمۇ، ئاپىمىزنى قانداق باقىمىز دەپ مەسلىھەتلىشىش ئورنىغا مىراس بولۇشۇش كويىدا بولۇشۇۋاتقىنىڭنى!

بۇ چۈەن فۇنىڭ دادىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى! بۇ ئاۋاز ھىلىقى چاغدا سېدىنى قۇچاقلىۋېلىپ تىللاپ كەتكەن چاغدىكى ئاۋازغا ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۇنى تىترىتىۋەتتى، قورقىتىۋەتتى، ئۇنىڭدا

ئۇيگە كىرگۈدەك مادار قالمىدى. ئۇزىنىڭ قارا باغلانغلىق سۈرىتى ئالدىدا تۇرۇپ، خۇددى ئۇتمۇشى بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك ئاستا غىنا يىغلاشقا باشلىدى...

«بېيجىڭ كەچلىك گېزىتى» 1982 ـ يىللىق «بىر مىنۇتلۇق ھىكايىلەر»نى باھالىغاندا بۇ ھىكايە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرمۇھەممەت دۆلەتى.
تەرجىمىسىنىڭ تەھرىرى: ئابدۇللا ئابلىز.

يېزىقچىلىق ئىشى ئومۇمى پۇرولېتارىيات ئىشىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى، پۈتكۈل ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پۈتكۈل ئاڭلىق ئاۋانگارت قوشۇنى ماڭدۇرۇۋاتقان غايەت زور سوتسىيال ـ دېموكراتىك ماشىنىنىڭ "چاقى ۋە ۋىنتىسى" بولۇشى كېرەك.

لېنىن

# يۇرت مۇھەببىتى

## (مانجۇ) ۋاڭ جيانەن



ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ. ياقا يۇرتتا قىرىق ئۈچ يىل سەرسان بولۇپ يۈرگەن ۋۇ بەيشىڭ ئاخىر يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.

چاڭبەيشەن رايونىغا قەدەم قويۇش بىلەنلا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا قويۇق يەرلىك ئاھاڭدا قىلىنغان سوزلەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئات ئۈستىدە سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىنى ياقىلاپ يۇقۇرىغا قاراپ كېتىۋېتىپ، گويا ئېسىدىكى يالغۇز ئاياق يول بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، بالىلىق دەۋرىگە قايتقاندەك بولدى.

ياق، ياقا يۇرتتا سەرسان بولۇپ يۈرگەن قىرىق ئۈچ يىل داۋامىدىمۇ ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىنى سېغىنمىغان ۋاقتى يوق. كورچىن

يايلىغىنىڭ ئەتىگەنلىك تۇمانى ئۇنىڭ يۇرتىدىكى ياپ-يېشىل تاغلارنىڭ كولەڭگىسىنى توسۇپ قالالمىدى، باھار كۈنلىرىدە سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىن بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇملارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، ئۇ تېخى قايتاي دەپ يولغا چىقمىدى، چۈنكى ئادەم دېگەن ئادەمدەك ياشىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئەنە شۇ مەقسەتتە چىقىپ كەتكەن ئىكەن، ئۆزىنىڭ مېڭىش ئالدىدا قىلغان قەسىمىگە ئەمەل قىلىشى لازىم ئىدى.

بۇنىڭدىن قىرىق ئۈچ يىل ئىلگىرى، ۋۇ بەيشىڭ ئەمدىلا يىگىرمىدىن ئاشقان، كۈچ-قۇۋۋەتكە تازا تولغان يىگىت ئىدى. ئۇنىڭدا مانجۇلاردا بولىدىغان خۇشخۇيلۇق، ئوچۇقلۇق بار ئىدى، چاكىبەيشەنلىكلەردە بولىدىغان تەبىي ياۋشلىقمۇ بار ئىدى. ئىسسىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ قولىغا سولىگۇن ① ئالغان، دۈمبىسىگە كاتىل ئارتقان ھالدا ئادەمگىيا كولاش ماھىرى شياۋ چاڭگۈي بىلەن بىللە تاغ ئىچىگە كىردى. ماجياگۇ جىلغىسىدا ئۇ ئوتقاشتەك قىپ-قىزىل بىر ئادەمگىيانى كورۇپ قالدى. ئادەمگىيا كولىغۇچى بىر ئادەمنىڭ ئۈچ كۈنگە يېتەر-يەتمەيلا ۋۇ پىنيې دەپ ئاتىلىدىغان ئۇزاق يىللىق يوغان بىر ئادەمگىيانى ئۇچرىتىشى قانچىلىك بەختلىك ئىش-ھە! ئەمما مۇشۇ قىپ-قىزىل ئادەمگىيانىڭ ۋۇ بەيشىڭنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر كورسەتكۈدەك زور كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى ھېچ كىشىنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىدى. مۇشۇلارنى ئويلاپ، ۋۇ بەيشىڭ ئىختىيارسىز بېشىنى چايقاپ قويىدى، چىرايىدا بىلىنەر-بىلىنمەس ئاچچىق كۈلكە پەيدا بولدى...

---

① سولىگۇن — (مانجۇچە) ئادەمگىيا كولايدىغان سايمان.

بۇمۇ ئىسسىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، قىرىق ئۈچ يىلدىن كېيىنكى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنىگە يىرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى تاغلار، ئېرىق-ئۆستەڭلەر ئۇنىڭغا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن خاتىرىلەرنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىغا قاراپ سەل كەم ئون چاقىرىم ماڭسا، ماجياگۇ جىلغىسىغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى پەملىدى. ۋۇ بەيشىڭ ئاتتىن چۈشۈپ، يول بويىدا سەل ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىغا مىنىپ، ماجيالىڭ دېگەن تۇپىلىككە چىقتى. تاغ يولىدا توختىتىپ قويۇلغان بىر تىراكتورنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بىرقانچە قىز-يىگىت بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. ۋۇ بەيشىڭ تىراكتورنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، بۇ ياشلارنىڭ چىرايىدىن ئەينى يىللاردىكى ئاغىنىلىرىنىڭ بەلگىسىنى تاپماقچى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇ ئاغىنىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بارمىدۇ دېگەن خىيال بىلەن ئېتىنى ئاستىلىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ چىقتى. لېكىن، ۋاقىت بەك ئۇزىراپ كەتكەن ئىدى، ئەينى يىللاردىكى ئاغىنىلىرىنىڭ قىياپىتى ئېنىق ئېسىدە قالمىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا قاراپ ئۇلارنى تونۇۋالغىلى بولسۇن؟ بىراق، شياۋ چاڭگۇيىنىڭ كۆلەڭگىسى نەچچە ئون يىلغىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈردى، بۇگۈنكى كۈندە بولسا ئۇنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئەينى يىللاردىكى شياۋ چاڭگۇي نېمە دېگەن ھاكاۋۇر ئىدى-ھە!

ھېلىقى ۋۇپېنيى دەپ ئاتىلىدىغان ئادەمگىيانى ئەسلىدە ۋۇ بەيشىڭ بىرىنچى بولۇپ كورگەن ئىدى. لېكىن ئۇ "ئەنە ئادەمگىيا" دەپ توۋلىغان چاغدا، سول تەرەپتە ئىزدەۋاتقان شياۋ چاڭگۇيمۇ

"ئادەمگىيا!" دەپ توۋلىدى، مانا مۇشۇ ئىش جىدەللىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى.

—نىمدىگەن يوغان ئادەمگىيا بۇ، بىر قاراپلا تېپىۋالدىم!— كىشىلەر ئولىشىپ كەلگەن چاغدا شىياۋ چاڭگۇي ئەنە شۇ گەپنى قىلدى.

—ئاكا، بۇ ئادەمگىيا ساڭا لازىم بولسا، ئېلىپ كېتىۋەرگىن، مەن بۇنىڭغا غىدىڭ-پىدىڭ قىلمايمەن، — دىدى ۋۇ بەيشىڭ. — لېكىن، ھەر ئىش دىگەن ئۆز يولىدا، گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، بۇ ئادەمگىيانى مەن تاپقان.

—بەللى، سەن تېخى مەن بىلەن بۇنى تالاشقىلى تۇردۇڭمۇ؟— دىدى شىياۋ چاڭگۇي سوغاق كۈلۈپ قويۇپ، — ئادەم دىگەن ئىنچىكىلىكمۇ بولالمايدىكەن، مەن ساڭا بىكارلا ياردەم قىلىپ يۈرۈپتىمەن. بۇمۇ ئۆزەمنىڭ ياردەم قىلىمەن دەپ تاپقان ئىشى، بۇرادەرلىرىمنىڭ ھەممىسى مەندىن يىراقلاشتى. ۋۇ بەيشىڭ، سەندەك نېمىنى ئۇچلاپ يىيەلمەيدىغان بىر ئادەم مەن بولمايدىغان بولسام مۇشۇ ھالغا يېتەلەيتتىڭمۇ؟

ۋۇ بەيشىڭمۇ ئۆزى ياش، مىجەزى چۇس بولغاچقا، ئۆزىنى بېسىپ تۇرالمىدى-دە، مۇنداق دىدى:

—ئاكا، سەن مېنى تاققا ئېلىپ كىرگەن بولساڭ، مەن بۇنىڭدىن مىننەتدار؛ ئەگەر سەن مېنى ئۆزەڭگە يۈك ھىساپلىساڭ، بۇنىڭدىن كېيىن تاققا ئۆزەم يالغۇز كىرىپ، ئورمانلىقلاردا ئۆزەم جېنىمنى جان ئەتسەم بولىدى. ئوبدان يىيەلمىسەم، ئۇماچ ئىچەرمەن، ھەر ھالدا ئۆلۈپقۇ قالماسمەن...

—ۋۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان! ئۆزەڭ يالغۇز تاققا كىرەمسەن؟

تاقفا چىقىپ ئادەمگىيا كولاش ھۈنىرىنى ساڭا مەن ئۆگەتمىگەنمىدىم؟
شياۋ چاڭگۈيىنىڭ دېگىنى راست بولغاچقا، ۋۇ بەيشىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا تەن بېرىپ، دەرھال گەپ ياندۇرمىدى. لېكىن شياۋ چاڭگۈي شۇنىڭ بىلەن بولىدى قىلمای، ئالدىغا يەنە بىر قەدەم دىۋەيلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:
— ئەگەر سېنىڭ جىگىرىڭ بولسا، مەندىن ئۆگەنگەن ئادەمگىيا كولاش ھۈنىرىنى تاشلاپ كەت!
— بولىدۇ! — دېدى ۋۇ بەيشىڭ مەيدىسىگە ئۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئادەمگىيا كولايدىغان بولسام ئادەم بالىسى بولماي كېتەي. جاھاننىڭ ئىتتىكى كەڭرى، چاڭبەيشەندىن كەتسەممۇ ئۆلۈپ قالمايـ مەن. ھازىرلا كېتىمەن بۇ يەردىن!
ئادەمگىيا كولاشقا بىللە كەلگەن بۇرادەرلەردىن ئەن يۈيتەي ئۇنى توسۇپ:
— بولىدى، بولىدى، ئاكا-ئۇكىدەك بولۇپ قالغانلار مۇنداق يېنىكلىك قىلماڭلار، — دېدى.
— ياق، — دېدى ۋۇ بەيشىڭ ئەن يۈيتەيگە قاراپ، — چوپ-چوڭ ئەر كىشى تۇرۇپ، بۇ يەردىن كەتسەم جېنىمنى جان ئېتەلمەي قالارمەنمۇ!
— گەپنى ئۇنداق كېسىۋەتمە، — دېدى ئەن يۈيتەيىنى بىر ياققا ئىتتىرىۋېتىپ ۋۇ بەيشىڭنىڭ ئالدىغا كەلگەن شياۋ چاڭگۈي كوزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ، — كېتىدىغان بولساڭ، مەن سېنى توسمايمەن. ئەگەر كۈنۈڭنى كۈن ئېتەلمەي يەنە قايتىپ كەلسەڭ، مەن سېنى يەنىلا قېشىمدا ئېلىپ قالىمەن.
— مەن كۈنۈمنى كۈن ئېتەلمەي قالسام چاڭبەيشەنگە يولىمايمەن.

—بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، ئەگەر راستلا ياخشى كۈنگە ئۇلىشالىساق، بۇنىڭغا مەنمۇ خوشال بولىمەن. سېنىڭ ئارغىماققا مىنىپ يۇرتقا قايتىپ كەلگىنىڭنى كۆرسەم، مەن ئالدىڭدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ساڭا بالا كېلىشتۈرۈپ ئۈچ قېتىم باش ئۇرىمەن ۋە سېنى ئۈچ قېتىم "ئاكا" دەيمەن!

—خۇدا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، سەن شياۋ چاڭگۈي لەۋزىڭدىن يېنىۋالمايسەن جۇمۇ ئەمىسە!

—يىگىت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن!

—ياخشى گەپ!—دېدى ۋۇ بەيشىڭ قولىدىكى سۆلگۈنىنى بىرلا دەسسەپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپ ۋە كاتىلنى يۇدۇۋېتىپ،—تاغلىق بۇرادەرلەر، ھەممىڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مەن ئۇنى ماڭا ئۈچ قېتىم باش ئۇرغۇزماي قويمايمەن!

ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن يول ئېچىپ، ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىماي، شۇ كۈنى تاغدىن يېنىپ چۈشتى ۋە شىڭلۇڭ كەنتىگە كېلىپ كىچىلەپ كىچىككىنە بىر شىڭلىنى تېگىپ، تاڭ يورۇش بىلەنلا چىقىپ كەتتى.

ئۇ يېزىنىڭ چېتىدىكى قوناقلىقنىڭ يېنىغا كەلگەندە، قوناقلىقتىن بىرسى چىقىپ كاپ قىلىپلا ئۇنى تۇتتى-دە:

—ۋۇ بەيشىڭ، سىزنى بۇ يەردىن كەتمەكچى دېيىشىدۇغۇ؟—دېدى.

بۇ ئۇۋچى جۇ شۇنىڭ قىزى جۇ لىڭجىز بولۇپ، ۋۇ بەيشىڭنىڭ ئۇنىڭ بىلەن خۇپىيانە يېقىنلىشىپ يۈرگىنىگە ئۈچ يىل بولغان ئىدى. جۇ شۇن ئەھۋالنى سەزگەندەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى توسمىدى، پۇتىلا دېگەن بولسا كېرەك. ۋۇ بەيشىڭ بىرەر ئەلچى ئوتتۇرىدا

ماڭمىدىغانلا بولسا ئۆزىنىڭ جۇلىگجىڭ بىلەن تويى قىلىشى ئانچە چوڭ توسالغۇغا ئۇچرىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. جۇلىگجىڭنىڭ بۈگۈن بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇشتىن مەقسىدى ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىشمۇ ياكى ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرۇشمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. ۋۇ بەيشىڭ دېدى:

—باشقا يۇرتلارغا بېرىپ كۈن ئالماقچىمەن!

جۇلىگجىڭ ئۇنى قوناقلىققا تارتىپ كىرىپ، ئۇنىڭدىن رەنجىدى:

—سىز مېنى تاشلاپ كەتمەكچىمۇ؟

—سىرتتا ئۆزەمنى سەل ئوڭشىۋېلىپ قايتىپ كېلىمەن.

—شۇنچىۋالا كەڭ چاڭبەيشەنىمۇ سىزنى سىغدۇرالماسمۇ؟ تاققا چىقىپ ئادەمسىگىيا كولىماي، دادام بىلەن ئوۋچىلىق قىلسىڭىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ رىسقىنى تېپىپ يەيسىزغۇ؟

—ياق، شياۋ چاڭگۇي مېنى ئادەم قاتارىدا كورمىدى. ئۇ مەن ئارغىماققا مىنىپ قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا، ئالدىمدا تىزلىنىپ تۇرۇپ ماڭا ئۈچ قېتىم باش ئۇرىدىغان ۋە مېنى ئۈچ قېتىم "ئاكا" دەيدىغان بولۇپ قەسەم ئىچتى. ئۇ چاغدا سىز ئۇنىڭ "ئاچىسى" بولغان بولىسىز. —ۋۇ بەيشىڭ بارغانسېرى قايناپ كەتتى، —ئۇنىڭ ماڭا ئۈچ قېتىم باش ئۇرۇشى ئۈچۈن بولسىمۇ مەن بۇ چاڭبەيشەندىن كېتىمەن!

بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئۇنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلغىنىغا توپ-توغرا قىرىق ئۈچ يىل بولدى. ئۇ بۇ يەردىن كەتكەن يىلىمۇ ئىسسىق ياز پەسلى ئىدى، شۇ چاغدىمۇ ماجيالىڭدىن ئۆتكەن ئىدى. لېكىن، بۈگۈنكى بۇ تاش ياتقۇزۇلغان چوڭ يول ئۇ چاغدا تېخى تارغىنا يالغۇز ئاياق يول ئىدى. شىڭلىسىنى يۇدۇگەن ۋۇ بەيشىڭ كوزى قىيمىغان هالدا چاڭبەيشەن بىلەن خوشلاشقان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

چاڭبېيشەندە تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئادەتلەنگەن بىر مانجۇ يىگىتىنىڭ كورچىن يايلىقىغا بېرىپ موڭغۇللار بىلەن بىللە ئات بېقىشى قىزىق بىر ئىش ئىدى. ئەمما چېتى ئاسمانغا تۇتاشقان يايلاق، ئاق بۇلۇتتەك قوي پادىلىرى ۋە ئەتكەن چاينىڭ مېزىلىك پۇراقلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تارتىپ كېتەلمىدى. ئۇ ئاق ئۆيگە ھەر بىر كىرگەندە، قېلىن سىلىنغان كىگىزنىڭ ئۈستىدە ياتقاندا، پۈتۈن تاغ-دالىنى قاپلىغان ماماكاپلارنى، قىپ-قىزىل ئادەمگىيا چېچەكلىرىنى، شاخلارنى ئېگىپ ساڭگىلاپ كەتكەن قارىغاي مەدەكلىرىنى ۋە سۈپ-سۈزۈك سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىنى ئۆز خىيالىدا بولسىمۇ دائىم كۆرۈپ تۇرمىغانمىدى؟ كۈندۈزى ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ موڭغۇل قىزىنىڭ پادىچى ناخشىسىنى ئاڭلىغاندا، ئۇ ھەمىشە جۇلىڭجۇ غىڭشىپ ئېيتىدىغان تاغ ناخشىلىرىنى ئەسلەيتتى. سۈت سېغىۋاتقان موڭغۇل ئاياللىنى كورگەندە، ئۇ ئىچىدە ئۆزىنىڭ يۇرتتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ۋاقىتلىرىنى ھساپلاپ كورەتتى. بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى، جۇلىڭجۇمۇ يىگىرمە نەچچىلەرگە كىرىپ قالدى، ھازىر ئۇ قانداق بولۇپ قالغاندۇ؟ بۇ چاغدا ۋۇ بەيشىڭ بىر ئارغىماققا مىنىپلا ئۇچقاندەك چاڭبېيشەنگە قايتسا قايتالايتتى. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، چۈنكى ئۇ تېخى ئۆزىنى تۈزۈكرەك ئۆگىنىۋالالمىغان ئىدى. سەككىزىنچى يىلىغا كەلگەندە ئۇ ئاز-تولا بايلىق توپلىدى، يىنىدىكى بىرەر يۈز سەر تەڭگىدىن باشقا، بىر تورۇق ئاتمۇ سېتىۋالدى. ئۇ كورچىن يايلىقىغا تارتىشىپ ئولتۇرمىدى، ئۇچىسىدىكى موڭغۇلچە پەرىجىنى ياپ-يېشىل يايلاققا تاشلىدى-دە، كەينىگە قاراپمۇ قويماي، يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ يولغا چىقتى، مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويىدىغان بولدى. ئۇ قېتىم ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ كېتىۋېتىپ، شىياۋ چاڭ-

گۇينىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ باش ئۇرۇشىنى ۋە "ئاكا" دەپ تووۋلىشىنى ئويلىدى. ياق، شىياۋ چاڭگۈي ئۆزىنىڭ دىگىنىنى قىلماي، ۋۇ بەيشىڭنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ ئوخشاشلا جېنىنى جان ئېتەلەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسىلا، ۋۇ بەيشىڭ ئۇچۇن شۇ يېتەرلىك ئىدى. ئادەم دىگەن ئادەمدەك ياشىشى كېرەك ـ تە!

شۇ يىلى ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تەسلىم بولۇشى، گومىنداڭ قوشۇن- لىرىنىڭ شەنخەيگۇەن سىرتىدىكى جايلارغا كۆپلەپ بېرىشى بىلەن، ھەممە يەردە باندىتلار قۇتراپ كېتىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇۋا- تاتتى. ۋۇ بەيشىڭ يايلاقتىن چىقىپلا "چارلىغۇچى قىسىم" دىكى باندىتلارغا ئۇچراپ قالدى، ئۇلار ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىنى ئېتىپ ئولتۇرۇۋەتتى، يېنىدىكى تەڭگىلەرنى تارتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ۋۇ بەيشىڭ يەنە ھېچنىمىسى يوق يالاڭتوش بولۇپ قالدى. ئۇ يۇرتىغا قايتىشقا جۇرئەت قىلالماي، سەككىز يىل ياشىغان كورچىن يايلىقىغا يەنە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى.

ۋۇ بەيشىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنى ھاياجانلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى، كورچىن يايلىقى ئازات بولدى. ئۇنىڭغا كىچىكرەك بىر يىلقا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. يىلقىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ كۆتىرىلىپ كەتتى، سەككىز ـ توققۇز يىللىق يىلقا بېقىش تەجرىبىسى بولغاچقا، تۇرمۇشى بىراقلا ياخشىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ موڭغۇل ئاغىنىلىرى "ۋۇ بەيشىڭنىڭ كۈنى ئەتىيازدا ئۈنۈپ چىققان ئوتقا ئوخشاش، كۈندىن ـ كۈنگە باشقىچە بولماقتا" دىيىشتى. شۇنداقتىمۇ كورچىن ۋۇ بەيشىڭنىڭ تۇرمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن گۈللىنىش ئۇنىڭ چاڭبەيشەنگە بولغان مۇھەببىتىنى سۇسلاشتۇرالمىدى، ئۇستىدە تۇخۇم توختىغۇدەك سەمرىپ كەتكەن ئاتلارغا قاراپ، ئۇ ئۆز يۇرتىنى

تېخىمۇ سېغىنىپ كەتتى.

— ئاتلارنى سېتىۋېتىپ، يۇرتۇمغا قايتىشىم كېرەك، — دېدى ئۇ ھىلىقى موڭغۇل ئاغىنىلىرىگە، — ئون نەچچە يىل بولدى، يۇرتۇمنى سېغىنىپ كەتتىم!

شۇنداق، ئۇ پۇلغا، ئاتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، يۇرتىغا قايتىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئالتۇندەك كۆز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ ئون ئۈچ ئاتنى ھەيدەپ، كورچىن يايلىقىدىن ئولكە مەركىزى — چاڭچۈن شەھىرىگە كەلدى. ئات بازىرىدا ئۇشتۇمتۇتلا ئۆزىنىڭ يېقىن بىر يۇرتلۇقىغا ئۇچراپ قالدى، بۇ ئەينى يىللاردا ۋۇ بەيشىڭ بىلەن بىللە ئادەمگىيا كولىغان ئەن يۈيتەي ئىدى. ئات بازىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە تەنزىكەش ئوقەتچىلەر بار بولۇپ، ئىسسىق دۇفۇ قېتىقى، قويماق ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ساتاتتى...، ۋۇ بەيشىڭ ئەن يۈيتەينى سورەپ بىر لەڭپۇڭچىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، بۇ ئۆز يۇرتىنىڭ لەڭپۇڭى بولغاچقا، ئىككىيلەن لازا بىلەن سامساقنى كۆپرەك سالدۇرۇپ، لەڭپۇڭ يىگەچ پاراڭغا چۈشتى.

— ۋۇ بەيشىڭ ئاكا، كۆڭۈلنىڭ خېلى يامان ئەمەستەك قىلىدۇ.

— يامان دېگىلى بولمايدۇ، ئاتلارنى ساتسامال يۇرتقا قايتىمەن.

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى، بىزنىڭ ئۇ تەرەپلەرمۇ ياخشى بولۇپ كەتتى، ھازىر ھەممىمىز كوپېراتىپقا كىردۇق، ھەممە ئويدە ئاشلىق دېگەن ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدىغان بولدى!

ۋۇ بەيشىڭ جۇلىڭجېنىڭ خەۋىرىنى ئۇقماقچى بولۇپ، ئاغزىنى ئومەللىگەن بولسىمۇ گېپىنى دېيەلمەي، بىر ھازادىن كېيىن بىر ئېغىز گەپنى ئاران قىلالىدى:

— جۇ شۇن، يەنى ھىلقى جۇلڭجۇنىڭ دادىسى قانداقراق تۇردى؟
— خىلىلا تېمەن تېخى، تاقىقا چىقالمىسىمۇ ھويلا - ئارامنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ.
ئەن يۇيتەي ۋۇ بەيشىڭنىڭ كوڭلىدىكىنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇ جۇلڭجۇنى تىلغا ئالمىدى.
— شياۋ چاڭگۇيچۇ؟ ئۇ قانداقراق؟
— ئۇنىڭ كۈنى تېخىمۇ ياخشى. ئۇ ئادەمگىيا كولىماي، كوپىرا - تىپتا قوشۇمچە كەسىپ ئەترىدىكىلەرنى باشلاپ، ئارقىدىكى تاغدا ئادەمگىيا ئۆستۈرۈلىدىغان بىر پارچە يەرنى باشقۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بەكمۇ ئىشچان، بۇ يىل كۈز كىرىش بىلەنلا ئۆي سېلىشقا جاي راسلاپ قويدى، كەنتنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىگە بەش ئېغىز كاھىشلىق ئۆي سالماقچى. — ئەن يۇيتەي قاچىنى قويۇپ قويۇپ سورىدى: — ۋۇ بەيشىڭ ئاكا، سەن قاچان يولغا چىقىسەن؟
— ئەتە.
— ئەمىسە بىز بىللە ماڭايلى.
— ياق، — دىدى ۋۇ بەيشىڭ ئۇزىنىڭ ئاتلىرىغا قاراپ كېتىۋې - تىپ، — مەن كورچىن يايلىغىغا قايتىمەن.
شياۋ چاڭگۇينىڭ روناق تېپىپ قالغانلىغى توغرىسىدىكى خەۋەر بىردىنلا ۋۇ بەيشىڭنىڭ يۇرتىقا قايتىش پىلانىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۇنىڭ شياۋ چاڭگۇينىڭ ئالدىدا ئۇزىنىڭ يېڭىلگەنلىگىگە تەن بەرگۇسى كەلمىدى. "ئادەمدەك ياشاش كېرەك" دىگەن ئېتىقات ئۇنى يەنە كورچىن يايلىغىغا قايتۇرۇپ كەلدى.
ھايت - ھۇيت دىگىچە يەنە ئۇن نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ قېتىم بولسا ئۇ راستلا قايتىپ كەلدى. ئۇ، جەسىدىم ياقا يۇرتتا

www.uyghurkitap.com

قالمىسۇن دىدىمۇ ياكى ئۇزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئىزلىرىنى تاپماقچى بولدىمۇ؟ يۇرتىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي قالدىمۇ ياكى بۇنىڭـ دىن قىرىق ئۈچ يىل ئىلگىرىكى قەسەمىنى ئىشقا ئاشۇرماقچىمۇ؟ ئىش قىلىپ، ئۇ قايتىپ كەلدى. قىرىق ئۈچ يىل ياقا يۇرتتا ئۆتكۈزـ گەن مۇساپىرچىلىق تۇرمۇشىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە، ئۇ مېڭىش ئالدىدا يېنىغا بىرەر مىڭ كويدەك پۇل سېلىۋالغاندىن باشقا، ئاتايىـ تەن مۇشۇ موڭغۇل ئارغىمىغىنى سېتىۋالدى.

ئاتمىشتىن ھالقىغان بۇ ئادەم ئات بىلەن بىر ئايدىن ئارتۇقراق يول ماڭدى، ھەر نىمە بولسا يايلاقتا يىلقا بېقىپ ئۆتكەن قىرىق ئۈچ يىللىق تۇرمۇش ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى خېلى پىشۇرۇپ قويۇپتىكەن. خۇڭلىيۇ بازىرىغا كەلگەندە، ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى يېتىلەپ بازارغا كىرىپ كەلدى.

قىرىق ئۈچ يىل ئىچىدە ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. بازارنىڭ سىرتىدىكى ھىلىقى يۇلغۇنلۇق بولمىغىنىدا، ئۇ ئۆز يۇرتىنى تونۇۋالالمايتتى. بازارنىڭ رەستىلىرى كېڭەيتىلگەن، يولنىڭ ئىككى قاسنىغىدىكى ئىلگىرىكى كېسەك تاملىق ئۆيلەرنىڭ ئورنىغا قىزىل پىششىق خىش بىلەن سېلىنغان كاھىشلىق ئۆيلەر سېلىنغان، تاغلىق رايوندىكى بۇ بازارچاقتىمۇ بىرمۇنچە كىچىك بىنالار قەد كوتەرگەن. ئەينى يىللاردىكى يەرلىك مال دۇكىنى كورۇنمەيتتى، گۇزەرنىڭ ئاغزىغا ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش پۇنكىتى سېلىنغان، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى دوقمۇشتا دۇكاننىڭ بەلگىسى بولغان ئىككى پارچە قىپـقىزىل لاتا ساڭگىلاپ تۇراتتى، ئىشىكنىڭ ئۇستىگە "لىيۇ لىنچۈن ئاشخانىسى" دىگەن خەتلەر يېزىلغان بىر تاختا ئېسىقلىق ئىدى.

ۋۇ بەيشىڭ ئىتىنى دەرەخقە باغلاپ قويۇپ ئاشخانىغا كىردى، ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقانلار كوپ ئىدى، ئۇچىسىغا ئاق خالات، بېشىغا ئاق بوك كيىگەن تاڭجاڭ ۋۇ بەيشىڭغا قاراپ:

— كەلسلە، ئۇستىگە مەرھەممەت! — دىدى.

ۋۇ بەيشىڭ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى، ئوتتۇز ياشلاردىن ئاشقان بىر تاڭجاڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— مەرھەممەت، ئىچىدە بوش ئورۇن بار، — دىدى بىر ئىشىكنىڭ ملەڭزىسىنى قايرىۋېتىپ، — قېنى، كەلسلە، بۇ ھوجرىنىڭ دەرىزىسى كوچىغا قارايدۇ، ئوزى سالقىن ھەم يورۇق، يېقىنىغا قارىسا كوچا-رەستىلەر، يىراققا قارىسا دەريا كورۇنۇپ تۇرىدۇ، قېنى ئوزلىرى ھاراق، سەيلەرنىڭ قاندىغىنى بۇيرۇتىلىكىن!

ۋۇ بەيشىڭ بېشىنى سەل ئېگىپ ھوجرىغا كىردى، ھوجرىدا ئالدىغا ئىككى تەخسە زاكۇسكا قويغان بىر ئادەم ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى. ۋۇ بەيشىڭ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى، تاڭجاڭ بىر كىچىك تەخسە بىلەن بىر جۇپ چوكىنى ۋۇ بەيشىڭنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بىر تەخسە سوغاق سەي، بىر تەخسە ياغدا پىشۇرۇلغان چەيزە كەلتۇرۇڭ، — دىدى ۋۇ بەيشىڭ يېنىدىن ئون كويلۇق بىر تىزىنى چىقىرىپ شىرەگە قويۇپ، — ئاق ھاراقتىن ئىككى سەر، ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ يەرنىڭ ئوزىدە ئىشلەنگىنىدىن بولسۇن.

— خوپ، مانا ھازىر...

تاڭجاڭ بىر تەخسە سوغاق سەي بىلەن بىر چەينەكتە ھاراق ئېلىپ كېلىپ قويدى-دە، چىقىپ كەتتى. ۋۇ بەيشىڭ ھاراقتىن بىر سومۇ-رۇپ، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان بوۋايغا قاراپ قويدى. ۋۇ بەيشىڭنىڭ بوۋاي بىلەن ئاز-تولا پاراڭلىشىپ، يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ

باققۇسى كەلگەن ئىدى. لېكىن ئۇ ئاغزىنى ئۇمەللەپ بولۇپ، تۇرۇپلا قالدى. بەللى، كىم بۇ؟! ئۇزۇنچاقراق كەلگەن يۈز، شالاڭ قاشلار، بىر نەرسىگە قارىغاندا سەل-پەل يۇمۇلۇپ قالىدىغان كۆزلەر... ئەينى چاغلاردا ھاكاۋۇرلۇق يېغىپ تۇرىدىغان يۈزىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ يەنىلا شۇ شىياۋ چاڭگۈي ئەمەسمۇ؟

— ئاكا، سىز ما جياگۇنىڭ شىمالىدىكى شىڭلۇڭ كەنتىدىن بولامسىز؟ — دەپ سورىدى ۋۇ بەيشىڭ سىناپ باقماقچى بولۇپ.

— ھەئە، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىدىنىڭ ئادەمگىيالىرىنى ساتقىلى كېلىۋىدىم، سىز...

— سەن شىياۋ چاڭگۈي ئاكىغۇ دەيمەن؟ — مۇشۇ گەپ ئاغزىدىن چىقىش بىلەن تەڭ ۋۇ بەيشىڭ ئۆزىمۇ چوچۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ ئاۋازىنىڭ شۇنداق يۇمشاق ھەتتا شۇنداق يېقىملىق چىققىنىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

— سەن... سەن ۋۇ بەيشىڭما؟ — دىدى شىياۋ چاڭگۈي كۆزلىرىنى قىسىپ، ئۇنىڭ چاۋغايلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس مىدىرلاپ قويدى، — سەن قايتىپ كەلدىڭما؟

— قايتىپ كەلدىم.

— سەن ياش تۇرۇپسەن...

— نەدىكىنى؟ چاچلار ئاقىرىپ كەتتى.

— ماڭا قارىغىنا مانا، چىشلىرىم چۈشۈپ يېرىمى قالدى، پىشۇرۇلغان تەرخەمەكنىمۇ چاينىيالماس بولۇپ قالدىم، مانا ھازىر دۇفۇ بىلەن ھاراق ئىچىۋاتىمەن...

— ئوبدان پىشۇرۇلسا، چەيزىمۇ بولىدۇ.

— چەيزىما؟ ھە، ئۇمۇ بولىدۇ...

بىردىنلا ئاتنىڭ كىشنىگىنى ئاڭلاندى. بىرسى:
— ياخشى ئات ئىكەن! ئىسىل ئات ئىكەن! — دەپ توۋلىدى.
شياۋ چاڭگۈي بېشىنى دەرىزىدىن چىقىرىپ بىر پەس قاراپ تۇر-
غاندىن كېيىن سورىدى:
— سەن مىنىپ كەلگەن ئاتمۇ؟
ۋۇ بەيشىڭ شياۋ چاڭگۈينىڭ گېپىگە جاۋاپ بەرمەي، مۇنىداق
دېدى:
— ئاۋۇ بىر يىلى ئەن يۈيتەي چاڭچۈنگە ئات ئالغىلى بارغاندا،
مەن شۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن كورۇشكەن ئىدىم...
— ئۇ قايتىپ كېلىپ دەپ بەردى، تېخى ھەممىشە سېنى ئەسلەپ
يۈردى...
— جۇ شۈن بارمۇ؟ ئۇ قانداق تۇردى؟
— كىمنى دېدىڭ؟ ھىلىقى ئۇۋچى جۇ شۈننى دەمسەن؟ ئۇ تۇگەپ
كەتتى. چىن زىجۇڭنىڭ ئايىلىمۇ تۇگەپ كەتتى، ئۇپكە ئىششىغىنىڭ
دەردىنى ئۈچ-تۆت يىلدەك تارتىپ، بۇلتۇر تۇنجى قار ياققان
كۈنى جان ئۇزدى...
— كىم؟
— جۇ لىگجۇ، ھىلىقى جۇ شۈننىڭ قىزى جۇ لىگجۇچۇ...
ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى جىمىپ قالدى، سەينى بىر بىرىنىڭ ئالدىغا
ئىتتىرىشىپ، ئاندىن ھاراقتىن بىردىن سۇمۇردى. پاراڭ خېلى داۋام
قىلدى، ھەرقايسىسى ئۈچ-تۆت رۇمكىدىن ئىچىۋەتتى، باش ئۇرۇد-
دىغان، "ئاكا" دەيدىغان گەپلەرنى ھېچكىم ئاغزىغا ئالمىدى. بۇنى
ئۇلار ئۇنتۇپ قالدىمۇ؟ قىرىلاردا بولىدىغان كوكۇل ئۇلارنى ئۇزلىرىد-
نىڭ ئىلگىرىكى ئۇيناشقاندەك قىلىپ قويغان ئىشلىرىغا قىزىقمايدىغان

قىلىپ قويدىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئۇنداق جىڭغا ئولتۇرمايدىغان قىيىداشنىڭ ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغانلىغىنى، ئۇنىڭ ھاياتقا ئىلىپ كەلگەن زىيىنىنىڭ بولسا بەكمۇ ئېغىر بولغانلىغىنى تونۇپ يەتتىمۇ؟ ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىنى ئەيىپلەۋاتقاندۇ، يەنە بىرى پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ.

بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، ئۇلار يەنە سەينى بىر بىرىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىشتى. شىياۋ چاڭگۈي يەنە گەپ باشلىدى:

— جۇ لىڭجۇ بىرقانچە بالىسىنى قالدۇرۇپ كەتتى. چوڭ ئوغلى مۇشۇ ئاشخانىدا ئىشلەيدۇ، بايا سەن كوردۇڭغۇ دەيمەن؟ ساڭا مىلەڭزىنى قايرىپ بەرگەن تاڭجاڭ بالا شۇ...

— ئوتتۇزلاردىن ئاشقاندەك قىلامدۇ نىمە؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق - دە...

مۇشۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، مىلەڭزە ئىچىلىپ، ھىلىقى تاڭجاڭ ئوڭ قولىدا بىر تەخسە سەينى ئىلىپ توۋلىغان پېتى يەنە كىرىپ كەلدى:

— مانا، ياغدا پىشۇرۇلغان چەيزە كەلدى!

**ئاپتور ھەققىدە** بۇ ھىكايىنىڭ ئاپتورى 19 ياشلىق ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش. ئۇنىڭ «ئورمان قىزى» ناملىق پوۋېستى نەشر قىلىنغان.

(«خەلق ئەدىبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 1 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەرجىمە قىلغۇچى: خوجائابدۇللا ئوسمان.
تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: ئابدۇللا ئابلىز.

# دۇنيا ئۇلارنىڭ كوز ئالدىدا نامايەن بولدى

ئاساسي قۇرۇلۇش قىسمىدىن

**لو لەييۇڭ**



**1**

دابەن ـ شېنخۇ تېز سۇرئەتلىك تاشيولىدا ماشىنىلار سۇدەك ئاقماقـ
تا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

جۇڭگو ”گۇللنش“ پولات ـ تومۇر باش شركتى 005 قسىمى زاۋۇت سېلىش قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ ئۇسكۇنە تەكشۇرگۇچى ۋەكىلى گۇك يېچۇن دەرىزىدىن سىرتقا تىكىلىپ جىم تۇراتتى. ئۇنىڭ كوزىگە كورۇنگەن ماددى دۇنيا شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر قىلمىغان ئىدى، ئۇنىڭ كوزىگە گويا بىپايان چول كورۇنگەندەك ئىدى.

تۇنۇگۇن زىياپەتتە سەزگەن پىشكەللىك ئالامىتىنىڭ رىياللىق بولۇپ قېلىشى. يەنە كېلىپ ھېچبىر ئويلاپ باقمىغان يەردىن پارتلاپ چىقىشى، شۇنچىلىك تۇيۇقسىز، رەھىمسىز بولۇشى، سوزلىشىشكە ھېچقانداق ئىمكانىيەتنىڭ قالماسلىقى ئۇنىڭ خىيالىغا زادىلا كىرمىگەن ئىدى؛ كۇلكە يېغىپ تۇرغان چىرايلار، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قىلىنغان سوزلەر، ھەش ـ پەش دېگىچە يوقىغان، مېھمانلار بىلەن ساھىپخانلار دوستلۇقىنىڭ كۇچىيىشى ئۇچۇن دەپ سوقۇشتۇرغان رۇمكىلارنىڭ جىرىڭلاشلىرى ئوتكەن ئەسىردە بولۇپ ئوتكەن ئىشتەك بولۇپ قالغان ئىدى. بىردەمدىلا يۇز ئورۇگىنى نىمىسى؟ تۇنۇگۇن ئۇلار قايتا كورۇشكەن قەدىناسلاردەك كورۇنگەن ئىدىغۇ. بۇنىڭدىن بىر سائەت ئىلگىرى جىڭشاڭ سىلاڭ قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتكەنىغۇ، ئەمما ھايت ـ ھۇيت دېگۇچە بولغان ئارلىقتا دۇشمەندەك بولۇپ كەتكىنى قانداق ئىش. بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران! ھېلىقى تەلەپنى قوبۇغانلىغى ئۇچۇنمۇ؟ ھېلىقى تەلەپ راست نامۇۋاپىقمۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ تەلەپ قويۇش ھوقۇقى يوقمۇ؟

شوپۇر خېڭخې ماشىنىسىنى بۇرۇنقىدەكلا سالماقلىق ھەيدەپ، ئادەتتىكى سۇرئەت بىلەن چاپماقتا. ئۇ ”سەمسىيەت“ پولات شركىتى B زاۋۇدىنىڭ خادىمى بولۇپ، B زاۋۇدىنىڭ ئۇسكۇنىلىرىنى

تەكشۈرۈش مەزگىلىدە، گۈڭ يېچۈن بىلەن جۇ شۆەننى ئىشقا بار-غاندا ۋە ئىشتىن چۈشكەندە ئاپىرىپ-ئەكېلىش ئىشىنى قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۈگۈن، ئىككى مېھمان ماشىنىغا چىققاندا، شوپۇر ئادەت بويىچە سالاملاشتى، جۈڭگولۇق ئەپەندىلەرنىڭ كەيپىنىڭ خۇش ئەمەسلىكىنى كورگەندىن كېيىن جىمىپ قالدى.

گۈڭ يېچۈننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تەكشۈرگۈچى ۋەكىل جۇ شۆەن شۇ ئەسنادا قولىنى كوتىرىپ بىلىگىدىكى سائىتىگە قارىدى: "10 دىن 20 مىنۇت ئوتۇپتۇ، سۇچۆەندىن ئوتۇپ كەتتۇق، قائىدىلىك دولەت دىگەن مۇشۇ-دە!"

ياپونلارنىڭ ئىش ئۇنۇمىگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى، ۋاقىتقا رىايە قىلىدىغانلىقى، ھەممە جايدا قائىدىگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى بۇ ئارال دولەتكە قەدەم باسقاندىن بۇيان گۈڭ يېچۈندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. خېڭخې ھەر كۈنى ئۇلارنى ئاپىرىپ قوياتتى ۋە ئەكېلەتتى، دابەن-شىنخۇ يولىدا ماشىنىلار دولقۇنلاردەك كەينى-كەينىدىن كېلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ماشىنىسى ھەر قېتىم خۇددى پويىزدەك دەل ۋاقتىدا كېلەتتى. بۇرۇن گۈڭ يېچۈن بەزىدە جۇ شۆەننىڭ ماختاشلىرىغا جۇر بولۇشۇپ بېرەتتى، ئەمما بۈگۈن خىزمەتدىشىنىڭ سوزىگە دىققىتىنى بولمەي، ئوي-خىيالدىن ئوزىنى يىغىپ يىراقلارغا، يېشىللىققا پۈركەنگەن ليۇجيا تاغ تىزمىلىرىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

ليۇجيا تېغىنىڭ ئۇدۇلىدىكى دېڭىز بوغۇزىدىن سوزۇپ-سوزۇپ چېلىنغان گۈدۈك ئاۋازى كەلدى. بۇ ياپونىيە بويىچە بىرىنچى چوڭ دېڭىز پورتى — شىنخۇ پورتى ئىدى. مانا مۇشۇ دېڭىز بوغۇزىدا ياپونلار جاھاننىڭ نەزىرى تىكىلگەن موجىزە ياراتقان: ليۇجيا تېغىدىن

80 مىليون كۇپ تاش-توپىنى لەيخۇ دېڭىزىغا توكۇپ تىندۇرۇپ، دۇنيادا تۇنجى بولغان چوڭ سۇنئىي ئارالنى بارلىققا كەلتۈرگەن، مانا بۇ ياپونلار ھەممىشە ئېپتىخار بىلەن تىلغا ئالىدىغان پورت ئارىلى ئىدى. بۇ ئارالنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە ئارىلىقى 14 كىلو-مېتىر، يەر مەيدانى 436 گېكتار كېلەتتى. پورت ئارىلىنىڭ ئىنسانلار زامانىۋىلاشقان تېخنىكىنى ئەڭ زور چەكتە قوللىنىپ تەبىئەتنى ئۆز-گەرتىش يولىدا ئېلىپ بارغان بىر سىناق ئىكەنلىكىنى ھەرقانداق ئادەم ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر غېرىچ تۇپرىقىنىڭ ۋە ھەر بىر ئەڭ كىچىك بىناسىنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ئادەم ئىرادى-سىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ ئارالنىڭ يەر تەۋرەش كوپ بولىدىغان، ھە دېگەندە ۋولقان ئېتىلىپ تۇرىدىغان بۇ ئارال مەملىكىتىدە پەيدا بولۇشى ھەرگىز پايدىلانغۇدەك بىر پارچە سۇنئىي قۇرۇقلۇقنىڭ كوپەيگەنلىكىدىنلا دېرەك بەرمەيتتى، ئۇ داخى مىللەتنىڭ تەبىئەتنى تىزگىنلەش ئىشەنچىنى ئاشۇرغان ئىدى.

گۇڭ يىچۈن بۇ ئارالنى شىنخۇ "سەممىيەت" پولات شىركىتى ئۇسكۇنە باشقۇرۇش بولۇمىنىڭ باشلىقى جىڭشاڭ سىلاڭىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئومەكتىكىلەر بىلەن بىللە ئېكىسكۇرسىيە قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، ئۇلار دۇڭجىڭ، دابەن ۋە جىڭدۇغا بارغان، ياپونىيىنىڭ ئادەمنىڭ كوزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدىغان زامانىۋىلاشقان شەھەرلىرى ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىگە تەسىر قىلغان ئىدى. ئەمما ئارالنى كور-گەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھېس دولقۇنلىرى يەنە بىر قېتىم ئۇركەشلىدى.

ۋەكىللەر ئومىكىنىڭ ماشىنىلىرى شەھەر رايونى بىلەن ئارالنى تۇتاشتۇرىدىغان شىنخۇ كوۋرۇكىگە يېقىن كەلگەندە، ماشىنىدا جىڭ-

شاڭ سىلاڭنىڭ ئېغىر ئاۋازى جاراڭلىدى:

— ئەپەندىلەر، پورت ئارىلىنى ھەرقايسىڭلارغا تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى خالايمەن. ھازىر ھەرقايسىڭلار كۆرۈپ تۇرغان كۆۋرۈك شېنخۇ كۆۋرۈكى، ئۇزۇنلۇغى 319 مېتىر، مەركىزىنىڭ ئارتىلىش ئارىلىغى 217 مېتىر... شېنخۇنىڭ يېڭى ئاسارە-ئەتىقىسى...

بۇ جۇڭگونىڭ ئەگىمە كۆۋرۈكلىرىدەك ياسالغان، پولات قۇرۇلمىلىق، سۈيۈر شەكىللىك كۆۋرۈك ئىدى. سىرتىدىن ھەيۋەتلىك، كاتتا كۆرۈنەتتى. ھەممەيلەن دەرىزىنىڭ سىرتىدىن غىل-پال ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۆۋرۈككە ئۈنچىقماي قارىشاتتى. ماشىنىنىڭ ئۇچقاندەك مېڭىشىغا ئەگىشىپ، رەتلىك ۋە غەيرى پىلانلانغان، خىلمۇ-خىل بىنالار سېلىنغان پورت ئارىلى بارا-بارا ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. خەلقارا كۆرگەزمە مەركىزىنى، تەنتەربىيە مەركىزىنى ۋە مىڭ كارۋىتى، تىك ئۇچار ئايروپىلان چۈشۈپ-چىقالايدىغان مەيدانىنىڭ بولۇشى بىلەن ئادەمنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى كۈچلۈك قايىللىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. چەتئەلدە تۇرۇۋاتقاچقا، مىللىي غۇرۇرىنى ساقلاش يۈزىسىدىن ھېچكىم خالىغىنىچە تەرىپلەپ گەپ-سۆز قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە قايىل بولغانلىقى ئۈن-تىنسىز تۇرۇشلىرىدىن ۋە كۆزىنى ئالماي قاراشلىرىدىن مەلۇم ئىدى.

شۇ پەيتتە گۇڭ يىچۈنگە جىڭشاڭ سىلاڭ مىيىغىدا كۈلگەندەك بىلىندى. بۇ مەنىلىك كۈلكە ئىدى، بۇ كۈلكە بىردەمدىلا غايىپ بولغان بولسىمۇ، گۇڭ يىچۈننىڭ ئېسىدىن ھېچ كەتمەيتتى.

ۋەكىللەر ئۆمىگىدىكىلەر ئىچىدە جۇ شۆەننىڭ ئاغزى بوشراق

ئىدى. گۈڭ يىچۈن: ”قالتىسقۇ!“ دىگەندە، ئۇ ئالاھىدە بىر خىل تەلەپپۇز بىلەن: ”بۇ دىگەن ياپونىيە-دە، ئەقلىغە سىغىدۇ!“ دىدى.

ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ئومىسلىلا ئىدى. ياپونىيىدە كورگەن يىڭىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى جۇ شۇەن ”تەبىي ئىش“ دەپ قارايتتى. گويا ياپونلار نىمىنى خالىسا، شۇ پەيدا بولىدىغاندەك. ”تەبىي ئىش“ بولغىنى قانداق؟ ياپونىيە ھەممىگە قادىر خۇدا بولمىسا، ياكى سېھىرگەرلەر دۇنياسى بولمىسا، ياپونىيە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر جاپالىق ئەمگەكسىز، قان-تەر ئاققۇزماي تۇرۇپ قولغا كەلتۈرۈلگەنمۇ؟ پورت ئاربىلىنى ئىلىپ ئىيتايلى، بۇ جاينى ياپونلار 15 يىل جاپالىق ئىشلەپ بىنا قىلغانىغۇ؟ بۇ 15 يىل ئىچىدە قانچىلىغان كۆندۈز ۋە كىچىلەر دىڭىز دولقۇنى بىلەن ئىلىشىش بىلەن ئۆتكەندۇ، قانچىلىك مەغلۇبىيەت ساۋاقلىرى بولغاندۇ!

”بۈگۈن نىمە بولدى ماڭا؟“ دەپ سوئال قوياتتى گۈڭ يىچۈن ئۆزىگە. ئۇمۇ ياپونىيىگە ئاپىرىن دەپ كەتكەنىغۇ؟ چىرايلىق-كوركەم چېكىتىيەن ئايرۇدۇرۇمىدىن چىققاندىن بۇيان، داخىي مىللەتكە بولغان ھورمىتى بارغانسىرى ئېشىپ بارغان ئىدى. ياپونلارنىڭ ئۇچراشقان چاغدىكى ئەدەپلىك سالام-سائەتلىرى، خوشلىشىش ئالدىدىكى يىنىش-يىنىش تازىملىرى گۈڭ يىچۈنگە قاتتىق تەسىر قىلغان ئىدى، ئۇ بۇنداق تازىملارنى جۇڭگولۇقلارنىڭ قول ئىلىشىپ كورۇشكىنىدىن تەنتەنىلىك بولىدىكەن دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەدەپ-يوسۇنغا دائىر بۇ كىچىك ئىشلار گۈڭ يىچۈندە كىشىلەر ئىناق ئۆتىدىكەن دىگەن تەسىراتنى قالدۇرغان ئىدى.

ئىشەنچ ۋە ئاپىرىن ئۆزىنىڭ جۇڭگودىن باشقىچە بىر ئەلدە

تۇرۇۋاتقانلىغىنى گۇڭ يىچۇننىڭ ئېسىدىن چىقىرىۋېتەي دەپ قالغان ئىدى. قىزغىن كۈتۈۋېلىشلار، ئەتراپلىق پىلانلانغان ئېكىسكۇرسىيلەر، مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇشلار ئارقىسىدا، ئۇنىڭ: ياپونىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بۇ ئىككى دولەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىنتىلىشى بىر، جۇڭگو پۇل چىقى-رىشنى خالىسىلا، ياپونىيە جۇڭگونىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشىغا چىن دىلىدىن ياردەملىشىدۇ، تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم قىلىدۇ، دېگەن قارىشى بارغانسېرى چىڭىپ باراتتى.

ئۇ ياپونىيىنىڭ شەھەر ۋە زاۋۇتلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كوڭلىدە چاقناپ تۇرغان بىر نۇر پەيدا بولىدى. بۇ نۇر ئۇنىڭدىكى ئىشەنچنىڭ — ياپونىيە كارخانىلىرىغا بولغان ئىشەنچ-نىڭ ئاساسى ئىدى، جىڭشاڭ سىلاڭ بىلەن بۈگۈن ئەتىگەن دېيىشىپ قالغىچە بولغان مۇشۇ جەرياندا بۇ ئاساس تەۋرەنمىگەن ئىدى.

ماشىنا شەھەر كوچىسىغا كىردى. گۇڭ يىچۈن كوزىنى سەل يۇمغى-نىچە دەرىزىدىن سىرتقا كوڭلى غەش ھالدا قاراپ ئولتۇراتتى. دۇرۇس، ئۇنىڭ كوڭلىدە چاقنىغان ھېلىقى نۇر ئەمدى ئاجىزلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ بۇ جەمىيەتنى مەشكە سىلىپ، تاۋلاپ، سىناپ كورمەكتە ئىدى، بۇ جەمىيەتنى باشقىدىن كۆزەتمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆزىنى دېڭىزنىڭ قانداقلىغىنى بىلدىم دەپ كورەڭلەپ يۈرۈۋاتقاندا، بىردىن جىڭشاڭ سىلاڭنىڭ بىر تومۇر زىنجىرىنى چىڭگىپ قويۇشى بىلەن دېڭىزغا چوكۇپ كېتىۋاتقان ياغاچ قونچاقتەك سەزدى. ئۇنىڭ كوزلىرى غۇۋالىشىپ، كوز ئالدى قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى...

## 2

ياپونىيىگە جۇ شۇەن بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى كەلگەن ئىدى. باش ۋەكىل كاڭ كۋاڭ بىلەن گۇڭ يىچۇەننىڭ تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىدى. ئۇلار شىنخۇ بىلەن دابەن ئارىلىقىدىكى "سەممىيەت" پولات شىركىتى ئۇستىگە ئالغان 12 مىڭ تونىنا ئۇسكۇنە بىلەن چىيەنيې رايونىدىكى ئىككى زاۋۇت ئۇستىگە ئالغان 10 مىڭ تونىنا ئۇسكۇننى تەكشۇرۇشكە كەلگەن ئىدى. بۇرناكۇن، "سەممىيەت" پولات شىركىتى ئوتكۇزگەن زىياپەتتە، ئۇسكۇنە باشقۇرۇش بولۇمىنىڭ باشلىقى جىڭشاڭ سىلاڭ 31 ياشلىق گۇڭ يىچۇەننىڭ B زاۋۇدىنىڭ ماتېرىيال ماشىنىسىنى تەكشۇرۇشكە يالغۇز مەسئۇل بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ:

— گۇڭ ئەپەندى قابىلىيەتلىك ياشلاردىن ئىكەن! — دەپ قايتا-قايتا ماختىغان، ئاندىن يەنە، — سىزدەك ياش جۇڭگولۇق تەكشۇرگۇچىنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىۋاتىمەن. خېلىدىن بېرى مۇشۇ ئىشنى قىلىۋاتامسىز؟ — دېگەن ئىدى.

بۇنداق سوئاللارغا قانداق جاۋاپ بېرىشكە گۇڭ يىچۇەن بۇرۇنلا هازىرلىق قىلىپ قويغان ئىدى. "گۇللىنىش" پولات-تومۇر شىركىتىنىڭ ئىش ئورنىدىكى چېغىدىلا، ئۇ، ياپونىيە تەرەپنىڭ ئادەملىرىنىڭ — تەكشۇرگۇچى ۋەكىللەرمۇ، تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەرمۇ — ئۇزىنىڭ ياكى شىركەتنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق گەپ قىلىشتىن ئۇزىنى تارتىدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدى. ئەسلىدە، ئۇقەت قىلىش داۋامىدا، بايقىمايلا ئۇزىنىڭ سەرگۇزەشتى-

سىنى دەپ سېلىش سودا جەھەتتە ئاخبارات بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.
— مەن تېخى ياش، جىڭشاڭ ئەپەندى ياردىمىنى ئايىماس! — دەپ گەپنى ئەگىتتى گۇڭ يىچۇن.
— بۈگۈن كېچە ئوبدان ئۇخلىۋېلىڭ! B زاۋۇدىغا بۇيرۇتقان مالنى تەكشۈرۈش قول تۇتمايدۇ. بىر ھەپتىدىلا B زاۋۇدىدىكى ئىشىڭىزنى تۈگىتەلەيسىز. — دېدى جىڭشاڭ گۇڭ يىچۇنگە رومكا تۇتۇۋېتىپ خوشال ھالدا.
كاڭ كۇاڭ جايىدا قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ، ھاراقتىن ئاز - ئاز سۇمۇرۇپ قوياتتى. 40 - يىللاردا ئەنگلىيىدە ئوقۇغان بۇ كىشىنىڭ يېشى ئاتمىشقا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، ئوزى چىڭ - مىقتا ئىدى، ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنژېنېرلىق سالاپىتىدىن ھەربىلىك سالاپىتى ئېشىپ چۈشەتتى. يىللار ئۇنىڭ چىھرىسىدە نەقىش قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلار بىلىملىك ئالىمنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھەربى تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ۋە چېنىققانلىقىنىڭ يالدامىسى ئىدى. ئۇ تاشقى شەيئىلەرگە ھەرگىزمۇ ئاسانلىقچە بېرىلىپ كەتمەيتتى، كۆڭلىدىكى ئوزگىرىشلەرنىمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىن بايقىۋالغىلى بولمايتتى.
كاڭ كۇاڭ 53 - يىلى ئەنگلىيىدىن ۋەتەنگە قايتتى، ئىككى يىلدىن كېيىن ھەربى قىسمدا ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن چەتكە چىقمىغان بولسىمۇ، چەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىن ئوبدانلا خەۋەردار ئىدى. ئۇ ياپونىيە سانائىتىنىڭ ئالەمگە تونۇلغان تەرەققىيات سەۋىيىسىگە قايىل بولاتتى، ”سەمىمىيەت“ پولات شىر-كىتىنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ سۈپەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بىراق،

ئەنگلىيەدىكى ۋاقتىدا كاپىتالىستىك تىجارەت ئۇستىلىنىڭ ئۇنىڭدا قالدۇرغان تەسىراتى، يىقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان چەتتىن مال كىرگۈزۈش ئىشلىرىغا قاتنىشىش جەريانىدىكى تەسىراتى ئۇنى كاپىتالىست خوجايىنلارغا ئاسانلىقچە ئىشەنمەيدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇ ھەرقانداق زاۋۇتنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىشچان قىممەت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ "سەممىيەت" شىركىتىنىڭ ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا قاراپلا ئۇنىڭ جۇڭگوغا ياساپ بەرگەن بۇ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سۈپىتى جەزمەن ئۆلچەمگە لايىق بولىدۇ، دەپ قارارلاشتۇرۇپ ئېيتالمايتتى.

شۇنداقتىمۇ ئۇ ساھىپخانىغا:

— بىز "سەممىيەت"نىڭ مەھسۇلاتىغا ئىشەنچ بىلەن قارايمىز، — دەپ قويدى.

— ماختىغىنىڭلارغا ھەشقاللا! — دېدى جىڭشاڭ ئىنتايىن ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن كاك كۇاڭغا. بۇنداق بولۇشى، بىر تەرەپتىن، خېرىدارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ باش ۋەكىلنىڭ مەمۇرى باشلىق ئەمەس، كەسپ ئەھلى ئىكەنلىكىنى جىڭشاڭ بىلگەنلىكتىن ئىدى.

"سەممىيەت" پولات شىركىتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش نىزامىنىڭ بىر ماددىسىدا: زور مىقداردىكى مال توختىمى سوھبىتىدە ياكى ئىمزالانغان توختامنى ئەمەلگە قويۇش جەريانىدا، خېرىدار تەرەپنىڭ ئۇدا ئىككى نۆۋەتتىن كۆپ ئوتتۇرىغا چىققان مۇھىم ئادەملىرى توغرىسىدا تەكشۈرۈش كاپىيەنى يېزىلىشى كېرەك، دەپ تەلەپ قويۇلغان ئىدى. مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، "سەممىيەت" پولات شىركىتىنىڭ سودا ئاخباراتلىرىنى باشقۇرۇش بولۇمىدە كاك كۇاڭنىڭ

ئارخىۋى بار ئىدى، ئارخىپقا ئۇنىڭ جۇڭشەنىپۇ كىيىپ چۈشكەن رەسمى بىلەن ھەربى كىيىم كىيىپ چۈشكەن رەسمى سېلىنغان ئىدى.

كاڭ كۇاڭ بېيجىڭدا جۇڭگو تېخنىكا ئىمپورت-ئېكسپورت باش شىركىتىدە توختامغا ئىمزا قويۇشقا داخىل بولغاندا، جۇڭشەنىپۇ كىيىپ ياپونىيە ۋەكىللىرى بىلەن خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشكەن ئىدى؛ كېيىن "گۈللىنىش" پولات شىركىتىنىڭ ئىش ئورنىدا ئۇسكۇ-نىلەرنى تەكشۈرۈش ۋاقتىدا، ئادەتتىكىچە ھەربى كىيىم كىيىپ، ياپونىيە تەرەپنىڭ تەكشۈرگۈچىلىرى بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشكەن ئىدى. "سەممىيەت" شىركىتى مانا مۇشۇ قائىدە-يوسۇن ئېتىۋارى بىلەن چۈشكەن ئىككى پارچە سۈرەتتىن ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئايرىم تارتىۋېلىپ چوڭايتقاندىن كېيىن ئارخىپقا سالغان ئىدى. بۇنداق قىلىشنىڭ بولمايدىغان ھېچقانداق يېرى يوق ئىدى، بۇنداق قىلىش خەلقارا قانۇنغىمۇ زىت كەلمەيتتى، ۋىجدانىي ئازاپمۇ كەلتۈرمەيتتى.

ئۇسكۇنىلەرنى باشقۇرۇش بولۇمىنىڭ باشلىقى بولغان جىڭشاڭ سىلاڭنىڭ كاڭ كۇاڭنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تەپسىلى كۆرۈپ چىقىشى تەبىي ئىدى. ئۇ كاڭ كۇاڭنى ھۆرمەتلەيتتى، ئەمما كوپرەك ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلاتتى.

شۇ كۈنى كېچىسى گۇڭ يىچۈن ئۇخلىماي چىقتى. ئۇسكۇنىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىشتىن ئىلگىرىكى تەكشۈرۈلۈشى ئىنتايىن مۇھىم بولاتتى، بۇ ماھىيەتتە ئۇسكۇنىنى تۇراقلاشتۇرۇش تەكشۈرۈشى ئىدى. ھازىر ئۇسكۇنىلەرنىڭ توختامدا بەلگىلەنگەن "ئەڭ ئىلغار سەۋىيە"گە يەتكەن-يەتمىگەنلىكىنى جۇڭگو تەرەپنىڭ تەكشۈرگۈچىلىرى تەكشۈ-رۈپ بىر نېمە دېيەتتى. ئەگەر گۇڭ يىچۈن بېشىنى لىڭشىتىپ، ئىمزاسىنى قويسا، ياپونىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ دەپ بەرگەن

شەكىل بويىچە مەھسۇلاتنى كوپلەپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشەتتى.

ئۇ جۇڭگو ۋە ياپونىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تېخنىكا ماتېرىياللىرىنى تەپسىلى ئوقۇپ، B زاۋۇدى ئىشلەپچىقارغان ماتېرىيال ماشىنىسى ئۈستىدە تەكرار-تەكرار تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئىدى. ئۇ B زاۋۇدىدا تەكشۈرۈش ئىشىنىڭ 12 كۈندىن ئىككى ھەپتىگىچە بولغان ئارىلىقتا تۈگەيدىغانلىقىنى مولچەرلىگەن ئىدى. لېكىن ياپونىيە تەرەپنىڭ ئۈسكۈنىلەرنى باشقۇرۇش بولۇمىنىڭ باشلىقى دېگەن ۋاقىت ئۇنىڭ دېگىنىدىن بىر ھەسسىدەك كەم بولدى. ئۇلارنىڭ تېز تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بارمۇ نىمە؟ يا بولمىسا بىزنى تەپسىلى كورۈشكە، ئۇنى-بۇنى سۈرۈشتۈرۈشكە قويمامدۇ نىمە؟

جۇ شۈەن شىرىن ئويغا كەتكەن ئىدى.

گۈڭ يىچۈن ئۇ يان ئورۇلۇپ، بۇ يان ئورۇلۇپ، زادىلا ئۇخلىيالمىدى، كوزىنى قارا كورۈنگەن تورۇسقا تىكەتتى. بىر پەستىن كېيىن، ئۇ چىداپ تۇرالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كارۋاتتىن چۈشتى-دە، ئىچكىركى ئويگە كىردى.

كاڭ كۇاڭ ياش چاغلىرىدا ئاخشاملىرى كىتاب كورۈش بىلەن بولۇپ كەچ يېتىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، ئاخشىمى سائەت 12 بولمىغىچە ئۇخلىمايتتى. گۈڭ يىچۈن ئۇ تۇرغان ئوينىڭ ئىشىگىنى قېقىپ، ئويگە كىردى.

— ئۇخلىيالمايسىز-دە؟

— ھەئە، كاڭزۇڭ*، جىڭشاڭ بىر ھەپتىدە تۈگەيدۇ دەيدۇ،

---

* كاڭزۇڭ — "باش ۋەكىل كاڭ كۇاڭ" دېگەن خەنزۇچە سوزنىڭ قىسقارتىلمىسى.

سىزچە قانداق بولار؟ — كاڭزۇڭنىڭ بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك قىياپەتتە ئۆزىنى رۇسلاپ، جوزىدىكى تۇرۇبكىسىنى ئالغانلىغىنى كورگەن گۇڭ يىچۇن سوزىنى توختاتتى.

كاڭ كۇاڭ B زاۋۇدىدا بولىدىغان تەكشۈرۈشتە ئاۋارىچىلىق بولىدىغانلىغىنى پەملىگەن ئىدى، شۇڭا ئۇ بۈگۈن زىياپەتتىن قايتىپ كېلىپلا جۇ شۆەننى گۇڭ يىچۇنگە ياردەملىشىپ B زاۋۇدىنى تەكشۈرۈشكە بەلگىلىدى. ئەسلىدە، كاڭ كۇاڭنىڭ يۇقۇرىغا چىقىشى ئەپسىز بولغاچقا، جۇ شۆەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ A زاۋۇدىدىكى تەكشۈرۈشكە قاتناشماقچى بولغان ئىدى.

كاڭ كۇاڭ تۇرۇبكىسىدىكى تاماكىنى تۈتاشتۇرۇپ ئاستا شورىغاچ سوزلەيتتى:

— ياپونىيە تەرەپ نىمە دەپ ئويلىسا مەيلى، بىز دىگەن خېرىدار، تەكشۈرۈش خېرىدارنىڭ تەلۋى بويىچە بولۇشى كېرەك، كورىدىغاننى قالدۇرماي كورۇش، سوئال بولسا تولۇق سوراش لازىم ... بىراق، شىاۋگۇڭ، ئىختىلاپ بولۇپ قالسا ئاچچىقلانساق بولمايدۇ. ئەدەپتىن چىقىدىغان گەپنى قىلماسلىق ئېسىڭىزدە بولسۇن. سىز ھازىر ئاددى ھەربى ئەمەس، بەلكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەكشۈرگۈچى ۋەكىلى.

...

خېڭخې ماشىنىنىڭ سىگنالىنى باستى، ماشىنا شەھەر ئىچىگە بۇرۇلدى.

گۇڭ يىچۇن يەنىلا پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن چۈشتىن ئىلگىرى بولۇپ ئوتكەن تەكشۈرۈشنى ئويلايتتى.

كاڭزۇڭ، مەن ئاچچىقلانمىدىم، ئەمما كوڭلۇم بەك غەش

بولۇۋاتىدۇ. ئۇنى مەھسۇلات تەكشۇرۇش دىگىلى بولامدۇ؟ ياق، بۇ ئادەمنىڭ ئىززەت-ھورمىتىنى، دولەتنىڭ ئىززەت-ھورمىتىنى تەك-شۇرۇش بولدى.

بۇگۇن ئەتىگەن سائەت دەل 7 دىن چارەك ئوتكەندە، گۇك يىچۇن بىلەن جۇ شۇەننى B زاۋۇدىغا ئاپىرىپ قويۇش ئۇچۇن كەلگەن خىڭخىڭنىڭ ماشىنىسى فۇششەن مىھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

يىراقتىن قارىسىڭىز، ئالدىڭىزدا تۇرغان مەنزىرىنى كورۇپ، بۇككىدە دەرەخلىق باغچىمىكىن دەپ قالىسىز: زاۋۇت بىنالىرىنىڭ ئەتراپىنى دەرەخلىق ئورىغان، دەرەخلىق بەلگىچىلىك كىلىدىغان ئاپپاق رىشاتكا بىلەن ئورالغان؛ قوڭۇر گىرانىت تاش دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىكلەنگەن، سول تەرەپتىكىسىنىڭ توپىسىگە زاۋۇتنىڭ ئىسمى يىزىلغان بىغىررەڭ ۋىۋىسكا مىقلانغان؛ ياپونچە يىزىلغان زاۋۇت ئىسمىنىڭ يۇقۇرىسىدا شاپتۇلسىمان بىر نەرسىنى مەركەز قىلغان سىرىق قوش ھالقا شەكىللىك رەسىم تۇراتتى. بۇ رەسىم "سەممىيەت" شىركىتىنىڭ زاۋۇت بەلگىسى بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى شاپتۇلسىمان نەرسە سەممى قەلب دىگەن مەنىگە سىمۋول ئىدى.

B زاۋۇدىدا بىغىررەڭ بەك كوپ ئىشلىتىلەتتى. ئىش كىيىمى، زاۋۇت ۋىۋىسكىسى، ماشىنىلارنىڭ ھەممىسى بىغىررەڭلىك ئىدى. بۇ، ئىشچىلارنى زاۋۇتنى ئوز ئويىدەك كورىدىغان قىلىش ئۇچۇن قوللىنىلغان تەدبىرلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئىش ۋاقتىدا، زاۋۇت باشلىغى ۋە تۇرلۇك باشقۇرغۇچى كادىرلاردىن ئادەتتىكى ئىشچىلار-غىچە ھەممەيلەن قوش ھالقا شەكىللىك زاۋۇت بەلگىسى كەشتىلەن-گەن ئىش كىيىمى كىيەتتى. جىڭشاڭ زاۋۇتنىڭ ياغاچتىن ياسالغان پاكار ئويىنىڭ ئالدىدا گۇك يىچۇن بىلەن جۇ شۇەننى كۇتۇۋالغاندا،

مەغرۇر ھالدا:

—زاۋۇدىمىزنىڭ باش ئورگىنىنىڭ مۇشۇنداق بىر قەۋەتلىك ئاددى ئۆيدە بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىشمۇ؟ زاۋۇدىمىزنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ئېگىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانمىز. زاۋۇتنىڭ باش ئورگىنى مۇشۇ يەردە بولسا، زاۋۇتقا سىڭىشىپ كېتىدۇ. باشقۇرغۇچى خادىملارمۇ ئىشچىلارغا ئوخشاشلا ئىش كىيىمى كىيىپ يۈرسە، ئىشچىلارغا يېقىن كۆرۈنىدۇ. ئىشچىلار ھەممىمىز باراۋەر ئىكەنمىز دەپ ئويلىشىدۇ. بۇنىڭ ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى نېرى-بېرىلىكلەرنى تۈگىتىشكە پايدىسى بار!— دېگەن ئىدى.

ھالبۇكى، كىشى ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايدىغان باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدىغان مۇشۇ زاۋۇتتا، ھە دېسىلا ”دوستلۇق“ دەپ تۇرىدىغان، زاۋۇدنىڭ ئىناۋىتىنى ئېسىدىن ھىچقاچان چىقارمايدىغان ئۇسكۇنە باشقۇرۇش بولۇمىنىڭ باشلىقى قاراپ تۇرۇپ جۇڭگو تەرەپ تەكشۈرگۈچىلىرىنىڭ MS ئۆلچىمى ۋە ئىش تەرتىۋىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسىنى كۆرۈپ بېقىش تەلىۋىنى رەت قىلىدى.* تەكشۈرۈشتىكى ئومۇمى تەلەپ بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ماتېرىياللارنى كۆرستىش كېرەك ئىدى، بولۇپمۇ MS ئۆلچىمىنى كۆرمەي بولمايتتى. تەكشۈرگۈچىلەر مالنى MS ئۆلچىمىنىڭ لايىھە تەلىۋىگە ئاساسەن تەكشۈرەتتى، MS ئۆلچىمىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇسكۇنىنىڭ ياخشى-يامانلىقى ھەققىدە بىر نىمە دېگىلى بولمايتتى.

---

* MS ياپونىيە شىركەتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سانائەت ئۆلچىمىنىڭ ئىنگلىزچە يېزىلىشىنىڭ قىسقارتىلمىسى.

www.uyghurkitap.com

ئەلۋەتتە، ئۇسكۇننى سىرتتىن قاراپ ھىسسىي تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن تەكشۈرۈش مۇمكىن ئىدى، بىراق مەسىلە سىزىلىپ، ئۇسكۇنىنىڭ سۈپىتىنى ھىسسىي تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىش مۇمكىن بولمىغان چاغدا، MS ئۇلچىمى ۋە ئىش تەرتىۋىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسىگە ئاساسەن چوڭقۇر تەكشۈرۈپ كورۈشكە نىمىشقا بولمايدىكەن؟ جۇڭگو تەرەپنىڭ تەلىۋىنى ئاڭلىغان جىڭشاڭنىڭ رەڭگى ئوڭۇپ كەتتى، ئۇ بۇ ماتىرىياللار مەخپىي ساقلىنىدىغان تېخنىكا ماتىرىياللىرى دائىرىسىگە كىرىدۇ، كورۇشكە بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. گۇڭ يىچۇن: توختامدا "جۇڭگو تەرەپنىڭ ياپونىيىدە تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا ياپونىيە تەرەپ ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەنلىكىنى كورسەتكەندە، جىڭشاڭ ئۇزىنى ئاقلاپ: "بىز ھەرقايسى جەھەتلەردىن، مەسىلەن، يىمەك-ئىچمەك، تۇرار جاي، قاتناش قوراللىرى جەھەتلەردىن ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردۇق" دىدى.

توختامنى مۇشۇنداقمۇ چۈشەندۈرگەن بارمۇ؟ تەكشۈرۈشنىڭ "شەرتى" تاماق يېيىش، ئۇخلاش، ماشىنا ئىشلىتىش بولۇپ قاپتۇ-دە؟ ئەمىلىيەتتە بۇ ئىشلارغا جۇڭگو تەرەپ پۇل خەجلەيدۇ-غۇ! پۇل چىقىرىدىغانلا بولساق، ياتىدىغانغا ياتاق، ئولتۇرىدىغانغا ماشىنا تېپىلمايتتىمۇ؟ مانا مۇشۇ چاغدىلا، گۇڭ يىچۇن خوجايىنلارنىڭ "دوستلۇغى"نىڭ نىمە ئىش ئىكەنلىگىنى بىلدى. ئۇنىڭغۇن تېخى ھىجىيىپ يۈرگەن جىڭشاڭ بۇگۇن ئوكتەملىك بىلەن: "يولسىزلىق قىلىپ تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلەيمەن دىسەڭلار، سىلەرنىڭ يىمەك-ئىچمەك، تۇرار جاي ۋە قاتناش ئىشلىرىڭلارغا بىز ئىگە بولمايمىز!" دەپ پوپوزا قىلدى.

"مەن قول قويغان دولەتتە ئىش مۇشۇنداقمۇ، هە دەپ ماختىغان زاۋۇتنىڭ ئەھۋالى شۇنچىلىكمۇ؟" دەپ ئويلىدى گۇڭ يىچۇن.

ماشىنا ھەشەمەتلىك قۇشىشەن مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى، خېڭخې گۇڭ يىچۇن بىلەن جۇ شۇەنگە ماشىنا ئىشىگىنى ئېچىپ بەردى. بۇ ئىككىيلەن خېڭخېغا رەھمەت ئېيتىپ، مېھمانخانىنىڭ ئىشىگىدىن كىرەي دەپ تۇرۇشىغا، خېڭخېنىڭ "گۇڭ ئەپەندى" دەپ چاقىرغىنى ئاڭلاندى. خېڭخېنىڭ ئاق پەلەي كىيىۋالغان قوللىرى كوكسىدە ئىدى، ئۇ ھودۇقۇپ مۇنداق دېدى:

ـــ سودا دېگەندە بۇنداق ئىشلارنى بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، ئۆزىڭىزنى خوشال تۇتۇڭ!

خېڭخې بۇ گەپنى دەپ بولۇپ بېشىنى شاققىدا ئېگىپ تازىم قىلدى. گۇڭ يىچۇن ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا:

ـــ بۇ سۆزىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، ـــ دېگەن چاغدا، خېڭخې ماشىنىنىڭ ئىشىگىنى يېپىپ موتورنى ھەركەتكە كەلتۈرۈپ بولغان ئىدى.

گۇڭ يىچۇن ياتىغىغا كىرىپ، ئۆزىنى يۇمشاق كارۋاتقا تاشلىدى ـ دە، سوزۇپ ئۇھ دەۋەتتى. جۇ شۇەن تېخى ساپما كەشىنى پۇتىغا سېپىۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئىدى، گۇڭ يىچۇن ئورنىدىن شاققىدا تۇرۇپ، ئېلېكترلىق مۇزلاتقۇنى ئاچتى ـ دە، بىر بوتۇلكا پىۋىنى ئېلىپ، ئىككى ئىستاكانغا لىق قۇيدى.

ـــ نېمە بولدى؟ ـــ دەپ سورىغان سوئالغا گۇڭ يىچۇننىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى كورگەن جۇ شۇەن يەنە سوزلىدى، ـــ ھەي، پۇكەيدىكى يىراقتىن تېزگىنلىگۈچى ھېساپلاش ماشىنىسى ئۇخلاۋاتمايدۇ جۇمۇ!

ـــ ھېساپلىسۇن، جۇڭگولۇقلار بىر بوتۇلكا پىۋىنى ئىچەلمەيدىغان

دەرىجىدە ئەمەسقۇ؟ ــ دېدى گۇڭ يىچۈن ۋە بىر ئۇستاكاننى جۇ شۈەنگە سۇندى.

ــ ھەر كۈنلۈك تۇرمۇش پۇلىنىڭ قىرىق پىرسەنتىنى تېجەپ قېلىش دېگەن بەلگىلىمىنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ــ دېدى جۇ شۈەن ئىستاكاننى ئېلىۋېتىپ.

ئەتىگەن توختام توغرىسىدا جىڭشاڭ بىلەن دېيىشىپ قالغىنىنى ئەسلەپ، گۇڭ يىچۈننىڭ توختام سوھبىتىگە قاتناشقان يولداشلارغا ئاچچىغى كەلدى. توختامنى نېمىشقا ئۇبدانىراق تۈزمەيدۇ؟ بۇ يەردە بىزلەر بىر پۇڭ-بىر پۇڭدىن ئىقتىسات قىلىۋاتىمىز، ئۇ يەردە بولسا تۈمەن يۈەنلەپ پۇل چىقىپ كېتىۋاتىدۇ!

43 ياشلىق جۇ شۈەن 1965-يىلى كان شۈيۈەننى پۈتتۈرۈپ، "چاڭجياڭ" پولات-تۆمۈر شىركىتىگە تەقسىم قىلىنغان، كېيىن ھەربى قىسىمغا ئىنژېنېر-تېخنىكلار لازىم بولۇپ قالغانلىقتىن قىسىمدا ئىشلەپ قالغان ئىدى، ھازىر بولسا يىلىك دەرىجىلىك ئىنژېنېر ئىدى. ئۇ گۇڭ يىچۈندىن 12 ياش چوڭ بولغاچقا، كۆرگەنلىرى كۆپ ئىدى، ياش ۋاقتىدىكى شىجائەتىنىڭ قاچان يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئەمدى ئۇ ھەممە يەلەنگە ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلىدىغان؛ ئىشتا ئالدىغىمۇ ئۆتۈپ كەتمەيدىغان، ئارقىدىمۇ قالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى؛ ئۇ ئۆزىنىڭ دەريا ئېقىنىنىڭ بىر تامچىسى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، لېكىن ئۆزىنى خادا تاشلارغا ئۇرۇلىدىغان دولقۇنغا قوشۇلماسلىققا ئەسكەرتىپ تۇراتتى. گۇڭ يىچۈننىڭ ئاچچىقلىنىپ كەتكىنىنى جۇ شۈەن ياشلاردا بولىدىغان "دەۋر كېسىلى" دەپ قارايتتى. ئۇ مۇنداق ھېساپلايتتى: بۈگۈن ئەتىگەن گۇڭ يىچۈن جىڭشاڭ سىلاڭغا قوپاللىق قىلدى، سوھبەت

داۋامدا ئازراقمۇ يول قويمىدى، بۇنداق ئەھۋالدا ئاقىۋەت مۇشۇن-
داق بولماي قانداق بولاتتى؟ ياتاققا كىلىپ شۇنچە ئاچچىقلىنىپ،
ساھىپخان دولەتتىن يامانلاپ چىپچىلىشىنىڭ نىمە ھاجىتى؟
بىردىنلا ۋەتەنپەرۋەرلىكى تۇتۇپ، قىزىپ كەتكىنى نىمىسى! لىكىن،
ئەۋلىيا بولۇپ كەتسەكمۇ خەقنىڭ نەتىجىلىرىگە كوز يۇمالمايسەن-دە.
بۇ ئەۋلات ياشلار تىللاشقا كەلگەندە تازا تىللايدۇ، ئەمما ئامىرىكا،
ياپونىيە دىسە شولگىيى ئاقىدۇ. بولدىلا، بۇنداق ئاچچىق بىزدىمۇ
بولغان. بۇ دىگەن ياشلاردا بولىدىغان كىسەل! مۇشۇ ياشلاردىكى
ئادەم ئاشۇنداق قىزىق قان بولىدۇ.

— كۇتكىنىمىزدىكىدىن پۇتۇنلەي باشقىچە بولۇپ چىقتى! —
دىدى گۇڭ يىچۇن چوڭقۇر ھىسسىيات بىلەن.

— ئۇنچىۋالا قىلىپ كىتىش ھاجەتسىز! قارىڭا، رەڭگى-رويىڭىز
قانداق بولۇپ قالغان، ھىلىغۇ كۇتكىنىمىزدىكىدەك بولماپتۇ،
پۇتۇنلەي ئۇمىت يوق بولسىمۇ بۇنچىۋالا قىلىپ كەتكۇلۇك ئەمەس.

جۇ شۇەن جاۋاپ تەرىقىسىدە مۇنداقلا دەپ قويغان ئىدى،
"كۇتكىنىمىزدىكىدەك بولمىدى" دىگەن سوزنىڭ نىمىگە قارىتىلغان-
لىغىنى ئۇ بىلمەيتتى.

## 3

"1613" نوۋەتچى ئايروپىلان شىنخۇ ئايرودورومىدىن ئاسمانغا
كوتىرىلدى.

گۇڭ يىچۇن بىلەن جۇ شۇەن ئايروپىلاننىڭ دەرىزىسىدىن ئۇزاق-
قۇچىلارنىڭ ھاۋاغا كوتىرىلىۋاتقان ئايروپىلانغا قاراپ قوللىرىنى

پۇلاڭلىتىۋاتقانلىغىنى كورۇپ تۇراتتى.

B زاۋۇدى بىلەن بولغان سوھبەتتە ئىلگىرىلەش بولمىدى. گوڭ يېچۇن كاڭ كۇاڭغا B زاۋۇدىنى قويۇپ تۇرۇپ ئاۋال چېيەنىيېنى تەكشۈرۈشنى تەكلىپ قىلغان ئىدى. بۇنداقتا B زاۋۇدى مەھسۇلاتىنى قولىدىن چىقىرالماي، پۇل ئالالمايتتى-دە، مەبلەغ ئوبوروتىغا تەسىر يېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىزدىنمۇ بەك ئالدىرايتتى. كاڭ كۇاڭ توكيودىكى باش ئومەك باشلىقىدىن يولىيورۇق ئالغاندىن كېيىن، گوڭ يېچۇن بىلەن جۇ شۇەنىڭ ئاۋال چېيەنىيېغا بىرىشىغا قوشۇلدى، بۇنداق قىلغاندا، بىرىنچىدىن، B زاۋۇدىغا بېسىم بولاتتى، ئىككىنچىدىن، ياپونىيىدىكى خىزمەت ۋاقتى ئۇزىراپ كەتمەيتتى.

A زاۋۇدىدا تەكشۈرۈش ئىشىغا بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كىرىشىش مۇمكىن بولغانلىقتىن، كاڭ كۇاڭ چېيەنىيېغا بىرەر-ئىككى كۈندىن كېيىن بارماقچى بولغان ئىدى.

جۇڭگو چېيەنىيې رايونىغا زاكاز قىلغان 10 مىڭ توننا ئۇسكۈنىنىڭ ئىچىدە بىر مىڭ 400 توننىسى ”گۈللىنىش“ پولات شىركىتىنىڭ قارىمىقىدىكى W زاۋۇدىنىڭ زاۋۇت بىنالىرىنى سېلىشقا ئىشلىتىلەتتى. توختامنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتىدە يېزىلغان تېخنىكا جەھەتتىكى چۈشەندۈرۈش بويىچە، بۇ پولات قۇرۇلمىلىق زاۋۇت بىناسىنىڭ يەر تەۋرەشكە چىداشلىق بېرىش دەرىجىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى، بۇنى جۇڭگو تېخى لايىھىلىيەلمەيتتى ۋە ئىشلەپچىقىرالمايتتى. شۇڭا، كاڭ كۇاڭ ئۇلارغا W زاۋۇدىنىڭ مېلىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تەكشۈرۈش ھەققىدە يولىيورۇق بەرگەن ئىدى.

ياپونىيىگە مېڭىشتىن ئاۋال، گۇك يىچۇن ماتېرىيال كورۇش
جەريانىدا، W زاۋۇدىنىڭ زاۋۇت بىناسىغا ئائىت توختامدىكى
ماددىلارنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلغان ئىدى. توختامنى ئىمزالاش-
تىن بۇرۇنلا يۇقۇرىدا W زاۋۇدىنىڭ زاۋۇت بىناسى ھەققىدە
تالاش-تارتىش بولغانلىغى؛ بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ: بىز ياپونى-
يىدىن "بىر يۇرۇش ئۇسكۇنە" كىرگۈزىمىز، زاۋۇت بىناسىنىمۇ
ئېلىپ كىرىمىز دىگەن قانداق گەپ، دىگەنلىگى؛ توختام سوھبىتىگە
رىياسەتچىلىك قىلغۇچى مەسئۇل كىشىنىڭ: بىز "گۇللىنىش" پولات
شىركىتى ئۇچۇن ياپونلارنىڭ لايىھىسىدىن تارتىپ ئۇسكۇنىسىگىچە
بىر يۇرۇش نەرسىسىنى كىرگۈزگەن ئىكەنمىز، ياپونلارنىڭ پىكرىگە
ھورمەت قىلىشىمىز كېرەك دىگەنلىگى؛ ياپونلارنىڭ W زاۋۇدىنىڭ
زاۋۇت بىناسى قاتتىق سىلكىنىدىكەن، "گۇللىنىش" پولات شىركىتى-
نىڭ زاۋۇت بىناسىنىڭ سۇپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۇچۇن،
ياپونىيىدىن كىرگۈزۈش كېرەك، بولمىسا، "گۇللىنىش" پولات
شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا تەسىر يېتىدۇ، بۇنداقتا
ياپونىيە تەرەپ جاۋاپكارلىقنى ئۇستىگە ئالمايدۇ، دىگەنلىگى
ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. بۇ سوز پوپوزا قىلىش تەلەپپۇزىدا ئېيتىلغان
بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى كوپچىلىك چەتئەللىك خوجايىن-
لارنى ياخشى دەپ ھىساپلاشنى ئۇگىنىۋېلىشقان ئىدى: "ياپونلارمۇ
بىزنى ياخشى بولسۇن دەپ مۇشۇنداق قىلىدۇ!" "كاپىتالىستىنىڭ
شىركىتى دىگەن ئۇزىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاشقا كوڭۇل بولىدۇ-دە!"

ياپونىيە تەرەپ بىزنى ئويلىغان بولسا، W زاۋۇدىنىڭ زاۋۇت
بىناسىنى سېتىپ بېرىشكە ماقۇل بولار! ئەمما، ياپونىيىلىك خوجايىن-
لارنىڭ قىلغىنى بۇنىڭدىن ئېشىپ چۇشتى. ياپونىيە زاۋۇت سودىگەر-

لىرى W زاۋۇدىنىڭ بىناسىنى ئۇسكۇنە زاكازى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئۆتتۈرىغا قويىدى. توختام سوھبىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغۇچى مەسئۇل كىشى ياپونىيە تەرەپنىڭ بۇ پىكرىگە مەمنۇنىيەت بىلەن قوشۇلدى. قوشۇلمايدىغان نىمىسى بار؟ ئۇسكۇنە دىگەن ماشىنا دىگەن بولىدۇغۇ، ماشىنا دىگەن زاۋۇت بىناسىدىن نازۇك بولىدۇ، بۇنىسى جۇڭگودا 3 ئايلىق بالىمۇ بىلىدىغان ئىشقۇ؟ زاۋۇت بىناسى ماشىنا ئۆلچىمى بويىچە ياساپ چىقىلسا، بۇنداق زاۋۇت بىناسى شەكسىز يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇپ چىقىدۇ-دە. "بۇ زاۋۇت سودىگەرلىرى ھەقىقەتەن خەبەردار ئالدىدا جاۋاپكار ئىكەن جۇمۇ!" دىيىشتى بەزىلەر ھاياجانلىنىپ. "شۇنى دىمەمدىغان، كاپىتالىستىنىڭ شىركىتى بولغىنى بىلەن، بۇنداق جاۋاپكارلىق روھى بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زاۋۇتلىرىمىزنىڭ نەچچىسىدە بار دەيسىلەر؟"

ئەمما، ھازىر گۇڭ يىچۈن جۇ شۆەنىنىڭ قولىدىن ئالغان W زاۋۇدىنىڭ بىناسىغا دائىر MS قانداق بولۇپ چىقتى؟ ئۇ ياپونىيىدە دولەت بەلگىلەپ بەرگەن پولات قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشقا دائىر ئومۇمى ئۆلچەمدىن تۆۋەن بولۇپ چىقتى. پولات قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشقا دائىر ئۆلچەمدە: كەپشەرلەش ئۇزۇنلۇغى 0.5 تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن، M زاۋۇدىغا دائىر ئۆلچەمدە بولسا 0.7 تىن ئاشۇرماسلىق بەلگىلەنگەن؛ ئالدىنقىسىدا: تىرەكلەر، تۈۋرۈكلەر ۋە لىملارنىڭ كەپشەرلىنىش ئورنى ئۈلتىرا ئاۋاز دولقۇنى ئەسۋاۋى بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن، كېيىنكىسىدە بولسا بۇنداق بەلگىلىمە يوق.

W زاۋۇدىنىڭ بىناسىنىڭ سۈپىتى ھىلىقى رەھبەر ئويلىغاندەك قالتىس ياخشى بولماستىن، ئەكسىچە، ئوخشاش خىلدىكى پولات

قۇرۇلمىلىق زاۋۇت بىناسىنىڭ سۈپىتىگە سېلىشتۇرغاندا ناچار بولۇپ چىقتى. بۇ ھالنى كۆرگەن جۇ شۈەنمۇ كۆڭلىدە: ”مالنىڭ سۈپىتى شۇنچىلىك بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ چەتئەلدىن ئىمپورت قىلىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟“ دەپ غودۇڭشىدى.

ئەمما، تالىششلار ھېچنېمىگە دال بولمىدى، ياپونىيە تەرەپ جۆڭگو تەرەپنىڭ سوئاللىرىغا بىمالال، كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاپ بېرەتتى: سىلەر توختام سوھبىتى بولغاندا بىزنى ئالداپسىلەر دەيسىلەر، بۇنداق دېيىش پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەي قالارمىكىن؟ ئويلاپ بېقىڭلار، توختام سوھبىتى بولغاندا بىز W زاۋۇدىنىڭ بىناسىنىڭ ئۈسكۈنە زاكازى قاتارىغا كىرگۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقان، ئۈسكۈنە زاكازىنىڭ باھاسى زاۋۇت بىناسى زاكازىنىڭ باھاسىدىن ئۈستۈن بولسىمۇ، سىلەر قارشى پىكىر قويمىدىڭلار. شۇنداق، سىلەر ئۈسكۈنە ئۆلچىمى زاۋۇت بىناسىنىڭ ئۆلچىمىدىن يۇقۇرى بولىدۇ دەپ ئويلىغان بولساڭلار كېرەك، لېكىن بىز سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكىنى بىلمەيمىز-دە!

سودىدا توختام قانۇن دېمەكتۇر. ياپونىيە تەرەپ توختامنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلسا، جۆڭگو تەرەپ تەكشۈرگۈچىسىنىڭ بۇ تەلەپنى رەت قىلىدىغان نېمە ئاساسى بار؟ چىشىڭنى تۈكۈۋەتسىمۇ، دەردىڭنى ئىچىڭدە بىلىپ يۈرۈشۈڭ كېرەك، كىم سېنى كالتە پەملىك قىلىپ، خەققە شۇنچە ئاسان ئىشىنىپ كەتسۇن دەپتۇ! گۇڭ يىچۈنىنىڭ قېنى ئەسكەر چېغىندىكىدەك ئۆرلەپ تۇراتتى، ئۇ بۇ ناھەقچىلىققا چىداپ تۇرالمىدى. جۇ شۈەن ئۇنىڭغا قايتا-قايتا: ئىش مۇشۇ دەرىجىگە بارغان تۇرسا، توختام بويىچە ئىش قىلماي مۇمكىنمۇ؟ دەپ نەسىھەت قىلدى. ئەمما گۇڭ يىچۈن بۇ گەپ بىلەن توختاپ قالماي، ياپونىيە

www.uyghurkitap.com

تەرەپ بىلەن تازا زوكۇنلاشتى، ئۇلچەمگە توشمىغان مال قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىمىز دەپ چىڭ تۇرىۋالدى.

جۇ شۇەنىڭ ئاچچىغى كەلدى: مەن دىگەن ۋەكىل، سەن مېنىڭ ياردەمچىم، مېنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۆزەڭ ئېتىشىپ كەتكىنىڭ نىمىسى! بۇ بىز قىلىدىغان ئىش بولسىچۇ كاشكى، بىز توختامنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا نازارەتچىلىك قىلغۇچىلارمىز، توختامنى قانداق تۈزۈش چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ ئىشى، بۇنىڭ بىلەن نىمە كارىمىز؟ ياپونىيىدە كارناي يىرتىلغۇدەك ۋاقىرىغان بىلەن، دولىتىمىز تارتقان نەچچە يۈز مىڭ يۈەن زىيانىنى قايتۇرۇۋالغىلى بولامدۇ؟

مۇشۇنداق دەتالاش ئۇستىگە كاڭ كۇاڭ كېپقالدى، ئىككى تەرەپ مۇرەسسەگە كېلىپ، تەكشۈرۈشنى يەنە باشلاشتى. ياپونىيە تەرەپ تەمىنلىگەن MS بويىچە تەكشۈرگەندىمۇ، ئۇلچەمگە توشمايدىغان بىرمۇنچە جاي چىقتى، ئۇ يان تارتىشىپ، بۇ يان تارتىشىپ، كوپ سوھبەتلەردىن كېيىن، ئىككىلا تەرەپ بىر بىرىگە يول قويىدى: جۇڭگو تەرەپ بۇ مالنى ئۇلچەمگە توشمىغان مال قاتارىدا قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇردى؛ ياپونىيە تەرەپ ”ئۇسكۇنە“ جۇڭگوغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، باھانى ئەھۋالغا قاراپ چۈشۈرۈشكە، باھانىڭ چۈشۈش نىسبىتىنى ئاز دىگەندە 10%، كوپ دىگەندە 25% قىلىشقا ماقۇل بولدى.

W زاۋۇدى بىناسىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈش سوھبىتى گوڭ يىچۇننىڭ ياپونىيە توغرىسىدىكى قارىشىنى يەنە بىر قېتىم تۈزەتتى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كاپىتالىزىم دۇنياسىغا بولغان قارىشىنى تۈزەتتى.

ھەي، مەن ئۈمىت باغلاپ كەلگەن دۆلەتنىڭ ئەھۋالى مۇشۇمۇ؟

## 4

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، چيەنيې رايونىغا "سەممىيەت" شىركىتىدىكى بىر بۆلۈمنىڭ باشلىقى يىتىڭ كەلگەن ئىدى. تېخنىكا مۇتەخەسسىسى بولغان يىتىڭ جۇڭگوغا كېلىپ، "گۈللىنىش" پولات شىركىتى توغرىسىدىكى سۆھبەتكە قاتناشقان، گۇڭ يىچۈن ۋە كاڭ كۇاڭلار بىلەن تونۇش ئىدى. B زاۋۇدىدىكى تەكشۈرۈش ئىشىدا ئاۋارىچىلىق بولغاندا، گۇڭ يىچۈن يىتىڭنى ياپونىيە تەرەپنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىشقا قاتناشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

يىتىڭنىڭ بۇ قېتىم كېلىشى، گەپنىڭ ئوچۇغىنى ئېيتقاندا، B زاۋۇدىدىكى تەكشۈرۈشنى قايتىدىن باشلاش توغرىلىق ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، گۇڭ يىچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئاغىنىدارچىلىق يۈزىسىدىن پاراڭلىشىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

— خوجايىنىڭىز ھەر ھالدا ئادىمگەرچىلىك قىپتۇ، بولمىسا سىزدەك تونۇش ئادەمنى ئەۋەتمەس ئىدى.

— گۇڭ يىچۈن ئەپەندى، سودا ئىشىدا ئادىمگەرچىلىك قىلىش دېگەن گەپ يوق؛ بۇنىڭدا تەڭ-باراۋەرلىك ئاساسىدا يول قويۇش بولىدۇ، ئەمما بۇ ئادىمگەرچىلىك نۇقتىسىدىن ئەمەس، مەنپەئەت نۇقتىسىدىن، ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن بولىدۇ. ئادىمگەرچىلىك قىلىش ئەقىل-ئىدرەكنى ئىنكار قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ، سودىگەر ئادەم ئۇنداق قىلالمايدۇ. — دېدى يىتىڭ كۈلۈمسى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىنى ئېيتىپ.

— بۇ گەپچە، سىزنى چيەنيېغا ئەۋەتىشتە ئىككىمىزنىڭ تونۇشلۇ-غىمىزدىن پايدىلانماقنى كوزلىشىپتۇ-دە؟

ئىككىيلەن بىر بىرىگە قاراپ قاقاقلاپ كۇلۇشتى.

— گۇڭ يىچۇن ئەپەندى، ياپونىيىدە رىقابەت كۇچلۇك بولىدۇ، خوجايىن بولغان ئادەمنىڭ كوڭلى ئىتالىيىلىك ماكىيافىلنىڭ كوڭلى-دەك بولمىسا بولمايدۇ،* ھەممە ئەزاسى شەپقەتسىز بولمىسا بول-مايدۇ. مەقسەتنى دەپ ھەممە ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا، ئوزىنى دەپ ئوزگىنى قۇربان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئەقلىنى دەپ سەزگۇ ئەزا-لىرىنى ئىشقا يارىماس-كارغا كەلمەس قىلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. سىلەر ئادىمگەرچىلىكنى تەكىتلەيسىلەر، بىراق...— يىتېڭنىڭ ئويى-چان قىياپىتى "گۇللىنىش" پولات شىركىتىنىڭ ئىش ئورنىدىكى ھىلىقى كېچىنى گۇڭ يىچۇننىڭ ئېسىگە كەلتۇردى.

ئۇ چاغدىمۇ ھازىرقىدەك گۇگۇم ۋاقتى ئىدى، يىتېڭ گۇڭ يىچۇنگە ماسلىشىپ، ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ دەل قەرەلىدە توك بېرىشىدە ھالقىلىق بولغان تاسما ماشىنىسىنى قۇراشتۇرغۇچى قىسىمغا "گۇللىنىش" پولات شىركىتىنىڭ ئىش ئورنىدا يېتەكچىلىك قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا نەق مەيدانغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى ياپونىيىلىك مۇتەخەسسىس تاسما ماشىنىسىنى ۋاقتىدا قۇراشتۇرۇپ بولۇش مۇە-

---

* ماكىيافىل (1469 — 1527) ئىتالىيىلىك سىياسەتچى ھەم تارىخچى، «زومىگەرلىك» دىگەن كىتاۋى دۇنيادا داڭلىق. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئېيتى ھەممە ۋاستىلەرنى قوللىنىش، نەيرەڭۋازلىق قىلىش دىگەن سوزلەر بىلەن مەنىداش بولۇپ قالغان.

كىن ئەمەس، دەپ ھوكۇم قىلغان ئىدى. ئەمما، قىسىم كىچىكە-كۇندۇز جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، ئىشنى تېزلىتىپ، موجىزە ياراتقان ئىدى. شۇ كۇنى قوراشتۇرۇش ئىشى تۇگەش ئالدىدا تۇرغاندا، يىتىڭ گۇڭ يىچۇن بىللە ئىگىز جازىغا چىقتى، جەڭچىلەر قاتتىق شامالغا پىسەنت قىلماي، جاپاغا چىداپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ ئىككىيلەن جازىدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇن-تىنسىز كىتىۋاتاتتى.

—جۇڭگولۇقلار جاپادىن قورقمايدىكەن جۇمۇ! گۇڭ ئەپەندى، ئۇلار كىچىسى ئىشلىگىنىگە راستىلا ھەق ئالامدۇ؟—دىدى يىتىڭ بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ.

—نەدە ھەق ئالسۇن؟ ھەممە ئادەمگە 3 موچەندىن كىچىلىك تاماق پۇلى بىرىلىدۇ، بىز كادىرلارغىمۇ ئوخشاش.

يىتىڭ جەڭچىلەرنىڭ ئالىجاناپ، مۇقەددەس روھىدىن تەسىرلەنگەن، بۇنداق روھنى تەرىپلىگەن ئىدى.

—ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان، رازىمەنلىك بىلەن جاپاغا چىداپ ئىشلەيدىغان ئەھۋال، ئۇرۇشتىن كىيىن، ياپون مىللىتى خارابىگە يۈزلەنگەن چاغدا بولغان ئىدى،—دىدى ئۇ،—ئۇ چاغلاردا كىشلەرنىڭ كوڭلى پۇچەك ئەمەس ئىدى. مىنىڭچە، ئۇ چاغدىكى جاپا دولەتنىڭ كىلىچىگىگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ئەھمىيەتلىك ئىدى، بىراق ئاخىر ماددى نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا جاپاغا چىداش روھى تىرىقچىلىكمۇ قالمىدى! سىلەرنىڭ روھىڭلار ھورمەتكە سازاۋەر ئىكەن، ئەمما...

ئۇ سوزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىدى. "ئەمما"نىڭ كەينىدە نىمە سوز بار؟ بىر بىرىنىڭ تولۇق ئىپادىلەش ئەپسىز بولغان سوزلىرىنى داۋا-مەت بىللە يۈرگەن بۇ ئىككىيلەن ئوبدان بىلىشەتتى. يىتىڭ جەڭ-

چىلەرنىڭ دولەتنىڭ خوجايىنلىرىدەك روھنى قەدىرلەيتتى، ئەمما ئۇ، بۇ ئىپتىدائى ئىنسانلاردا بولىدىغان خاراكتېر، ھازىرقى زامان ماددى مەدەنىيەتنىڭ ئالدىدا مۇقەررەر يوقىلىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇنداق، گۇڭ يىچۈن بۇنى توغرا، ئورۇنلۇق گەپ دەپ ئويلايتتى. خالىس ئىشلەيدىغانلار ئازايماقتا ئىدى. كىشىلەر جەرىمانە قويۇش چارىسىغا چوقۇنىدىغان بولۇپ قالدىغۇ، بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش ۋىۋىسكىلىرى دائىم كوزگە چېلىقىپ تۇرىدۇغۇ؟ ئۇمۇ باشقا بىرمۇنچە كىشىلەرگە ئوخشاش، ياپونىيە زاۋۇتلىرىنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى جۇڭگودا قوللىنىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا 4 نى زامانىۋىلاش-تۇرۇشتىن ئۈمىت كۈتكىلى بولىدۇ، دەپ ھېساپلايتتى. ئەمما، جاھاندا ئۆزىنى بىر چاغلايدىغان بۇ تەرەققى تاپقان ئەلگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ ئەلگە بولغان قارىشى كۈندىن-كۈنگە تۈزىتىلىپ باردى.

ئۇ دافېن شەھىرىگە بارغان چاغدا، ئىككى قەغەز زاۋۇدى تاقال-غان ئىدى، نەچچە يۈز ئىشچى زاۋۇتتىن ئېقىپ چىقىپ كوچىلاردا سوزلەپ، تىلەمچىلىك قىلىدىغانلىقلىرى ھەققىدە ۋاراقلار تارقاتقان ئىدى، بۇ ۋاراقلارغا: زاۋۇدىمىز بۇگۈن تاقالدى، 250 يىللانما ئىشچىنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتسىز قالدى، ئىجتىمائى قۇتقۇزۇش بىلەن جان باقىلى بولمايدىكەن، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك قىلىپ، ياردەم قوللىرىنى سۇنۇشىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپتىمىز... دېگەن سوزلەر چوڭ-چوڭ ياپونچە ھەرپلەر بىلەن بېسىلغان ئىدى. ئۇ بىر ۋاراق قەغەزنى يەردىن ئالدى، پاتىپاراقچىلىق ئىچىدىكى ئادەملەر-نىڭ غەمكىن، ھودۇققان چىرايلىرىنى، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قاتار كەتكەن ئىمارەتلەرنى، كېتىۋاتقانلارنىڭ پەرۋاسىز مېڭىشلىرىنى كورۇپ، كوڭلى غەش بولدى. ئۇ چېيەنىيېغا قايتىۋاتقان چاغدا،



www.uyghurkitap.com

يېڭى يولنى سۇ بېسىپ كېتىپ قاتناش توختىغان، يولۇچىلار باشقا پويىزغا چۈشۈشكەن بولغاچقا، ۋاگونلارنىڭ ئىچى مىغ-مىغ ئادەم بىلەن تولۇپ كېتىپ، نومۇر بويىچە ئولتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. ۋاگون ئىچى جىمىقىپ قالغاندا، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش كىشىلەر ئورۇنلارنى ئىگەللىشىۋالغان، ئولتۇرۇپ گېزىت كورۇشۇۋاتقان ئىدى، ئاياللار ۋە بالىلار ئورە تۇرۇشقان ئىدى. ۋەكىللەر ئومىگىدىكىلەر ئۇنچۇقمايتتى. ئۇلار بار-يوق بىرنەچچە ئورۇننى ياشانغانلار ۋە بالىلارغا بوشىتىپ بەرگەندە، گويا يەر-جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان بىر ئىش بولغاندەك، ئۇلارغا قايتا-قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى، بۇنى كورۇپ گاڭگىراپ قالغانلار، ھەيران بولغانلار، ھەتتا مەسخىرە قىلغانلارمۇ بولدى. پويىز سائىتىگە 220 كىلومېتىر تېزلىكتە چاپاتتى، دەرىزىنىڭ سىرتىدا پىركازچىكسىز بوتكىلار ئارىلاپ-ئارىلاپ غىل-پال قىلىپ ئوتۇپ تۇراتتى؛ ۋاگون ئىچىدە ھاۋا تەڭشىگۈچ بولغانلىقتىن، تېمپېراتۇرا مۇۋاپىق ئىدى، ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ۋە كورۇش ئەزاسىغا ھوزۇر بېغىشلايتتى. لېكىن، ئادەملەر قانداق؟ ئادەملەرنىڭ قەلبىچۇ؟ ئەگەر پويىز كېتىۋاتقاندا، تاڭشەندە تەۋرىگەندىكىدەك قاتتىق يەر تەۋرەپ كېتىپ، پويىز بىردىنلا بىر قاقاسلىقتا توختاپ قالسا، بىر بىرى بىلەن تونۇشمايدىغان مىڭدىن ئارتۇق يولۇچى دالىدا بىزدىكىدەك بىر ھەپتىگىچە پويىز خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە ياشىغان، بىر ئادەممۇ زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمىغان، بىر تال يىڭنىمۇ يۈتمىگەن ئەھۋالنىڭ بۇ يەردە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئېخ، ۋەتەن! ئۇ ھېچقاچان ئەزىز ۋەتەننى ھازىرقىدەك مۇشۇنداق قاتتىق سېغىنمىغان ئىدى. سەپداشلىرى ۋە تۇققانلىرىنىڭ ئىسسىق چىرايلىرى ھېچقاچان ئۇنىڭ ساپ قەلب تارىنى ھازىرقىدەك مۇنداق

www.uyghurkitap.com

چىلىك چەكمىگەن ئىدى. ھەتتا بىپىداخوۋالىق دىخانچىلىق مەيدانىدىكى لىق ئادەم ياتقان ياتاق، "گۈللىنىش" پولات شىركىتىنىڭ ئىش ئورنىدىكى ۋەيرانە، ئۆزى كوپ قاخشىغان ۋاقىتلىق ئويلەرمۇ ئۇنىڭغا راھەت بېغىشلىغاندەك بولدى.

بىر كۈنى، ئۇ جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئاچقان "خۇاڭشەن ئاشپۇزۇلى"نىڭ ئالدىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقاندا، بىپىجىلىك يېڭى يۇلتۇزلار مۇزىكا يىغىنىنىڭ رادىيودىن بېرىلگەن ناخشىلىرى ئاشپۇزۇلدىن ئاڭلىنىۋاتاتتى، ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ ناخشىغا قۇلاق سالدى ۋە ئاڭلاپ تۇرۇپ ئىختىيارسىز كوز يېشى قىلدى. ئۇ ئاشۇ زىمىندىكى ھەممىنى، پىشقەدەم مەيدان باشلىغىنىڭ تەئەددىلىرىنى، لىيەنجاڭنىڭ تەنقىتلىرىنى ۋە دادىسىنىڭ كادىرلار مەكتىۋىگە چۈشۈرۈلگەن ۋاقتىدىكى ئاچچىق يىللارنىمۇ سويەتتى. ئۇ گويا ئەمدىلا چوڭ بولغان بالا ئانىسىدىن يىراقتا تۇرۇپ، ئانىسىنىڭ پىشانىسىدىكى جاپا- مۇشەققەتنىڭ ئىزى بولغان قورۇقلارنى ئەمدى كورگەندەك، يۈز نەچچە يىلدىن بېرى سانسىزلىغان ئىرادىلىك زاتلارنىڭ ئىمىشقا "جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ يولى"نى تېپىشقا ھەركەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئەمدى بىلدى.

بۇ يەردە، ياپونىيەدە، كىشىلەرنىڭ پىكىر-ھېسسىياتىنى بىر بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە پۇل ئىدى، پۇل گوياكى كوزنى قاماشتۇرىدىغان قۇياش نۇرىدەك، بۇ جەمىيەتتىكى ماددى "مەدىنىيەت"نى يورۇتۇپ، ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك روھنى-ئۇزئارا ياردەملىشىش، ئۇزئارا كويۇنۇش روھىنى ئاستا-ئاستا يوق قىلماقتا ئىدى. دۇرۇس، بىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشىمىز مۇشۇنداق ئىجتىمائى ئاقىۋەتلەر بەدىلىگە ئېلىپ بېرىلسا بولمايدۇ، بىز ئۆزىمىزنىڭ يولىدا

مېڭىشىمىز لازىم. "قايتىپ بېرىپ سوزلىشىڭلار، ــ دىدى يىتىپك گەپنى تۇزلا قىلىپ، ــ مەن سىلەرنى جىڭشاڭنىڭ مەيلىگە بېقىڭلار دىمەكچى ئەمەسمەن، سىلەر تالىشىپ، غۇلغۇلا قىلىپ بېقىڭلار، ئىشقىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، بۇنىسى دوستلۇققا زىيان كەلتۈرمەيدۇ!" يىتىپك بۇ دۇنيادا بىرقەدەر راۋۇرۇس ئادەم ھىساپ-لىناتتى، ئۇ: پۇلنى كوپ تېپىشتا تىرىشىش لازىملىغىنى، ئەمما ئالدامچىلىق قىلىپ ئەمەس، ھەق ئىش قىلىپ تېپىش كېرەكلىگىنى ئېيتىشقا جۇرئەت قىلغان ئىدى. خوجايىنلار ئومۇمەن بۇ مەقسەتلىرىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتتى. لېكىن ئەمىلىيەتتە ھەر قايىسىنىڭ ۋاستىلىرى ھەر خىل ئىدى. W زاۋۇدىنىڭ بىناسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىشلەش ئىشىنى ھەق ئىش قىلىپ پۇل تېپىش دىيىشكە بولاتتى، چۇنكى، قۇرۇلما ئىشلىگۇچى زاۋۇت خېرىدارنى ئالدىمىغان ئىدى. بۇ ئىش ئاخىرلاشتى. ھالبۇكى جىڭشاڭنىڭ بۇ مېلىنى قايسى خىلغا كىرگۈزۈش كېرەك؟

چۈشتىن كېيىن، گۇك يىچۇن سويگىنى چياۋنىنىڭ جۇڭگودىن ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە بۇرۇنقىدەك يېقىملىق سوز-لەر بىلەن يېزىلغان مەزمۇن يوق، خىزمەت توغرىسىدىكى گەپلەر كوپرەك ئىدى. چياۋنى نازۇك ئەسۋاپلار كەسپىنى ئوقۇغان بولۇپ، ياپونچىنىمۇ بىلەتتى، ئۇسكۇنە بولۇمىدە تەكشۈرگۈچى بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇ خېتىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: "... ئىككى پارچە خېتىڭىز ئىككى پەسىلگە ئوخشاپ تۇرۇپتۇ. ئالدىنقى بىر پارچە خېتىڭىزنى كورگىنىمدە كوز ئالدىمدا نورۇزگۇل ھۇپپىدە ئېچىلغان باھار كۇنلىرى پەيدا بولغان بولسا، كېيىنكى خېتىڭىزنى كورگىنىمدە سوغاق شاملى ئادەمنى تىترىتىدىغان كۇز كۇنلىرى پەيدا بولدى...

www.uyghurkitap.com

سىزنىڭ ياپونىيە توغرىسىدىكى قاراشلىرىڭىز نېمىشقا شۇنچە كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن؟ مەن ھازىر مۇشۇ ئىشنى ئويلاۋاتىمەن...

... ياپونىيە ئەۋەتكەن ئۇسكۇنىلەرنىڭ تۇنجى تۈركۈمى كەلدى، مېنى «سەممىيەت» B زاۋۇدىنىڭ 6 توننىلىق بولتىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل قىلىپ قويدى، تەكشۈرۈش ئىشىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇسكۇنىلەرنى ئىشلىگەن زاۋۇتنى ئىللايدىغانلار بولۇۋىمىزدە كۆپەيگىلى تۇردى. تۇنۇگۈن، كۆپ گەپ قىلمايدىغان ئىنژېنېر چېن بوۋاي چېغىدا ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ئاغزىنى بۇزغىلى تاسلا قالدى، ئۇ تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولغان تاسقىغۇچ ئۇسكۇنە ۋە 5 تاسما ماشىنىسىنىڭ ئەمەلىي توننىژى توختامدىكىدىن 205 توننا ئاز چىقتى، بىر توننىسىنى 7 مىڭ 200 يۈەن ھېسابلىغاندا، مۇشۇنىڭدىنلا ياپونلار 1 مىليون 470 مىڭ يۈەن پۇلىمىزنى بىكاردىن-بىكار ئېلىپ كەتكەن بولىدۇ، بۇنىڭغا كىم چىداپ تۇرالايدۇ؟ ئىنژېنېر چېن تەكشۈرۈشتىن باش تارتقان ئىدى. زاۋۇت قۇرۇلۇشى قوماندانلىق ئىشتاۋىدىن دوستلۇققا دىققەت قىلىش كېرەك، دەپ تېلېفون كەپتۇ. ئىنژېنېر چېن: «دوستلۇق»نى دولەتنىي سېتىش يولى بىلەن ساقلىماسمىز! مېنىڭ يۇرتۇم شەندۇڭدا، بىر ناھىيىنىڭ دېھقانلىرى كۆشۈك توقۇپ ئېكسپورت قىلىسىمۇ، بۇنچىلىك پۇلنى بىر يىلدىمۇ تاپالمايدۇ، مەن باشقىلارنىڭ پۇلنى ئاسانلا ئېلىپ كېتىشىگە يول قويسام، مېنىڭ قەيېرىم جۇڭگولۇق بولىدۇ؟ دېدى.

مەن تەكشۈرگەن بولتىنىمۇ چاتاق چىقتى، بۈگۈن ئۈچ يېشىكنى ئېچىپ تەكشۈرۈپ كورۇۋىدۇق، ھەممىسىدە داتنىڭ ئىزى تۇرىدۇ، ئەتە يەنە تەكشۈرمەكچى؛ ئەگەر داتلىنىش ئەھۋالى ئېغىر بولسا، ياپونىيە تەرەپكە باھاسىنى چۈشۈرۈشنى ياكى مالنى قايتۇرۇپ

كېتشنى ئۇقتۇرىمەن. مەن سوھبەتكە تۇنجى قېتىم قاتنىشىۋاتىمەن، ماڭا خەت يېزىپ، مېنى ئىلھاملاندۇرۇشىڭىزنى سورايمەن!

...بەزىدە، ئىنژېنېر چېن دولەتنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ رەھبەر-لىكنى رەنجىتىپ قويىدى، مەن ئۇنداق قىلسام بولامدۇ، دەپمۇ ئويلىدىم. ئەمما، ئاشۇ داتلارنى كورۇپلا، بىيىداخۇاڭدا ئەمگەك قىلغان چاغلار ئېسىمگە كەلدى. بىزدىن چىقىدىغىنى قان-تەر بەدىلىگە كەلگەن پۇل ئەمەسمۇ! شۇڭا، مەن كوڭلۇمدىكىنى دەيمەن، زوكۇنلىشمەن... دولەت مېنى ئۇسكۇنە تەكشۇرۇشكە بەلگىلىدى، ھەربى ئۇچۇن بۇ جەڭ ئورنىدۇر، دولەتنىڭ پۇل خەجلەپ ئولچەمگە توشمىغان ئۇسكۇنىلەرنى كىرگۇزۇپ زاۋۇت قۇرۇپ قالماسلىقى ئۇچۇن، مېنىڭ پۇختا تەكشۇرۇش مەسئۇلىيىتىم بار...“

ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە گۇڭ يىچۇننىڭ كوزلىرى ھول بولدى.

ئەمما چياۋنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باللارچە سوزىنى ئوقۇپ، ئوزىنى توختىتىۋالالماي كۇلۇپ تاشلىدى:

”— ماڭا نىمە ئالغاچ كېلىسىز؟ ئومىلىيەلەيدىغان، كۇلەلەيدىغان قونچاق ئەكېلەمسىز؟“

## 5

جۇڭگو ۋەكىللەر ئومىگى ”سەمىمىيەت“ پولات شىركىتىنىڭ B زا-ۋۇتتىكى جۇڭگو زاكاز قىلغان ئۇسكۇنىلەرنى تەكشۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ يازغان ئىككى قېتىملىق خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان ئىدى. خەتتە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى بېرىدىغانلىقىمۇ ئىما قىلىنغان ئىدى. بۇنى

www.uyghurkitap.com

كورۇپ، كاك كۇاك قاتارلىقلار نوۋەتچى ئايرۇپىلانغا چۇشۇپ شىنخۇغا ماڭدى.

"سەممىيەت" پولات شىركىتى جۇڭگو تەرەپنىڭ چىك تۇرۇۋالغانلىقىدىن شەرتكە شۇنداق ئاسانلا ماقۇل بولدىمۇ، يا بولمىسا بۇنىڭدا باشقا سەۋەپ بارمۇ؟ گۇڭ يىچۇن كاك كۇاڭغا ئۇزىنىڭ قاراشلىرىنى ئېيتتى.

يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بېرى، ياپونىيە گېزىت-ژورناللىرىدا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۇستىدە تۇرلۇك گەپلەر بولۇۋاتماقتا ئىدى. تەسىرى چوڭ بىرنەچچە گېزىت-ژورنالدا جۇڭگو بىلەن ئالاقىسى كوپرەك بولۇۋاتقان ياپونىيىنىڭ 4 چوڭ مالىيە گۇرۇھىنىڭ ئاخباراتى ئورگىنىنىڭ جۇڭگو ئىگىلىگىنىڭ يەنىمۇ تەڭشىلىش يونۇلۇشىنى ۋە بۇنىڭ ياپونىيىگە بولىدىغان تەسىرىنى تەپسىلى تەھلىل قىلغانلىقى خەۋەر قىلىنغان ئىدى. "سەممىيەت"نىڭ ھەركىتى مۇشۇنىڭ ئىنكاسىمىدۇ؟ ئەگەر بۇ ئومۇمى ھەركەتنىڭ تەركىۋى قىسمى بولسا، "سەممىيەت"نىڭ قارىمىغىدىكى مالىيە گۇرۇھلىرى قانداق ئومۇمى ھەركەت قوللىنىدۇ؟ گۇڭ يىچۇن تۇرۇپ-تۇرۇپ بۇلۇتلار ئاستىدا ئەگرى-بۇگرى بولۇپ كورۇنۇۋاتقان دېڭىز بوغۇزىغا كوزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇراتتى ۋە ئىشەنچلىك بىر جاۋاپ تاپماقچى بولاتتى. ياپونىيىنىڭ سەنئەتنىڭ باشچىلىغىدىكى 6 چوڭ مالىيە گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنىڭ ئىنتايىن ئوتكۇرلۇگى، خەلقارالىق چوڭ سودا ئۇستىدە بولىدىغان رىقابەتنىڭ تېخىمۇ جىددى بولىدىغانلىقى، تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇش ئۇچۇن، ھەممە مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ ۋە بۇلارغا قاراشلىق شىركەتلەرنىڭ زامانىۋى سودا ئاخباراتى مەركەزلىرىنى قۇرغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. 1978-

يىلنىڭ بېشىغىچە، ياپونىيىنىڭ پولات ـ تۆمۈر سانائىتى ساھەسىدىلا 760 ئېلېكتىرونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى بولغانلىقى، بۇلارنىڭ كوپ باسقۇچلۇق بىر يۈرۈش تېزگىنلەش سېستېمىسى بولۇپ شەكىللەنگەنـ لىكى، ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە سېتىش ئىشلىرىنىڭ ھەممە ھالقىلىرىغا نازارەت قىلىش ھەم قوماندانلىق قىلىش ئىشلىرىنىڭ مەركىزىي پونكىت ئارقىلىق بولىدىغانلىقى، ئىنكاسىنىڭ تېز بولۇشى مەلۇم جەھەتتە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدىكى ھەربىي قوماندانلىق ئىشتاۋىدىنمۇ كوپ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى؛ ماتېرىياللاردا تونۇشتۇـ رۇلۇشىچە، "سەممىيەت" پولات شىركىتىنىڭ زۇڭبۇسىدا چوڭ باشقۇرـ غۇچى ھېساپلاش ماشىنىسىدىن 28 ى بارلىقى، بۇ شىركەتتىكە قاراشـ لىق 5 زاۋۇت ۋە چەتئەلدە تۇرۇشلۇق 9 ۋاكالەتخانا ھەر كۈنى سائەت 19 دا شۇ كۈنلۈك ئىشلەپچىقىرىش سانلىرى ۋە ئاخباراتىنى سىملىق ھېساپلاش ماشىنىسى ۋە باشقۇرغۇچى ھېساپلاش ماشىنىسى ئارقىلىق زۇڭبۇغا خەۋەر قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، سائەت 21 دە زۇڭبۇـ نىڭ ئومۇملاشتۇرغۇچى ھېساپلاش ماشىنىسىنىڭ ئۇلارغا ئەتىكى ۋەزىپىنى يەتكۈزىدىغانلىقىمۇ ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى.

كاڭ كۇاڭ بىلىملىك، تەكشۈرۈش كەسپىگە پىششىق، يەنە كېلىپ كاپىتالىستىك ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى خېلى ئوبدان بىلىدىغان ئادەم بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز كۆچىگە ۋە پارچەـ پۇرات ماتېرىيالغا تايىنىپلا "سەممىيەت" پولات شىركىتىنىڭ ھەركىتى بىلەن ياپونىيە مونوپول كاپىتالىنىڭ سودا يونۇلۇشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەھلىل قىلىپ، بۇ ھەقتە بىر قارارغا كېلىش تەس ئىش ئىدى. ئۇ چاغدا پۇختا پىلانلانغان چوڭ بىر سودا ھەركىتى ياپونىيىدە يەڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى، "سەممىيەت" پولات

شىركەتكە قاراشلىق B زاۋۇدىنىڭ ھەركىتى بۇ ئىقتىسادىي ھايۋاناتنىڭ مەلۇم بىر ئەزاسىدىكى كىچىككىنە بىر ھەركەت ئىدى، خالاس.

جۇڭگو ئىگىلىكنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشەشنى ئوتتۇرىغا قويغان دەسلەپكى چاغلاردىلا، ياپونىيىنىڭ مالىيە ساھەسى چوڭ ھېساپلاش ماشىنىسى سىستېمىلىرىنى جىددىي تۈردە ئىشقا سېلىپ، جۇڭگوغا دائىر ھەر خىل ئاخباراتلارنى توپلىغان، رەتلىگەن ۋە تەھلىل قىلغان ئىدى. مەلۇم بىر رەھبىرىي يولداشنىڭ بىر مۇھىم يىغىندا: يولداش چېن يۈن 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا ھازىر بار 300 نەچچە مىڭ كارخانىنى ئاساس قىلىش كېرەك؛ ئاساسلىقى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش كېرەك، بۇ بەزى مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىنى ۋە مۇھىم ئۈسكۈنىلەرنى ئىمپورت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ، دېگەن سۆزى «ئىقتىسات تەتقىقاتى»دا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ياپونىيە مالىيە ساھەسىنىڭ قاتتىق دىققىتىنى قوزغىغان ئىدى.

نۇرغۇن سىياسىي، ئىقتىسادىي ئاخباراتلارنى تەپسىلىي تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى مالىيە گۇرۇھلىرى جۇڭگودا ئىگىلىكنىڭ تەڭشىلىشى ئارقىسىدا تەسىرگە ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان توختاملارنى ھەرقايسى شىركەتلەرگە ئۇقتۇردى. 2 مىلىيارت 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا بېرىپ چېتىلىدىغان ”گۇللىنىش“ پولات شىركىتى مەلۇم مالىيە گۇرۇھىنىڭ تەتقىقات نۇقتىسى بولۇپ قالدى. بېيجىڭنىڭ بۇ قۇرۇلۇشنى توختىتىپ قويۇشى ياكى كېيىنگە سۈرۈۋېتىشىنى توساش ئۈچۈن، ”گۇللىنىش“ پولات شىركىتى نىشان قىلىنغان، قاتتىق باش قاتۇرۇپ پىلانلانغان سودا ھەركىتى ئەمەلگە قويۇلدى.



www.uyghurkitap.com

بۇ پىلاننى سۇيىقەست دىسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى مالنى تېز ئۇتكۇزۇپ بېرىپ، ”گۇللىنىش“ پولات شىركىتىنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇش ئىدى. بۇ خەلقارا ئىقتىسادىي قايىنامغا كىرىپ قالغان گۇڭ يىچۇن بۇنى سەل-پەل بولسىمۇ سەزگەن ئىدى.

جىڭشاڭ سىلاڭ يەنىلا سودىگەرلەردە بولىدىغان ئوچۇق چىراي بىلەن كاڭ كۇاڭلارنى كۇتۇۋالىدى. ۋەكىللەر ئومىگى فۇشىشەن مېھمانخانىسىغا چۇشكەن ئىدى، ئىككى تەرەپ B زاۋۇدىدىكى ئۇس-كۇنىلەرنى تەكشۇرۇش ۋاقتى توغرىسىدا سوھبەتلەشتى. كاڭ كۇاڭ جۇڭگو تەرەپنىڭ ۋاقتىنىڭ كەينىگە سوزۇلۇشىنى ئۇمىت قىلمايدىغان-لىقىنى، تەكشۇرۇشنى ئەتىلا باشلىۋېتىش مۇمكىن بولسا، بۇنىڭ كوڭۇلدىكىدەك ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياپونىيە تەرەپنىڭ ماتېرىيالى تەييار بولماي، بىرنەچچە كۇن ئوتۇپ كېتەرمىكىن دىگەن ئويدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

—ئوتكەندە تەكشۇرۇش ئىشىدا ئىختىلاپ بولۇپ قالدى، بۇنىڭغا قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەن، زاۋۇدىمىزنىڭ تۇزۇمى چىڭ، خىلاپلىق قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، —دىدى جىڭشاڭ سۇرلۇك بىر قىياپەتتە، ئاندىن سۇت رەڭ ھوججەت سومكىسىنى كاڭ كۇاڭغا سۇندى، —شىركىتىمىز جۇڭگوغا باشقىچىرەك مۇناسىۋەتتە بولۇشنى قارار قىلدى، مانا ماۋۇ ئالاقىدار ھوججەت-ماتېرىياللار.

كاڭ كۇاڭ ھەيران قالدى، ئەمما چىرايىدىن ھەيرانلىق ئالامە-تىنى بىلدۇرمىدى، ھىلىقى ماتېرىيالنى ئالدىرىماي-تېنىمەي ۋاراق-لاۋېتىپ ئويلايتتى: ”قىممەت مال ئاسان قولغا كەلمەيدۇ، بۇ تۇيۇق-سىز كەلگەن ياخشىلىقنىڭ تۇرتكىسى نىمە؟“

—ئەتە تەكشۇرۇشكە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— بۇ گەپ راستمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

جىڭشاڭنى يولغا سالغاندىن كېيىن، كاك كۇاڭ دۇڭجىڭدىكى باش ئومەككە دوكلات قىلىش ئۈچۈن دەرھال تېلېفون بەردى. باش ئومەك مەملىكەت ئىچىدىكى ئىگىلىكنى تەكشۈرۈشكە دائىر ھۆججەتنى باش ئەلچىخانىدىن تاپشۇرۇۋالغان ئىدى، كاك كۇاڭغا ئەتە دۇڭجىڭغا مەجلىسكە كېلىڭ دەپ ئۇقتۇردى. باش ئومەك باشلىقى تېلېفوندا مۇنداق دېدى:

— لاۋكاك، سىزگە "ئوتتۇرا ھال" بىر خەۋەرنى ئېيتىپ قوياي، "سەمىيەت"نىڭ ھىلىقى 6 توننىلىق بولتىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ! ھەئە، شۇنداق، قايتۇرۇپتۇ. نەق مەيداندا تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمەپتۇ. سىلەر كورمەپسىلەر-دە، چىياۋنى قالتىس قىز ئىكەن! شياۋ گۇڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئەتە تەكشۈرۈشتە ئەستايىدىل بولسۇن، سويگىنىنىڭ ئارقىسىدا قالسا قاملاشمايدۇ جۇمۇ!

بۇ "ئوتتۇرا ھال" خەۋەر گۇڭ يىچۈن بىلەن جۇ شۈەن ئۈچۈن خۇش خەۋەر بولدى. ئەتىسى، جىڭشاڭ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: "مالنىڭ قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى شىركەت بىزگە ئۇقتۇردى، بۇ ئىش زاۋۇتقا قاتتىق تەسىر قىپتۇ..."

گۇڭ يىچۈن ئۆزىنى بىردىنلا يوغىناپ كەتكەندەك سەزدى، كوڭلىدە تىنماي ماختايتتى: "چىياۋنى بىكار نان يەيدىغان ئەسكەر بولماپتۇ!"

كاك كۇاڭ ئۈچۈن بۇ خەۋەر ئىسمى جىسمىغا لايىق ئوتتۇرا ھال خەۋەر ئىدى. چۈنكى، مالنى قايتۇرۇۋەتكەندە، ياپونىيە تەرەپكە سەتچىلىك بولاتتى، جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر

يېتەتتى. بۇ خەۋەر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بىر تۈگۈننى يېشۋەتكەن ئىدى، ئۇ ھەل قىلىۋالغان بىردىن-بىر ئىش شۇ ئىدى — "سەممە-يەت"نىڭ ماتېرىياللىنى رازىمەنلىك بىلەن چىقىرىپ بېرىشى، تەكشۈ-رۈشنى باشلاڭلار دەپ ھەيدىشى بۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار بولسا كېرەك.

B زاۋۇدىدىكى تەكشۈرۈش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى، گۆك يىچۈن كەپشەرلەشتە بىرنەچچە جايدا چاتاق بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويى-غاندا، جىڭشاڭ دەرھاللا ئوڭلاپ بېرىشكە ماقۇل بولدى ھەمدە تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندە بۇنداق چاتاقنىڭ كورۇل-مەسلىگىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما، ئىش تەر-تىپلىرىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسىگە بىرمۇ-بىر سېلىشتۇرۇۋىدى، بىر نەرسە گۆك يىچۈننىڭ كاللىسىنى چېكىۋاتقاندەك بولدى، بۇ نەرسە نېمە؟

جۇ شۈەن ئەتە ئەتىگەنلىككە يەيدىغان نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن دەرىجىدىن تاشقىرى ماگىزىنغا كەتكەن ئىدى. گۆك يىچۈن ئۆزى يالغۇز سافادا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ سول قولىدا بىر ئىستاكان پىۋا بار ئىدى، ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ پىۋىدىن ئوتلاپ قوياتتى، ئوڭ قولى بىلەن ھېلىقى ئىش تەرتىپلىرىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسىنى بەتمۇ-بەت ۋاراقلايتتى. ئۇنىڭ كاڭ كۇاڭ بىلەن ئىشلەۋاتقىنىغا 3 يىل بولغان ئىدى، بۇنداق قىلىشقا ئادەتلىنىپ قېلىشىنى ھەر ھالدا شۇ ئۇستازىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى.

ئۇنىڭ كۆزى سىر پۈركەش خاتىرىسى يېزىلغان ئىككى بەتتە توختىدى، پىكرى بارا-بارا ئايدىڭلاشتى. دۇرۇس، ئۇنىڭ ئېڭىغا چۈشتىن كېيىن مۇشۇ ئىككى بەت خاتىرە تەسىر قىلغان ئىدى.

قارىمامسىز، ئىككىلىسى 7 ـ ئايدا يېزىلغان، ئەمما ئالدىنقى بەت بىلەن كېيىنكى بەت ئارىسىدا بىر ئاق ۋاراق قالغان، نىمىشقا ۋاراق-نىڭ ئاق قالغان يېرىمىغا ئۇلاپ يېزىلمىغان؟ باشقۇرغۇچى بىخەس-تەلىك قىلغانمۇ؟ ياق، خەت شۇنداق رەتلىك يېزىلغان. ئەمىسە... كېيىنكى ئىككى بەت باشقىدىن كوچۇرۇلگەن. كاللىسىغا شۇ پىكىر كېلىش بىلەنلا، گۇڭ يىچۇن غۇۋا يورۇقتا كېيىنكى ئىككى بەتتىكى خەتلەرنىڭ قېنىق تۇرغانلىغىنى كوردى. دۇرۇس، راستىلا قايتا كوچۇرۇلگەن، يېزىق ياپونچە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە قايتا بېسىل-غان بولسىمۇ، گۇڭ يىچۇننىڭ ئوتكۇر كوزى بۇنى بايقىۋالدى. ئۇنداق بولسا، بۇ ئىككى بەت نىمىشقا ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن؟ كىشىگە كورسەتكىلى بولمايدىغان مەزمۇن بارمىدى، ياكى سىيا تېمىپ كەت-كەنمۇ؟

## 6

— چۇشتىن كېيىن يېتىپ كەلگىنى يوقلاپ كەلسەك قانداق، لاۋجۇ؟

— ئۇنى يوقلاپ نىمە قىلىمىز؟ شياۋگۇڭ، سىززە يوقلاڭ گەپ-لەرنى قىلمىدىكەنسىز. كاڭزۇڭ يوق؛ ياخشىسى، ئىشىمىزنى تۇگى-تىپ ياتاقتا ئولتۇرىلى، پەقەت بولمىسا تالا ـ تۇزنى ئايلانساقمۇ مەيلى، بىر كىمنى يوقلايمىز دىمەيلى.

جۇ شۇەن ئومەك ھازىرلاپ بەرگەن ماتىريال ۋە ئوزى ئىگەللى-گەن بىلىم دائىرىسىدە تەكشۇرۇش خىزمىتىگە ئەستايىدىل ئىدى، ئۇسكۇنە ھەققىدە سوئاللىرى بولسا، رەھبەرلىككە دەيتتى، رەھبەرلىك ھەل قىلىش چارىسىنى تاپالمىسا، ئۇ بۇ سوئالنى ئوچۇ-

رۇپ تاشلايتتى، ھەمچقاچان ئۆزى بىر ئامال قىلىپ تەكشۈرۈپ باقمايتتى، سوئالغا جاۋاپ تېپىش ئۈچۈن ئەھۋال ئۇقۇشمايتتى، ئۇ ئاشۇنداق ئادەم ئىدى.

—ئاۋارە بولۇپ نىمە كەپتۇ؟—دەيدى ئۇ گۇڭ يىچۇنگە،—بىز دىگەن چەتئەلدە تۇرۇۋاتىمىز، رەھبەرلىك ھەل قىلالمىغان ئىشنى بىزنىڭ ھەل قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ياپونىيىلىكنى يوقلاپ بارساق، خىزمەتكىمۇ پايدىلىق، ئەمما خەق ئۇنداق قارشى ئالمايدۇ، ئىش ئۇڭغا تارتسا، كوپ دىگەندىمۇ، ”خىزمەتتە ئاكتىپ، تەشەببۇسكار“ دىيىشەر، بىرەر چاتاق چىقىپ قالسا، بىرنىمە دەپ چۈشەندۈرۈش قىيىن. كىمنى دەپ ئاۋارە بولمەن دەيسىز!

كىمنى دەپ؟ دىگەن سوز جۇ شۇەننىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيتتى. ئۇ مۇنداق دىگەن ئىدى: ياپونىيىنىڭ تەكشۈرگۈچىلىرى جۇڭگوغا بارسا، نىمىشقا بىز بىلەن سودىلىشىپ، تالىشىپ يۈرۈپ ئوپكىدەك بولۇپ كېتىشىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئىشنى ئەپلەشتۈرەلىسە، خوجايىنى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئوستۇرىدۇ، مائاشىنى كوپەيتىدۇ، ئەمما، ئەپلەشتۈرەلمىگەنلەرنى خوجايىنىنىڭ ئىشتىن بوشىتىۋەتكەنلىكىنى كورگىنىم يوق. ئۇلارنىڭ تەكشۈرگۈچىلىرىنىڭ كەينىدە ئىككى قامچا ئېسىقلىق: بىرى مىس داچەندىن قىلىنغان، يەنە بىرى تاسمىدىن ئورۇلگەن.

گۇڭ يىچۇن ياپونىيىگە كەلگەندىن كېيىن، ”خوجايىنلىق“ دىگەن سوزنىڭ نەقەدەر يىقىملىق سوز ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ قاتتىق سەزدى. ”ماڭا، ئادەتتىكى بىر ياشقا، ئېيىغا نەچچە ئون يۈەنلا كىرىم قىلىدىغان كىچىك شەخسكە ئاشۇ بايلارنىڭ ھىجىيىپ قاراشلىرى، زىياپەتلەردە ئاۋال كېلىپ رومكا سوقۇشتۇرۇشلىرى مېنىڭ جۇڭخۇا خەلق

جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەكشۈرگۈچى ۋەكىلى بولغانلىقىمدىن ئەمەسمۇ؟ ماڭا بىر ملىيارت خەلق تىرەك ئەمەسمۇ؟ كىمنى دەپ دىگىنىنىمسى؟ ۋەتەننى دەپ-دە، بۇنىڭغا ئۆزەم بىپىداخۇاڭ ۋە ھەربىر قىسىمدا قان-تەر ئاققۇزۇپ قىلغان ئەمگەكمۇ كىرىدۇ."

جۇ شۆەن تەجرىبىنى سوزلەيتتى، ئەمما گۇڭ يىچۇندە ئىسسىق قىنى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياشلارغا خاس مىجەز بار ئىدى. ھەر بىر ئەۋلات ياش، ئەجداتلارنىڭ ۋابال قىلىنغانلىقىغا، بەختسىزلىككە دۇچكەلگەنلىكىگە قاراپ كۆرەش قەدىمىنى توختىتىپ قويمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، تارىخ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، تۇرمۇشتا يېڭىلىقلار بولىدۇ.

يېتىڭغا ئۆزىدە تۇغۇلغان سوئالنى يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ ئېيتماقچى بولغان گۇڭ يىچۇن جۇ شۆەننى ئۇنىمىغانىغا ئۇنىماي بىللە ئېلىپ باردى. "گۇللىنىش" پولات شىركىتىنىڭ ئىش ئورنىدا بىللە ئىشلەش جەريانىدا، گۇڭ يىچۇن يېتىڭنى ئوز، ئاقكوڭۇل ئادەم ئىكەن دەپ ھىساپلىغان ئىدى.

يېتىڭ ئۇنچۇقمايتتى. ئۇچەيلەن كارۋاتتا بىر بىرىگە قارىشىپ ئولتۇراتتى. باھار قۇياشىنىڭ تال-تال نۇرى ئەينەكتىن ئوتۇپ ئۆيگە چۈشۈپ تۇراتتى. 4 دانە ماتىرىيال ماشىنىسى توغرىسىدىكى خىيال يېتىڭنى ئازاپلىماقتا ئىدى. شىركەتتە ئېچىلغان سېتىش ئىشىغا مەسئۇل كادىرلار يىغىنىدا: ئۇ بۇ ماشىنىلارنىڭ 78-يىلى ئافرىقىغا سېتىلماقچى بولغانلىقىنى، ئەمما سىياسى جەھەتتىكى سەۋەپ تۈپەيلىدىن، ئافرىقىنىڭ مال ئىمپورت قىلىشنى توختاتقانلىقىنى، ئەمدىلىكتە B زاۋۇدى كونا ئۇسكۇنىنى بىرەر قۇر سىرلاپلا جۇڭگوغا سېتىپ بەرسە، شىركەتنىڭ ئىناۋىتىگە داغ چۈشىدىغانلىقىنى باش جىڭلىغا ئېيتقان ئىدى. ئەمما، باش جىڭلى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بۇ

كىشىنىڭ پىكرىگە پىسەنت قىلمىدى.

"ئىناۋەت! — دىگەن ئىدى جىڭشاڭ، — ئىناۋەت دىگەن نىمە؟ جۇڭگولۇقلار ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان 'سەممى بولۇش'مۇ؟ بىزنىڭ ئىناۋىتىمىز ئەمىلىي كۈچتە — ئالدىنقى قاتاردىكى تېخنىكا ۋە ھۈنەر-سەنئەتتە. بىز مۇشۇ نەرسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالمىساقلا، ئۇلار ئاخىر بىزنىڭكىنى ئالماي قويمايدۇ. بىز جىقراق پۇل تاپىمىز دەپ ھىلە ئىشلىتىپمۇ قويىمىز، ئەمما بۇ خىجىل بولغۇدەك ئىش ئەمەسقۇ؟ پۇل تاپمايدىغان شىركەتمۇ بارمۇ؟"

يىتېڭ تېخنىكا كۈچىگە تايىنىپ پۇل تېپىشنى قوللايتتى، ئەمما سىتىۋالغۇچىنى ئالداشقا قارشى ئىدى؛ ئۇ سودىدا قارشى تەرەپنىڭ ھەمىيىنىدىن مۇمكىن قەدەر كوپ پۇل سۇغۇرۇۋېلىشنى كوزلىسىمۇ، ھەق يول بىلەن سۇغۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئەخلاقنىڭ ئۆلچىمى دىگەنمۇ ھەر خىل-ھەر ياڭزا-دە، جىڭشاڭغا سېلىشتۇرغاندا، يىتېڭنى تۈز، ئاقكوڭۈل ئادەم دىيىش مۇمكىن ئىدى.

B زاۋۇدىنىڭ ئىشى يىتېڭنىڭ ئادەمگە رېچىلىك پەلسەپىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى، ۋىجدانىغا زىت ئىدى. بىراق، يىتېڭ شىركىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىماي تۇرالمايتتى. شۇ سەۋەپتىن، ئۇ چيەنيې رايونىدا لىللا پوزىتسىيە بىلەن، جۇڭگو تەرەپتىن سوھبەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۆز بىڭسىسىنى ئىشقا سېلىپ، بولۇش ئېھتىمالى بولغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئۈمىت قىلاتتى. ھازىر، مۇنۇ ياش دوستى چاتاقنى بايقىۋېلىپ، بىر خىل ئىشەنچ نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا سوئال قويدى. ئەگەر ئۇ بۇ دوستىغا ياردەم بېرىش قارارىغا كەلسە، بۇنىڭ ئۆزى كوڭلىنى غەش قىلىۋاتقان غەمنى يوقاتقانلىق بولاتتى.

يىتىك ئۇلارنى ئۈزىتىپ سىرتقا چىققاندا، كەچلىك ئۈسمىنىدىن چۇشۇش ۋاقتى بولغان ئىدى، كوچىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىنادىن ئەر-لەرنىڭ بىرلىكتە ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلاندى. ”كەچلىك تارىم“ باشلانغاندەك تۇراتتى. بىر كۇنلۇك تىجارەتنى تۈگەتكەندىن كېيىن، كوپچىلىك ”پىركازچىك ناخشىسى“نى بىرلىكتە ئېيتاتتى. ناخشا تېكىستىنىڭ ئاساسي مەزمۇنى پىركازچىكنىڭ بىلىمى مول، زېھنى ئوتكۇر بولۇشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋىجدانىغا زىت ئىش قىلماسلىقى كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ناخشا ئاۋازى ھاۋادا ئۈزەتتى. ئۇلار بىر پەس ئاڭلاپ تۇرۇشتى.

—بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى يامان ئەمەس ئىكەن، —دېدى گۇڭ يىچۇن مەنىلىك قىلىپ.

—ئوبدان يېزىلغان! —دېدى يىتىك قىزىقچىلىق قىلىپ كۇلۇپ.

دەرىزىگە تۇتىنىڭ قارا پەردىسى تارتىلغان ئىدى. ”ھور مېھمانلار ئاشپۇزۇلى“دا كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، گۇڭ يىچۇن جۇ شۇەننى ياتاققا ئاپىرىپ سوردى:

—باياتىن يىتىكى ھىلىقى 4 دانە ماشىنىنىڭ بۇلتۇر 7-ئايدا سىرلانغانلىقىنى نىمشقا بىزگە دەپ قويىدۇ؟

—ھەممىسى قۇرۇق گەپ، ئىش تەرتىپلىرى خاتىرىسىدە يېزىق-لىق ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ دېگىنى نىمىگە ھىساپ بولاتتى!

—ھازىر گەپ مۇشۇ ئەقىللىق ئادەم دېگەن ”قۇرۇق گەپ“تە بولۇۋاتىدۇ، بىز دەل مۇشۇ پەردە چاتاق بارلىقىنى سەزدۇق. ئۇ يەنە: شۇ ئايدا بوغۇم ياللۇغى كېسىلىم قوزغىلىپ قالدۇ، دېدى. دىمەك، ھاۋا ياخشى ئەمەس دېگەن سۆز، شۇنداقمۇ؟ —دېدى گۇڭ يىچۇن ئۇزىچە قىياس قىلىپ.

— ئۇ سۇپەت باشقۇرۇشتىكى مەخسۇس ئاتالغۇ بولغان Preventive Maintenance نىڭ قىسقارتىلمىسى PM نى ئىككى قېتىم تىلغا ئالدى، بۇ سۆز ماشىنا-ئۈسكۈنىلەردىن چاتاق چىقىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دېگەن مەنىدە. ئۇنداقتا، چاتاقنىڭ 7-ئايدا چىققانلىقى، يەنە كېلىپ سىرلاش بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىدە گەپ يوق!

جۇ شۇەن ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى، ئۇ شۇ سۆزدە مۇشۇنداق مەنە بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان ئىدى. يىتېڭنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، جۇ شۇەننىڭ كۆڭلى باشقا بىر ماددى دۇنيادا كەزمەكتە ئىدى. ئۇ بىرەر ياپونىيىلىكنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، "كۆزنى ئېچىپ" كېلىشنى بۇرۇنلا ئويلىغان. كاپىتالىستىك دۆلەتتە بىرەر ئائىلىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئۈمىت قىلغىنىدا، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ھەركەت، "ھەممىنى دىيىش" كۇرسى ... ھەققىدە يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئويلانماي قالمايتتى... ئۇ بۈگۈن بۇرۇندىن ئويلاپ كەلگەن ئارزۇيۇم ئىشقا ئاشىدىغان ئوبدان پۇرسەت بولدى دەپ ئويلىدى. ئۇ تەرەققى تاپقان جەمئىيەتتىكى ئائىلىنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى ۋە ئېلېكتىر ئەسۋاپلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئوبدان كۆرۈۋېلىپ، ئاندىن بىر يارماق، بىر يارماقتىن تېجەپ قالغان تۇر-مۇش پۇلىغا كۆڭۈلدىكىدەك ئېلېكتىر ئەسۋاپتىن بىرەرنى سېتىۋېلىپ ۋەتەنگە ئېلىپ كېتىش، بۇنىڭ بىلەن ئەھۋالى خوشنىلىرىنىڭكىدىن ياخشىراق بولغان ئائىلە تۇرمۇشىدا زامانىۋىلاشتۇرۇش پۇرىقىنى كۆپەيتىش خىيالىدا ئىدى. ئۇ ئاخىر نېمە ئېلىپ كېتىش توغرىسىدا بىر قارارغا كەلدى؛ سوھبەتمۇ ئاخىر ئاياقلاشتى؛ ئۇ ئۆزى ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىگە ئىگە بولغان، مەھرۇم بولۇپ قالماسلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

لازىم بولغان نەرسىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالغان ئىدى.

— سىرتقا چىقىپلا كېلەي! — دېدى گۈك يىچۈن ۋە ئىشىكتىن غىپپىدىلا چىقىپ كەتتى، پەلەمپەيدىن ئۇنىڭ تېز تاشلىغان قەدەملىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ياخشىمۇ سىز، خېنىم!

— ياخشىمۇ سىز، ئەپەندىم! — بۇ پۇكەيدىكى كۈتۈۋچىنىڭ جاۋابى ئىدى.

— مالال كەلمىسە، بۇلتۇرقى 7 - ئاينىڭ گېزىتىنى تېپىپ بەرسىڭىز قانداق؟

— كەچۈرگەيسىز، بىز گېزىتنى ئۇزاق ساقلىمايمىز. ئەتىلىككە شەھەرلىك كۇتۇپخانىغا بېرىپ قاراپ باقسىڭىز بولامدىكىن، ئۇ يەردە چوقۇم بار.

ئەتە؟ ئەتە تەكشۈرۈشكە كىرىشىش كېرەك، ئەتىنى كۈتۈش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ "ھور مېھمانلار ئاشپۇزۇلى"نى ئېسىگە ئالدى، بۇ ئاشپۇزۇلنىڭ ئاتا - بوۋىسى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ فېڭلەي دىگەن يېرىدىن بولغان خوجايىنى كىتاب ساقلايدىغان ئادىتىم بار دەپ ماختانغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ جۇڭگودىن كەلگەنلەرگە بەك قىزغىن ئىدى.

گېزىت خەۋىرى ئۇنىڭ قىياسىنى توغرىغا چىقاردى.

بۇلتۇر 6 - ، 7 - ۋە 8 - ئايلاردا گۇەندۇڭ، جىنجى ۋە جيۇجۇ قاتارلىق جايلاردا ئاق يېغىن بولغان، يامغۇر 7 - ئايدا ئەڭ كوپ ياققان، سۇ ئاپىتى توكيودىن فۇگاڭغا بارىدىغان يېڭى تومۇريولنىڭ بىر قىسمىنى ئۈزۈپ تاشلىغان ئىدى.

ئىش تەرتىپلىرى خاتىرىسىدە ئۇسكۇنىنىڭ ئوچۇقچىلىقتا سىرلان-

غانلىغى يېزىلغان، ئۇنداقتا دات باسماس سىرنىڭ سۇپىتى ناچار بولۇپ چىقىدۇ. گۇۋاڭ يىچۇن يوشۇرۇن ئاپەتنى تېپىپ چىقتىم، سىر ياخشى بېرىلمىگەن، شۇڭا ئاز دېگەندە باھاسىنى 5% چۈشۈرۈش لازىم، دەپ ئويلىدى. ئەمما، ئەتىسى سىرنى سىلاپ كۆرگىنىدە، ھەقىقى ئاپەتنى تاپتى. ئۇمۇ، جۇ شۇەنمۇ تەڭلا داڭقېتىپ قالدى: بۇ كونا مال ئىكەن!

## 7

تاڭ سەھەر، ھاۋا ئىللىق ئىدى. يۇمشاق دېڭىز شامىلى لەيلەپ دېڭىزدا پورت ئارىلىنى ۋە دۇنياغا كېلىشى ۋاتقان لېۇجيا ئارىلىنى بىرقانچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، دەرھال قۇرۇقلۇققا چىقتى-دە، دابەن-شېنخۇ سانائەت رايونىدىكى 30 نەچچە شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ نازۇك قولى جۇيۇ مېتال كارخانىسى، رىلى كېمىسازلىق كارخانىسى، چۇەنچى ئېغىر سانائەت كارخانىسى قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر چوڭ كارخانىلارنىڭ يۈزىنى ئادىللىق بىلەن سىلاپ ئۆتكەندىن كېيىن، داڭلىق "سەمىمىيەت" پولات شىركىتىگە قاراشلىق B زاۋۇدى بىلەن A زاۋۇدىنىڭ يۈزىنى سىلاشنى ئۇنتۇمىدى.

تەكشۈرۈش مەيدانىدىكى گۇۋاڭ يىچۇن بىلەن جىڭشاڭنىڭ سوھبىتىمۇ ئاشۇ دېڭىز شامىلىغا ئوخشاش يۇمشاق ۋە قەتئىي ئىدى. بۇ سوھبەتنى ھېچقانداق نەرسە توسۇۋالالمايتتى، ئۇ ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇشقاقلىقچە باراتتى، ھەر بىر داغ-كىرنى تاپاتتى.

—جىڭشاڭ ئەپەندى، بۇنداق سىرلاشنى نىمە دەپ چۈشەندۈرىسىز؟—دەپ سورىدى گۇۋاڭ يىچۇن ماشىنىنىڭ پىچاق بىلەن قىرغان

سرىنى كورستىپ تۇرۇپ ئوڭمەستىن. ئۇ "ئەدەپ" بىلەن سوزلەشنى ئۇگىنىۋالغان ئىدى.

......

ــ يوشۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىدى، جىڭشاڭ ئەپەندى. سىلەر ۋاقىت جەھەتتىن ئۇتىمىز دەپ ئاق يېغىن بولۇۋاتقان چاغدا تېز سىرلىغان، بۇنداق قىلىشىڭلار خېرىدار ئۇچۇنمۇ، ياكى سىلەرنىڭ پۇل تېپىشىڭلار ئۇچۇنمۇ؟ ئافرىقىلىقلار ئالمىغان نەرسىنى جۇڭگوغا تاڭماقچى بولساڭلار... "سەمىمىيەت"نىڭ زاۋۇت بەلگىسىدىكى ھىلىقى يۇرەكنىڭ رەسمىنى نىمە دىسەك بولار؟

B زاۋۇدىدىكى مۇشەققەتلىك سوھبەت ئاخىرلاشتى، 4 ماشىنىنىڭ ئىككىسى توختامدىن چىقىرىۋېتىلدى، قالغان ئىككىسىنىڭ باھاسى 45% چۇشۇرۇلدى.

بۇ قېتىم گۇڭ يىچۇن B زاۋۇدىدىن فۇشىشەن مېھمانخانىسىغا قايتىپ كېلىپلا، گۇلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالەتتە جۇ شۇەنگە پەۋا سۇندى.

ــ شۇنداق قىلىپ دولەتكە بىر مىليون 350 مىڭ يۇەن تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلدۇق، تۇرمۇش پۇلىنى 40% تېجىگەندىن قانداق بولدى دىمەمسىز؟

ــ شۇنى دەڭا، بۇ پۇلنى ياپون پۇلىغا تېگىشسە، 178 مىليون 200 مىڭ يۇەن بولىدۇ-دە! بۇ پۇل ئومەك بويىچە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئائىلىسىنى زامانىۋى ئائىلە قىلىپ قوراللاندۇرۇپ چىقىپ، بۇنىڭدىن ئاشقىنىغا بىر بىنا سالسىمۇ يەنە ئېشىپ قالىدۇ.

ــ بېيجىڭ "شەرق شامىلى" تېلېۋىزور زاۋۇدى 50 مىڭ يۇەن تاشقى پېرېۋوت خەجلەپ ياپونىيىدىن ئۇسكۇنە ئىمپورت قىلغان،

دىمەك، ھازىرقى بۇ پۇل بىلەن ”شەرق شامىلى“ تېلىۋىزور زاۋۇ-
دىدەك زاۋۇتتىن يىگىرمىنى تەسىس قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ ئىككىيلەن تەبىللا يۇقۇرقىدەك ھىساپ-كىتاپ قىلدى.

گۇاڭ يىچۇن، جۇ شۇەن ۋە كاڭ كۇاڭلار خوشلىشىش زىياپىتى بولىدىغان زالغا غالىپلارچە كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى؛ جىڭشاڭ سىلاك بىلەن بىللە ئۇزىتىشقا كەلگەن مۇئاۋىن باش جىڭلىمۇ كۈلەتتى، بۇ كۈلكىدە ئەپۇ سوراش مەنىسىمۇ، مەيۇسلىنىش مەنىسىمۇ يوق ئىدى. بۇ كۈلكە دوستلۇق نىقاۋىدا نىقاپلانىغان، مەنىلىك كۈلكە ئىدى. ھىلىقى ئۇلۇغۋار پىلان ئىشقا ئاشماقتا دەپ چوت سوقۇشاتتى ئۇلار.

ئەمما، كاڭ كۇاڭ توكيودىن كېلەشىدە مەملىكەت ئىچىدىن كەلگەن يولىيورۇقنى ئالغاچ كەلگەن ئىدى. مەركەز بۇ ئىشنى توختىتىپ، ”گۈللىنىش“ پولات شىركىتىنىڭ ئىككىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشنى كېچىكتۈرۈشنى قارار قىلغان ئىدى. چۈنكى جۇڭگونىڭ ھازىرقى ۋاقىتتىكى كۈچى ۋە بازارنىڭ ئېھتىياجى ئىشلەپچىقىرىشنى يېزا ئىگىلىكى—يېنىك سانائەت—ئېغىر سانائەت دىگەن تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما، ياپونىيە تەرەپنىڭ قىينىچىلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ياپونىيە ھوكۇمىتى تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن كوپرەك پۇل قەرز بەرسە، ئىككىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشنى توختاتماي داۋاملاشتۇرۇۋېرىشمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. بۇ تامامەن جۇڭگونى دەپلا قىلىۋاتقان ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. 81-يىلى دۇنيادا ئەمىلي سودا مىقدارى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم چۈشكەن بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى دۇنياۋى چېكىنىش پولات-تومۇر سانائىتىگە ھەممىدىن ئېغىر زىيان كەلتۈرگەن

ئىدى. جۇڭگونىڭ بۇنداق قىلغانلىقى، ئەينى ۋاقىتتا، ياپونىيىنىڭ مەبلىغى ۋە مەھسۇلاتى ئۈچۈن چىقىش يولى تېپىپ بەرگەنلىكى ئىدى. ئەلۋەتتە، بانكا ئىگىلىرى تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن پۇل قەرز بېرىشكە ئۇنىمىدۇ، يوق، بۇنىسى باشقا بىر ئىش ئىدى.

بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش دولقۇنى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىگە بېرىپ تېگىدىغان چوڭ دولقۇن يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئىككىلا تەرەپ ئۆز مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداشقا تەييار بولۇشقان ئىدى، بۇنداق قىلىش دوستلۇقىقا توسقۇنلۇق قىلمايتتى.

شۇنداق قىلىپ، ۋالىلداپ تۇرغان رومكىلار ئىگىز كۆتىرىلدى، سوقۇشتۇرۇلغان رومكىلار ياپونىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بۇتخانىلارنىڭ پەشتىغىدىكى قوڭغۇراقلار شامالدا جىرىڭلىغاندەك جىرىڭلايتتى. رومكا ئاۋازلىرى دىنىي ئەقىدىلەردەك "دوستلۇق ئۈچۈن" دىگەن دۇئا ـ تىلاۋەت ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ، زىياپەت زالىدا جاراڭلايتتى. گودەكلەر بەلكىم بۇنداق سورۇننى چىن ھېسسىيات ئىپادىلىنىۋاتىدۇ دەپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، تەجرىبىلىك كاتى كۆڭلىنىڭ دىمەيلا قويايلى. ياش گۇڭ يىچۈننى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇمۇ بۇ رومكىلارنى يالغان ھېسسىيات تۇغدۇرغۇچى دەپ قارىغان ئىدى.

گۇڭ يىچۈن ئايروپىلاننىڭ شوتىسىغا چىقىپ ئېھتىرام بىلدۈرگىنىدە، جىڭشاڭ ۋە مۇئاۋىن باش جىڭلىنىڭ كۈلكە يۇگۈرگەن يۈزىنى كوردى، يېتىپكىمۇ كۈلۈپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن باشقا خېڭخېمۇ... گۇڭ يىچۈن بۇ كۈلۈپ تۇرغان چىرايلاردىن قىزىلگۈللىنىلا ئەمەس، تىكەن ـ جىغان ۋە ئوڭغۇل ـ دوڭغۇللارنىمۇ كوردى. ئۇنىڭ قەلبىدە

مۇنداق بىر خىتاپ جۇشقۇنلايتتى:

قۇرۇق گەپكە ئالدانغان روھ ئۇلدى، مەن رىيال تۇرمۇش داۋامىدا قايتا ھاياتقا ئېرىشتىم.

ۋەتىنىم، ئېخ ۋەتىنىم، مەن قوينۇڭغا قايتىپ كەلدىم!

(«ئازاتلىق ئارمىيە ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 9 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللا ئابلىز.
تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: خوجائابدۇللا ئوسمان.

*****************************

پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئىتى پرولېتارىياتنىڭ پۈتۈن ئىنقىلاۋى ئىشىنىڭ بىر قىسمى، لېنىن ئېيتقاندەك، پۈتۈن ئىنقىلاپ ماشىنىسىنىڭ "چىشلىق چاقى ھەم ۋىنتىسى".

**ماۋ زېدۇڭ**

*****************************

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ماۋزۇسىز سوھبەت

## شا يېشىن



ھەر بىر سەھنە ئەسىرىنى يېزىپ بولغاندا، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغاندەك، بوشىشىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ قالىمەن. ئايىلىم، بۇ خۇددى بالا تۇغقانغا ئوخشايدۇ، بوۋاق يەرگە چۈشۈش بىلەن، ئانا ناھايىتى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ-دە، خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ماغدۇرىغا كېلەلەيدۇ، دەيدۇ. بۇ قېتىم مەن بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، كېچە-كۈندۈزلەپ ئىشلەپ، «كىشىلىك ھايات» ناملىق ئالتە پەردىلىك درامىمىنىڭ ئۈچىنچى كۆپىيىسىنى يېزىپ تۈگەتتىم. ئارگىنالنىڭ ئاخىرقى ۋارىغىغا "تۈگىدى" دىگەن سوزنى يېزىپ بولۇپ قەلەمنى قويغاندىن كېيىن، ئۆزەم يەڭگىللەپ

قالدىم ـ دە، شۇ زامات پالەچ بولۇپ قالغاندەك، ئاغزىمنى ئېچىپ گەپ قىلغۇدەكمۇ مادارىم قالمىدى. ئەتىسى ئايىلىم باغچىنىڭ ئايلىق بىلەتىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ كېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ هوي دىراماتورگ، سىزگە بىر ئايلىق "تۇغۇت ۋاقتى" بېرەي، باغچىغا بېرىپ "كوزىيىپ" كېلىڭ! ــ دېدى. ئايىلىم چىن كوڭلىدىن كويۇنۇپ، شۇنداق مېھرىۋانلىق قىلىۋاتسا، گېپىگە كىرمەسلىكىم مۇمكىنمۇ؟

باغچا دېگەن ياشانغانلار بىلەن ياشلارنىڭ بارىدىغان يېرى. ياشانغانلار بۇ يەردە ساياھەت قىلىپ، چامباش ئويناپ، چاي ـ پاي ئىچىپ، پاراڭ سېلىشىپ، هوزۇر قىلىدۇ؛ ياشلار بۇ يەردە بىر بىرىنى قوغلىشىپ، قىزىقچىلىق قىلىشىپ، مۇھەببەتلىشىپ، بىر بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، پۇخادىن چىققۇچە ئوينايدۇ. ماڭا ئوخشاش ئوتتۇرا ياشلىقلاردا ياشانغانلارنىڭكىدەك بىكار ۋاقىتمۇ، ياشلاردىكىدەك ھەۋەسمۇ بولمىغاچقا، ئادەتتە باغچىغا ئۇلار ئاندا ـ ساندىلا كېلىپ قويىدۇ. بۇ قېتىم مەن نەنجياۋ باغچىسىغا كەلدىم، ئايىلىم مېنى ھە دەپ كاللىسىنى ئىشلىتىۋەرمەي، بىرئاز ئارام ئالسۇن دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەن ئادىتىمنى ئۆزگەرتەلمىدىم، باغچىغا كېلىپمۇ "ئوبرازلىق تەپەككۇر"دىن توختىمىدىم. مەن سايىدىكى ئۇزۇن بەندىڭدە ئالدىمدىن ئوتۈۋاتقان سەيلىچىلەرگە دىققەت بىلەن قاراپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇرۇپ، ئۇلار قانداق ئادەملەردۇ؟ نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقاندۇ؟ ئۇلارنىڭ كەسپى نىمىدۇ، مىجەز ـ خۇلقى قانداقتۇ؟ ئۇلار نىمىگە ھەۋەس قىلىدىغاندۇ ۋە نىمىنى ئارزۇ قىلىدىغاندۇ؟ ئۇلار ئوز تۇرمۇشىنىڭ يوللىرىدا ئېگىز ـ پەسچىلىككە ياكى

ئاسانچىلىقتا، مەيۈسلۈككە ياكى خوشاللىقتا ئۇچرىغانمىدۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. مەن ئۆز تەسەۋۋۇرۇمنى ئىشقا سېلىپ، ئاتام كورمىگەن، ئاتام كورمىگەن بۇ كىشىلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۇچۇن ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى يازاتتىم. بىرنەچچە كۈنلۈك كۆزىتىشتىن كېيىن، ھەم ئۆزەمنىڭ ئىلگىرىكى تەسىراتىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى باشقا-باشقا بولسىمۇ، يېشىغا قاراپ ئايرىساق، ئاساسەن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى: ياشلارنىڭ شېرىغا، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ھېكايىگە، ياشانغانلارنىڭ نەسرى ئەسەرگە، پۈتكۈل كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ بولسا تىياتىرغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن يەنە باغچىغا بېرىپ، يەنىلا ھېلىقى ھەمىشە ئولتۇرىدىغان ئۇزۇن بەندىڭدە كۆزۈمنى يۇمۇپ دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ، بىر دەمدە ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، چىراقلار يېنىپ كېتىپتۇ، سول يېنىمدا بىر جۈپ يىگىت-قىز، ئوڭ يېنىمدا بىر جۈپ ياشانغان ئەر-خوتۇن ئولتۇرۇپتۇ.

مەن ئاۋال كۆزۈمنىڭ قۇيرۇغىدا سول يېنىمدىكى ياشلارغا قارىدىم: يىگىت قاش-كۆزلىرى خېلى جايىدا، بويى ئىنچىكە-ئېگىز كەلگەن بولۇپ، كىيىنىشى يېڭى پوسۇندا، ئۆزى خۇشخۇي ئىدى؛ قىز بولسا چىرايلىق، كىيىنىشلىرى پۇزۇر، بوي-تۇرقى كېلىشكەن قىز ئىدى. ئۇلارنىڭ قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، خۇددى يېنىدا باشقا ئادەم يوقتەك ۋە دۇنيادا ئۆزلىرىلا باردەك، ئۇلار بىر بىرىگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ، بىر بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشاتتى، تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، تۇرۇپ پىچىرلىشاتتى. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدە بولۇپ

كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

مەن ئوڭ يېنىمدىكى ياشانغان ئەر-خوتۇنغىمۇ قاراپ چىقتىم: ئۇلار ياداڭغۇ چىراي، شالاڭ ئاق چاچلىق بولۇپ، ھاسا تاياقلىرىنى يېنىغا قويۇپ قويغان ئىدى. بوۋاي پەرۋاسىزلىق بىلەن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قارايتتى، موماي بەنداۋتى رادىيونىڭ ئاڭلىغۇچىنى قۇلىقىغا تىقىۋېلىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن رادىيو ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇلار بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشىپ قويۇپ، بىر ھازاغىچە جىمىپ قالاتتى. ئۇلار باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشنى زادى خالىمايدىغان، باشقىلارغا دەخلى بېرىشنى تېخىمۇ راۋا كۆرمەيدىغان كىشىلەردەك قىلاتتى، گەپنىمۇ ناھايىتى پەس ئاۋازدا قىلىشاتتى.

گەپنىڭ راستىنى قىلسام، مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ نىمىش قىلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ تاپالمىدىم، ھەتتا ئۇلارنىڭ قايسى كەسىپتىكىلەرگە يېقىن كېلىدىغانلىقىنىمۇ پەملىيەلمىدىم. مېنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىم بىردىنلا ئاجىزلاشتى-دە، ئۇلارنى ھازىرچە كۆر مىڭلىغان جانلىقلارنىڭ بىر ئەزاسى، ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ ئومۇملىققا ئىگە كىشىلەر دەپ قارىماقتىن باشقا ئامالىم بولمىدى.

ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. ئەلۋەتتە، سول يېنىمدىكى ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەتلىك سۆزلىرىگە ئوڭ يېنىمدىكى بوۋاي بىلەن موماي قىزىقمايتتى؛ شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئوڭ يېنىمدىكى بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ پاراڭلىرىغا سول يېنىمدىكى ئاشىق-مەشۇقلار دىققەت قىلىپمۇ قويمايتتى. مەن بولسام، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان كەسپىي ئادىتىم بويىچە، باشقىلارنىڭ ئىزھار قىلغان يۈرەك ساداسىنى ئاڭلاشقا قىزىقاتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە

مەن بۇ توتەيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغاچقا، ھەر ئىككى يېنىمدىـ
كىلەرنىڭ قىلىشقان گېپىنى ئاڭلىيالايتتىم.

ئۇلار زادى نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ؟ مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ، قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ گەپنى تىڭشىماقتا ئىدىم.

سول يېنىمدا—

قىز: سىز مەن بىلەن بىللە بولۇشنى ياخشى كۆرەمسىز؟

يىگىت: سىز بىلەن بىللە بولغان چاغدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇتنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن.

قىز: نېمە ئۈچۈن؟

يىگىت: ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇتتا سىز ماڭا بەكمۇ سېخىلىق قىلىسىز.

قىز: ئانداق بولسا، بىز كۆرۈشكەن چاغدىكى ھەر بىر مىنۇتنى ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇت دەپ بىلىڭ.

يىگىت: بەك ياخشى گەپ بولدى، مەن ھازىرلا سىزنى سۆيىمەن!

قىز: ياندا ئادەم تۇرسا، ئىزا تارتمامسىز؟

يىگىت: ياق، ئىزا مەندىن قورقىدۇ!

ئوڭ يېنىمدا—

بوۋاي: نېمە دېدىڭلا؟

موماي: ھېچنېمە دېمىدىم.

بوۋاي: دېدىڭلا.

موماي: راستلا ھېچنېمە دېمىدىم.

بوۋاي: بۇ يەردە ئولتۇرغىنىمىزغا بىر ئاش پىشىم بولدى، ماڭا

بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىڭىزمۇ؟

موماي: دەيدىغان گەپلەرنى ياش ۋاقتىمىزدا دەپ بولۇپتىكەنمەن.

بوۋاي: مەن بايا سىلىنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىغاندەك قىلدىمغۇ؟

موماي: شۇنداق بىلىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئۇ دىگەن ئىلگىرىكى ئاۋازنىڭ ئەكس ساداسى بولسا كېرەك.

بوۋاي: ياق، ياق، مەن ناھايىتى ئوچۇق ئاڭلىدىم!

موماي: قۇلىغىمدىكى ئاڭلىغۇچتىن ئاۋاز سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

بوۋاي: ھە... ئۇنداق بولسا رادىيونىڭ ئاۋازىنى سەل پەسلىتىڭلا.

موماي: شۇنداق پەس تۇرسا.

بوۋاي: يەنە پەسلىتىڭلا، يېنىڭلىدىكى ئاۋۇ كىشى ئۇخلاپ قاپتۇ.

سول يېنىمدا —

يىگىت: دۇنيادىكى نەرسىلەردىن سىز نىمىنى ھەممىدىن ياخشى كورىسىز؟

قىز: ئاينى. سىزچۇ؟

يىگىت: ئاينىڭ يېنىدىكى يۇلتۇزنى.

قىز: سىز — ئاي، مەن بولسام يۇلتۇز.

يىگىت: مەن بىر-ئىككى-ئۈچ دەپ توۋلايمەن.

قىز: نىمىشقا؟

يىگىت: ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىمىز.

ئوڭ يېنىمدا —

موماي: مەن سىلىگە بىر ئېغىز گەپ قىلماقچى.
بوۋاي: گەپنىڭ چىقىمىغى شۇنداق تەس بولۇۋاتقاندا، سىلىگ ئېغىز بولسىمۇ ئاڭلايمەن!
موماي: ئەتە نىمە سەي ئالسام بولار؟
بوۋاي: ۋايىيەي، قىلچىمۇ ھىس ـ تۇيغۇ پۇرىغى يوق بۇ گەپتە! دۇفۇ.
موماي: يەنە دۇفۇ يەيمىزمۇ؟
بوۋاي: چىۋي چيۇبەي جۇڭگونىڭ دۇفۇسى بەك يىيىشلىك دەپتىكەن.
موماي: شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى كۈندە يەۋەرگىلى بولمايدۇ ـ دە.
بوۋاي: ئۇنىڭ سەكرات ۋاقتىدىمۇ دۇفۇ يىگۈسى كەپتىكەن.
موماي: ماقۇل، ئەتە ئەتىگەندە چىقىپ دۇفۇ ئالاي.

سول يېنىمدا —
قىز: ئاسمانغا چىققاندىن كېيىن ئەگەر UFO غا ئۇچراپ قالساق...
يىگىت: تىلەپمۇ ئۇنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش چوڭ كەشپىيات ـ دە! سۈرەتكە تارتىۋېلىپ يەر شارىغا ئېلىپ كەلسەك، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىمىز!
قىز: باشقا پىلانىتىدىكى ئادەملەر بىزنى تۇتۇپ ئەسىر قىلىۋالار ـ مىكىن دەيمەن.
يىگىت: ئۇلار يۈكسەك مەدىنىيەتكە ئىگە، ئۇلار ئاللىبۇرۇنلا ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلمايدىغان بولغان، ئۇلارنىڭ پىلانىتلار ئارا ئۇرۇش قوزغىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.
قىز: باشقا پىلانىتىدىكىلەر مىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، مەن بىلەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تويي قىلىشنى تەلەپ قىلسا قانداق قىلغۇلۇق؟

يىگىت: بىرىنچىسى، بۇنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ؛ ئىككىنچىسى، سىز جاۋاپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ «نىكا قانۇنى»نى كۆرۈپ چىقىڭ.

قىز قاتتىق كۈلۈپ كېتىپ: سىز راستلا باشقا پىلانىڭىزلاردا ئادەم بارلىقىغا ئىشىنەمسىز؟

يىگىت: ھازىرقى بىلىش سەۋىيىسى بويىچە تېخى بىلىپ كېتەلمىگەن شەيئىلەرنى يېپىكىلىك بىلەن ئىنكار قىلىۋەتمەسلىك كېرەك.

ئوڭ يېنىمدا —

موماي: رادىيودا قۇلىقىدا خەت تونۇدى دېگەن گەپنى تەنقىت قىلىۋاتىدۇ.

بوۋاي: ماڭا گەپ قىلىۋاتامسىلە؟

موماي: ھەئە.

بوۋاي: تەنقىت قىلىش كېرەك! قۇلاقتا خەت تونۇسا، كۆزنىڭ نېمە كېرىكى؟

موماي: ئەمما قۇلاقتا خەت تونۇغاننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر بار ئىكەن.

بوۋاي: كۆز باغلاشنىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنغۇ! دەپ بېقىڭلا قېنى، سىلە قۇلىقىڭلاردا خەت تونۇيالامسىلە؟

موماي: قۇلىقىم گەپنى ئاران ئاڭلاۋاتسا خەتنى قانداق تونۇيدۇ؟

بوۋاي: ئەمىسە بۇنداق غەلىتە پاراڭغا نېمىشقا ئىشىنىسىلە؟

موماي: ياق، ئۆز بېشىمدىن ئۆتمىگەن ھەرقانداق نېمىگە ئانچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئىشىنىپ كەتمەيمەن.

يىگىت بىلەن قىز يەنە قاتتىق سويۇشۇپ كەتتى. بوۋاي يەنىلا ئېرەڭسىزلىك بىلەن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قارايتتى، موماي پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ رادىيو ئاڭلاش بىلەن بەنت ئىدى. مەن ئىلگىرىكىدەكلا كوزۇمنى سەل يۇمۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سالاتتىم.



ئۇڭ يېنىمدا —

موماي: رادىيودا ئەتە هاۋا ئوچۇق بولىدۇ دەۋاتىدۇ. كىيىملەرنى ئاپتاپقا سېلىۋالساق بولغىدەك.

بوۋاي: هەر يىلى ئاپتاپقا سالىمىز، تېخى بىرنەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدىلا ئاپتاپقا سالغان تۇرساق.

موماي: سىلىنىڭ ياش ۋاقتىلىرىدىكى هىلىقى كەمزۇلنى تېخى ئاپتاپقا سالمىدۇق.

بوۋاي: بىر چاغلاردا ئۇ دېگەن دولەت كىيىمى ئىدى، ئەمدى ئۇنى هېچكىم كىيمەيدىغان بولۇپ قالدى.

موماي: ئۇنى سوكۇپ، نەۋرىمىزگە كىيىم قىلدۇرۇپ بەرسەك

بولامدىكىن.

سول يېنىمدا —
يىگىت: بىر قۇر شىم-كاستۇم تىكتۈرەي دىسەم، ئانام ئۇنىمايۋاتىدۇ.
قىز: پۇل يوقمىدى؟ پۇل بولمىسا مەندە بار.
يىگىت: ياق. ئانام ساندۇقىنىڭ ئاستىدىن ئۈچ ئەۋلات ئادەم كىيىپ ئىشىپ قالغان بىر ئەسكى پاختىلىق چاپاننى تېپىپ چىقتى ۋە ئانامنىڭ تەكلىۋى بىلەن مومام ماڭا ئۇتمۇشنى سوزلەپ بەردى.
قىز: هە؟ سىز تەسىرلەندىڭىزما؟
يىگىت: تەسىرلىنىپ يىغلاپ تاشلىدىم، تېخى تەسىراتىمنى سوزلەپ كېتىپتىمەن.
قىز: نىمە دىدىڭىز؟
يىگىت: مەن، هەر نىمە دىگەن بىلەن يەنىلا كونا جەمىيەتنىڭ رەختلەر پىششىق ئىكەن، بىر چاپاننى ئۈچ ئەۋلات ئادەم كىيىپتۇ، دىۋىدىم، موماىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ، تاس قالدى كېسىلى تۇتۇپ قالغىلى.

ئوڭ يېنىمدا —
موماي رادىيونىڭ ئاڭلىغۇچىنى بوۋايغا بېرىپ: ئاڭلاپ باقسىلا، بۇ ناخشىنى ئوقۇمىغىلى ئۇزاق بولغان ئىدى!
بوۋاي بىردەم ئاڭلاپ بېقىپ: نىمىدىگەن ياخشى، يەنىلا ئىلگىرىكى ناخشىلار ئىسىل-دە!
موماي: سىلىمۇ ياخشى دەۋاتامدىلا؟

بوۋاي: ياخشى بولغاندىن كېيىن نىمىشقا ياخشى دېمەيتتىم؟ قاتتىق ئىشەنچ بىلەن دەيمەن تېخى، ئىلگىرىكى ناخشىلار ھەقىقەتەن ياخشى.

موماي: شۇنداق، بۇ ناخشىنى بىزدەك ئادەملەر ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ھازىرقى ناخشىلاردەك غىتا-غىتاڭ ناخشىلاردىن ئەمەس-دە!

بوۋاي: ھازىرقى ناخشىلار ئادەمنى قىشتا مۇز يېگەندەك قىلىپ قويىدۇ، خۇددى تومۇر بىلەن ئەينەكنى جىجىغاندەك ئاڭلىنىدۇ، مەن زادىلا ياقتۇرمايمەن ھەم چۈشەنمەيمەن.

سول يېنىمدا —

قىز: ئۈچ ئەۋلات ئادەم كېيىپ ئېشىپ قالغان چاپاننى مەن تېخى كۆرۈپ باقماپتىمەن، ئۇ قانداق بولىدىكىنە؟

يىگىت: ئۇ چاپان كونىراپ ئۇتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن، خۇددى ئالدىمىزدىكى مۇشۇ يوغان تاشقا ئوخشاش، ھەممە يېرى تۆشۈك. لېكىن بۇ يوغان تاش بولسا چىرايلىق.

قىز: ئۇنىڭمۇ تۆشۈكلىرى تۇرسا.

يىگىت: تۆشۈك ئوخشاش بولغان بىلەن، ئۇ ئەگەر چاپاندا بولسا، ئۇتمە-تۆشۈك دېيىلىدۇ؛ يوغان تاشتا بولغان بولسا، نەپىسلىك ئۈستىگە گۈزەللىك قونغان بولىدۇ. بۇ خۇددى قىزىل رەڭگە ئوخشايدۇ، قىزىل رەڭ چىرايلىق بولىدۇ، مەسىلەن، قىزىل بايراق، قىزىلگۈل شۇنداق؛ قىزىل بۇرۇنمۇ قىزىل، ئۇ چىرايلىقمۇ؟

قىز: بۇ گەپچە بولغاندا، يوغان تاشنىڭ تۆشۈكلىرى گۈزەل بولىدىكەن. ئەمما ئۇ بەكمۇ قەدىمىي-دە.

يىگىت: ياق، ئۇ ھازىرقى زامان روھىغا ئەڭ باي! ئۇ-رىياللىق-

تىن ھالقىپ كەتكەن لىتىلىق سۈرەت، كورگىلى بولىدىغان تەسىراتپەرەسلەر مۇزىكىسى، يېزىقسىز تۇتۇق شېئىر، ۋەقەلىكى يوق ھېسسى رومان، چۈشەنگىلى بولمايدىغان، ئىدىيۋىلىكى يوق نەرسە سەنئەت ئەمەس دەپ كىم ئېيتىدۇ! بۇ تاشلارنى كورۇپ چۈشەنگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭدا قانداق ئەخلاقىي ۋەز-نەسىھەتلەر بار؟ ئۇ سەنئەت ئەمەسمۇ؟

بۇ چاغدا بىر ئاقار يۇلتۇز ئاسماننى يېرىپ غەربىي جەنۇپ تەرەپكە قاراپ ئېقىپ كەتتى. بىز بەشىلىمىز تەڭلا بېشىمىزنى كوتىرىپ، ئۇ يۇلتۇزغا قارىدۇق.

سول يېنىمدا —

قىز: بۇ ئېقىپ كەتكەن يۇلتۇز ئالەمدە قانچە يىل ياشىغان بولغىيتى؟

يىگىت: نەچچە مىڭ يىل، نەچچە ئون مىڭ يىل، بەلكىم نەچچە يۈز مىليون يىل ياشىغان بولۇشى مۇمكىن.

قىز: ئەپسۇس، ئۇنىڭ يورۇقلۇق بەرگەن ۋاقتى كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئوتۇپ كەتتى.

يىگىت بىر نەرسىنى ئويلىغاندەك بىرئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن: بىز ئاقار يۇلتۇزغا ئوخشاپ قالساق بولمايدۇ...

ئوڭ يېنىمدا —

موماي: ئىلگىرى كىشىلەر، ئاسماندىن بىر يۇلتۇز چۈشۈپ كەتسە، يەردە بىر ئادەم ئولىدۇ، دېيىشەتتى.

بوۋاي: بىز پات ئارىدا ئېقىپ كېتىدىغان ئاقار يۇلتۇزغا ئوخشاش بولۇپ قالدۇق.

موماي: سىلە... ئۆلۈمدىن قورقامدىلا؟

بوۋاي: قورقىمەن، لېكىن ئەڭ قورقۇنچلۇغى ئىلگىرى ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزمىگەنلىك.

موماي: ئاشۇ ئاقار يۇلتۇزغا ئوخشاش، يوقىلىش ئالدىدا ئازراق يورۇقلۇق بېرەلىسەك، شۇمۇ ناھايىتى ئىسىل ئىش بولىدۇ.

بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى.

سول يېنىمدا —

قىز: يەنە بىرئاز ئولتۇرايلىمۇ؟

يىگىت: مەيلى، تېخى بالدۇرغۇ. يەنە بىرمۇنچە ۋاقتىمىز بار.

قىز: سىز ھېلى نېمىنى ئويلىدىڭىز؟

يىگىت: ھېلىقى ئاقار يۇلتۇزنى.

ئوڭ يېنىمدا —

موماي: ئەمدى قايتايلى، ئەتە ئەتىگەندە چىقىپ دۇفۇ ئالىدىغان ئىش بار تېخى.

بوۋاي: ھەئە، ئازراق يورۇقلۇق بېرىش كېرەك.

موماي: نېمە دىدىلە؟

بوۋاي: ھېچنېمە دىمىدىم، ھېچنېمە...

خۇددى بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك، يېنىمدىكىلەر بىردىنلا جىمىپ قالدى. مەنچۇ؟ مەنمۇ بىرنېمىنى ئويلاۋاتاتتىم.

www.uyghurkitap.com

مەن مۇنـۇلارنى ئويـلاۋاتـاتـتىم: يەنە 80 ـ 90 يـىـل ئۆتسە، يەر شارىـدا هـازىـر ياشاۋاتـقان كىشلەرنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى بارا ـ بارا تۈگەپ، يەنە بىر تۈركۇم كىشـلەر كەيىنى ـ كەيىـنـدىن دۇنياغا كېلىدۇ. لېكىن هاياتلىق داۋاملىشىدىغانلا بولسا، ئەدىبىياتتا شېئىر، هىكايە، نەسىرى ئەسەر بولـغىنىـدەك، دۇنـيادىمۇ ياشـلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار بولىدۇ. ئەگەر ياشلارغا سەل قارالسا، يەر شارى هەركەتتىن توختايدۇ؛ ئەگەر ياشانغانلار چەتكە قېقىلـسا، يەر شارى ئۆز ئىزىدىن چىقىپ كېتىـدۇ. ياشـلار بىلەن ياشانغانـلار ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى قانـداق پەرقـلەرنىڭ بولغانـلىقىدىن، هازىر قانداق پەرقلەرنىڭ بارلىقىدىن، كەلـگۈسىدە قانـداق پەرقـلەرنىڭ بولىدىغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلار مۇشۇ ئورتاق دۇنيادا ياشاشنى بىلىشى كېرەك؛ شۇنىڭدەك كەلگۈسىدىكى ياشلارنىڭ هازىرقى ياشلارغا قارىغاندا تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن بولىدىغانـلىقىغا، كەلـگۈسـىدىكى ياشانغانلارنىڭـمۇ هازىرقى ياشانـغانلارغا قارىـغاندا تېخـىمۇ قىزغىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك.

مېنىڭ سول يېنىمدىكى ياشلار مېنىڭ ئوتمۇشۇم؛ ئوڭ يېنىمدىكى قېرىلار مېنىڭ كېلىچىكىم. مېنىڭ بۇ قارىشىمغا قوشۇلامسىلەر؟

دەل مۇشۇ چاغدا مېنىڭ ئايىلىم كېلىپ:

ــ نىمىشقا شۇ چاققىچە ئويگە قايتمايسىز؟ باغچىنىڭ ئىشىگىـنىمۇ تاقاپ بولدى، ــ دىدى.

سول يېنىمدىكى ياشـلار ئىتتىك ئورنىـدىن تۇردى، ئوڭ يېنىمـدىكى قېرىلارمۇ هاسىسىغا تايىنىپ ئەستە ئورنىدىن قوزغالدى.

ــ ماقايىلى ئەمسە، ــ دىدىم مەن.

ــ مەن كىرىشىمگىلا باغچىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىدى، ــ دىدى

ئايىلىم، — باغچىنىڭ خىزمەتچىسى بىزنى 4 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىڭلار دېدى.

— شۇنداق چوڭ باغچىنىڭ 4 ـ نومۇرلۇق ئىشىكى قەيەردىدۇ؟ يولداش، سىز بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى يىگىت مېنىڭ ئايىلىمدىن.

— ياق، مەنمۇ بىر قېتىملا ماڭغان ئىدىم، ھازىر ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— مەن بىلىمەن، ئىلگىرى بىر كوپ قېتىم ماڭغان. بىراق بەك يىراق، مېڭىشتا ناھايىتى قىينىلىسىز، — دېدى بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ.

— كېرەك يوق، سىلەر يول كۆرسىتىپ بېرىڭلار، بىز سىلەرنى يولەپ ماڭايلى. — يىگىت شۇنداق دېدى ـ دە، قىز بىلەن ئېتىنىڭ بېرىپ، بوۋاي بىلەن موماينى يۆلىدى.

بوۋاي بىلەن موماي يول كۆرسەتكەن، يىگىت بىلەن قىز ئۇلارنى قولتۇقىدىن يۆلىگەن ھالدا ئالدىمىزدا ئاستا ماڭدى، بىز ئىككىمىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق. ئايىلىم مەندىن ئاستا سورىدى:

— سىز ئۇلارنى تونۇمسىز؟

— تونۇمايمەن... ھە، ياق، تونۇيمەن، بىز بىللە ئولتۇرۇپ ئۇزاق پاراڭلاشتۇق.

(«خەلق ئەدىبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 8 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەرجىمە قىلغۇچى: خوجائابدۇللا ئوسمان.
تەرجىمىسىنىڭ تەھرىرى: ئابدۇللا ئابلىز.

# چىڭقى چۈش ۋاقتىدىكى جىمجىتلىق

جاشى داۋا



لاسا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى توت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا قاتناش ساقچىسىنىڭ قىزىل ۋە ئاق بوياق بېرىلگەن بوتكىسى ئورنىتىلغان ئىدى، رەستىنىڭ سەل نېرىراغىدا، ئۇدۇل تەرەپتىكى دەرەخنىڭ سايىسىدا يەرگە ئىككى پاخال كورپە سېلىنغان، پاكار بىر شىرە قويۇلغان، ئارپا ھارىقى قاچىلانغان ئاق سۇلياۋ تۇڭلار تىزىپ قويۇل-غان بىر مەيخانا بار ئىدى، بۇ مەيخانىنىڭ خوجايىنى ناچىن ئىسىم-

www.uyghurkitap.com

لىك 19 ياشلىق قىز ئىدى. ئۇ قىز قۇلاق-مىڭىنى يەپ كېتىدىغان ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇ مەيخانىسىنى قىزىق بازار-دىن مۇشۇ دەرەخنىڭ سايىسىگە كوچۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇ تېچ-ئاراملىقنى خالايتتى.

ئاۋغۇست كۈنلىرى، پىژغىرىم ئاپتاپ كەڭ زېمىننى قىزىتماقتا، چېكەتكىلەر چۇش مەزگىلى بولۇپ، رەستىنى ئۇيقۇ باسقان. ئاندا-ساندا بىرەر يولۇچى كېلىپ يانچۇغىدىن ئىككى موچەن چىقىرىپ، بىر ئىستاكان هاراقنى ئېلىپ ئىچەتتى-دە، ئالدىراش كېتىپ قالاتتى. ناجىن چىرايلىق كوزلىرىنى قىزىق ئاپتاپتا ئېرىپ يۇمشاپ قالغان قاراماي ياتقۇزۇلغان يولدىن ئالمايتتى، ئۇنىڭ كوڭلىدە تېخىچە بىر غەشلىك بار ئىدى.

بىرئازدىن كېيىن، ئۆزى قاراموتۇق كەلگەن، قارا كوزەينەك تاقىغان، ئۈچىسىغا تولستوپكا كىيگەن، سول مەڭزىدىكى تارتۇغى كوزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بىر يىگىت كەلدى. ئۇ پاخال كورپىسگە كېلىپ ئولتۇردى-دە، ناجىنغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، ياغلىقىنى چىقىرىپ، پارقىراپ كەتكەن پېشانىسىنى سۈرتكەچ ئۆزى بىلەن ئۆزى:

—ياپىر، ما كۈننىڭ ئىسسىپ كەتكىنىنى!—دېدى.

ناجىن ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان هاراق قويۇپ بېرىپ گەپمۇ قىلماي بىر چەتتە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا سەپسېلىپ چىقتى.

يىگىت ئىستاكاننى ئېلىپ، هاراقنى غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىگە ياراشقان بۇغدىيىگى بىر كوتىرىلىپ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى. ناجىننىڭ قەلەم قاشلىرى پەسكە قىيشايدى، كوزلىرى قىسىلدى، ئۇ زەردە بىلەن:

— مەن سېنى تونۇيمەن. ئاكامنى تۇرمىگە تۇتۇپ بەرگەن سەن، — دىدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

يىگىتنىڭ بۇغدىيىگى ھەركەتتىن توختىدى. ئۇ ئۇستاكاننى قويۇپ، گويا ئالدىدىكى قىزنى ئېنىق كورۇۋېلىش ئۇچۇن كوزەينەكنى ئالماقچى بولغاندەك، ئىختىيارسىز ھالدا بىر قولىنى قارا كوزەينەكنىڭ رامكىسىغا ئاپاردى. ناچېن كوزەينەكتىك توسۇپ تۇرغان بۇ بىر جۇپ كوزنى كورۇپ باقماقچى ئىدى ۋە ئۇنى چوقۇم بورىنىڭ كوزىدەك دەھشەتلىك سۇر نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كوز دەپ ئويلايتتى.

ئەمما يىگىت كوزەينىكىنى ئالمىدى، ئۇستاكاننى قولىدا بىر ھازاغىچە ئايلاندۇرۇپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر:

— ياق، ئۇ گۇناكار ئىدى، — دىدى.

— ئەمما ئۇنى سەن تۇتۇپ بەردىڭ، بۇنى مەن بىلىمەن! ئاكام ئىلگىرى مەكتەپتىكى ۋاقتىدا يۇگرەشتە بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەگەن، ئۇنىڭغا ھىچكىم يېتىشەلمەيتتى. سەن ئۇدۇلدىن كېلىپ...... سەن ج خ ئىدارىسىنىڭ خادىمى بولمىساڭ، كەچقۇرۇندا ئۇزەڭنىڭ ئويىگە كەتمەي، نىمىشقا ئاكامغا چىڭ ئېسىلىۋالىسەن؟ ئاكامنىڭ بۇرۇن ساڭا ئاداۋىتى بارمىدى؟ — دەپ سورىدى قىز ھاياجانلىنىپ ۋە يىغلاپ تاشلىماسلىق ئۇچۇن ئوزىنى تۇتۇۋېلىپ.

— مەن ئۇنى تونۇمايتتىم. ئۇ شىرىك توپلاپ جىدەل چىقارغان، باشقىلارغا پىچاق سالغان، يولدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان بىر بوۋاينى پىچاق بىلەن زەخىملەندۇرۇپمۇ قويغان، بۇ ئىشلارنى مەن كوردۇم. مانا، بولغان ئىش شۇ، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز. قاراڭ، مېنىڭ مۇنۇ يېرىمگە بىر يادنامىمۇ قالدۇرۇپ قويىدى تېخى. — دەپ خاتىرجەم

جاۋاپ بەردى ئۇ سول مەڭزىنى سىلاپ قويۇپ.

ــ سەن تۇتۇپ بەرمىگەن بولساڭ، ئاكام قېچىپ كېتەلەيتتى! ھەممىنى قىلغان سەن! ــ دەپ چىقىراپ تۇۋلايتتى قىز كوز چاناق-لىرىغا تولۇپ كەتكەن ياشىنى چىقارماسلىققا تىرىشىپ.

ــ ئۇ قېچىپ كېتەلمەيتتى. مەن تۇتۇۋالمىغان بولسام، ج خ ئىدارىسىدىكىلەر تۇتاتتى. جەدەل تېرىپ خەقنى زەخىملەندۇرۇش قانۇنغا خىلاپ، ئۇنداق قىلغانلار قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىدۇ. مۇشۇنداق ئىش.

ناجىن يۇزىنى چاڭگاللاپ تۇتقىنىچە ئىسەدىگەن ھالدا ھەسرەت چەكتى: ”ھەي... نىمىشقىمۇ خەقنى زەخىملەندۇرگەندۇ؟ بېشىغىنى يەيدىغان.“ ئۇنىڭ ئاخىرقى سوزىنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقى ــ ئاكىسىنى تىللىغانلىقىمۇ، ئالدىدىكى يىگىتنى تىللىغانلىقىمۇ، يا بولمىسا ئۆزىنى تىللىغانلىقىمۇ ــ نامەلۇم ئىدى.

كوچىدا ئادەمنىڭ سايىسىمۇ كورۇنمەيتتى، بىر ئىت يولدىن ئېرىن-چەكلىك بىلەن ئۆتتى ـ دە، سالقىن تام تۈۋى بىلەن مېڭىپ كىچىك كوچىغا كىرىپ كەتتى. قۇياش نۇرى ئەتراپنى تونۇردەك قىزىتىۋەت-كەن بۇ چىڭقى چۈش مەزگىلىدە دەرەختىكى قۇشقاچلارمۇ جىمىپ كەتكەن ئىدى. كوزنى قاماشتۇرىدىغان كۆچلۈك ئاپتاپ كىشىنى ئېزىپ ئۇيقۇغا تارتاتتى.

ناجىن باش ـ ئۇچى يوق خىياللاردىن ئېسىنى يىغدى، يىگىتكە يەنە بىر ئىستاكان هاراقنى قۇيۇپ بېرىپ، پەرىشان هالەتتە:

ــ بىلەمسىز، ئاكام ئەخمەقلىق قىلغان. ئۇنىڭ سويگىنى بار ئىدى، ئۇ قىز بەك يۇۋاش ـ مومىن قىز ئىدى، ئاكام ئۇنى خالىغانچە ئۇرۇپ ـ تىللىسىمۇ، تەپسىمۇ، ئۇ گەپ ياندۇرماي، بېشىنى قامالىغان

پېتى جىم تۇراتتى، يەنىلا ئاكامنى ياخشى كورەتتى. ئەمدى ئۇ ئۇيدىن چىقماي بىغلاپلا تۇرۇۋاتىدۇ، كوز يېشى دەريا بولۇپ كەتتى! قۇلىغىغا ھىچقانداق گەپمۇ كىرمەيدۇ بىچارىنىڭ.ــ دىدى.

يىگىت ئۇنچۇقماستىن، بېشىنى سالغىنىچە قولىدىكى ئىستاكاننى توختىماي ئايلاندۇراتتى. ئاخىر ئۇ پەس ئاۋازدا دىدى:

ــ مەنمۇ بىر نىمە دەپ بېرەلمەيمەن، ئەمما، ئويلاپ بېقىڭ، سىزنىڭمۇ دادىڭىز باردۇ، ئەگەر دادىڭىزنى بىرسى زەخىملەندۇرۇپ قويسا، سىز......

ئەتىسى كۇنگە يەكشەنبە ئىدى، كوچىدا ئادەملەر مىغىلدايتتى، ماشىنىلار موكىدەك ئوتۇشمەكتە، غىچىلدىغان هارۋىلارمۇ ئوتۇپ قالاتتى.

ناجىنىڭ مەيخانىسىدا شەھەرگە ئېشەكلىك كىرگەن يېزىلىقلاردىن بىرنەچچىسى ئولتۇراتتى. كالا تىزىگى، ئوتۇن ئارتىلغان ئېشەكلەر قۇلاقنى يارغۇدەك قاتتىق هاڭرىشىپ، تام تۇۋىدە تۇراتتى. قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى هاراق بىلەن نەملىۋالغان يېزىلىقلار مەمنۇن بولۇپ، هاراقنىڭ تەمى ياخشى ئىكەن دەپ ماختىشاتتى. ناجىن ئۇلارغا قاراپ كۇلۇپ قويۇپ، كوزىنى ئادەملەر ۋە ماشىنىلارغا تولۇپ كەتكەن كوچىغا يوتكىدى. بىردىنلا، كوزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان يارا ئىزى ئۇنىڭ كوزىگە چېلىقىپ قالدى. ئەسلىدە، ساقچى بوتكىسىدا ئولتۇرغان ساقچى تۇنۇگۇن هاراق ئىچكىلى كەلگەن هىلىقى يىگىت ئىدى. ئاكىسىنى ج خ ئىدارىسىگە ئېپكىرىپ بەرگەن بۇ ئادەمنىڭ تۇنۇگۇنكىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى كىيىۋالغان ئاپپاق ساقچى كىيىمى ئىدى، كوزىدە يەنىلا شۇ قارا كوزەينەك بار ئىدى. ئۇ قىستاڭچىلىقتا كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا قوماندانلىق قىلىپ، ئالدىراش ۋە رەتلىك

هالدا، تۇرۇپ قىزىل چىراق، تۇرۇپ يېشىل چىراق ياندۇراتتى.

ھە، ئەسلىدە... ناجىي ئەمدى بىلدى. لېكىن ھېلىقى كۈنى ئۇ خىزمەت ئۈستىدە ئەمەس ئىدىغۇ، ئۆزى يالغۇز ئۆيىگە كېتىۋاتقان ئادەم بىكاردىن-بىكار خەقتىن پىچاق يەپ نىمە قىلىدۇ؟ چېپىلغاقلىق دېگەن شۇ-دە. لېكىن... ئەگەر مېنىڭ دادام زەخىملەنسە... ناجىي ئۇنىڭ سوزىنى ئېسىگە ئالدى، ئۇ يىگىتنى تونۇغۇندىن بېرى بارا-بارا كەچۈرگەنلىگىنى ئۆزىمۇ تەئەججۇپ ئىچىدە سەزمەكتە ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ھاياجانلىنىپ، بىر ئىش قىلماقچى بولدى، بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراش ئىكەنلىگىنى، ياكى ئۇنىڭ كوڭلىنى پارا-كەندە قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان سوزسىز ئەيىپلەش ئىكەنلىگىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، بىر قولىغا ھاراق قۇيۇلغان ئىستاكاننى، يەنە بىر قولىغا ھاراق چەينىگىنى ئالغان ناجىي يولنى كېسىپ ئوتۇپ ساقچىنىڭ بوتكىسىغا قاراپ ماڭدى. ھاراقنى ئۇزاتقاندا، ساقچىنىڭ يۈزى چوقۇم پوكاندەك قىزىرىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

يوغان بىر ئاپتوموبىل قىزدىن يېرىم قەدەم نېرىدا "غارت!" قىلىپلا بىردىن تورمۇزلىنىپ توختىدى. ئىستاكاندىكى ھاراقنىڭ يېرىمى يەرگە توكۇلدى. ساقچى يىگىت بوتكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ناجىيغا ۋاقىردى:

— ھوي، كوزىڭىز بارمۇ سىزنىڭ؟ — ئاندىن ئۇ ئاپتوموبىلغا قاراپ، قول ئىشارىتى بىلەن ئوتۇشكە بولىدۇ دېگەن مەنىنى ئۇقتۇردى. كېيىن يەنە ناجىي تەرەپكە قاراپ توۋلىدى: — كوزىڭىزگە قاراپ مېڭىڭ، قىزىل چىراق يېنىقلىق تۇرسا! جاندىن تويدىڭىزمۇ؟... ۋوي! سىزكەنسىزغۇ؟... تېز بولۇڭ، كەينىڭىزگە يېنىڭ! ماشىنىلاردىن

ئېھتىيات قىلىڭ!

ئازار يېگەن ناجىنىنىڭ چاناقلىرىدىن شۇ زامات ياش لىغىرلىغىلى تۇردى، ئۇنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزارغان ئىدى، بىر پەس تىترەپ تۇرۇپ قالدى، ئاخىر چىدىماي، ئىستاكاندا قالغان ھاراقنى ساقچى تەرەپكە قارىتىپ چاچتى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ توۋلىدى:

— راست! مېنىڭ كوزۇم يوق، تىللىۋال! مېنىمۇ تۇرمىگە تۇتۇپ بەرسەڭ خوشال بولسەن تايىنلىق. تۇفىي! ۋىجدانسىز!

قىز گېپىنى قىلىپ بولۇپ مەيخانىسىغا قايتىپ كەلدى ـ دە، تىزىنى يېپىپ تۇرغان ئىتەگى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى.

كوچىدا كېتىۋاتقانلارمۇ، مەيخانىدىكى خېرىدارلارمۇ بۇ ھالدىن ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ياش ساقچى ناجىنىنىڭ مەيخانىسىغا ئاياق باسمىدى، ناجىنىغا دەيدىغان گېپى بولسا كېرەك، ئۇ بىرنەچچە قېتىم يۇقىرىچە كېيىنىپ مەيخانىنىڭ ئەتراپىدا يۈردى.

ئۇسۇل ئوينىغاندەك ماڭىدىغان، سېرىق چاچلىق بىر يىگىت مەيخانىغا كەلدى، ئۇ "مودەن" ماركىلىق تاماكىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ كورپىگە ئولتۇردى ـ دە، قولىدىن قاس چىقىرىپ قويۇپ، ئۇچلۇق ئىڭىكىنى كوتىرىپ:

— ئىككى ئىستاكان ھاراق بېرىڭا قىزچاق، — دىدى.

سېرىق چاچلىق يىگىت بىر سائەتتە ئون يەتتە ئىستاكان ئارپا ھارىقىنى ئىچىپ بولدى، ئۇ ئاغزىدا قانداقتۇ بىر پەدىگە غىڭشىسا، بىر پۇتىنى شۇ پەدىگە كەلتۈرۈپ ھەركەتلەندۈرەتتى. ناجىن كوندىراپ كەتكەن «ئاممىۋى كىنو» ژورنىلىنى ۋاراقلىماقتا، لاسا قىزلىرى بۇ ژورنالغا ئامراق ئىدى. يىگىت ھىجىيىپ تۇرۇپ ناجىنغا:

— ھەي، تاپىنىم قىزىپ كەتتى، بىر پەدە ئۇينىۋالسام بولاتتى، دى، دى، دى...

— نەدە؟ مەشەدىما؟

— ھەئە، سىز ناخشىسىنى ئېيتسىڭىز،...... ئاۋازىڭىزنى پەسرەك چىقىرىپ ئېيتسىڭىز بولىدۇ.

ناجىن كۈلدى، ئۇنىڭ قىزارغان چىرايلىق يۈزى ۋە كېلىشكەن بەستى يىگىتكە يېقىپ قالغاندەك ئىدى، ناجىن بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى:

— بولىدۇ... ئىم-ئىم. — ئۇ كانىيىنى قىردى.

ئۇدۇلدا ساقچىلار ئالمىشىۋاتاتتى، ھېلىقى ساقچى يىگىتنىڭ ئورنىغا ساقاللىق ياشانغان ساقچى كەلگەن ئىدى، ساقچى يىگىت چارچاپ كەتكەن ئادەمدەك، بوتكىدىن چىقتى-دە، كېرىلىپ قويدى.

سېرىق چاچلىق يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپلا گۈپ قىلىپ يىقىلىپ چۈشتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھىجايغان پېتى سوزلەيتتى:

— بۇ نىمە گەپ؟ مەن... كەيىپ بولدۇممۇ نىمە؟ قىزچاق، مېنى يۆلىۋەتمىگەنسىز؟

ناجىن ئاغزىنى قولى بىلەن يېپىپ پىخىلداپ كۈلدى:

— ئاكا، سىزنى ئاپىرىپ قويىدىغان ئادەم يوق، ياخشىسى، ئۆيگە ئومىلەپ كېتىڭ.

— شۇنداقمۇ؟... مەن ھازىرلا ئورنۇمدىن... تۇ... تۇرىمەن، تۇرۇپ ئۇسۇل... ئوي...نايمەن.

ئۇ دەلدەڭشىپ، نەچچە ماڭدام نېرىدىكى تامنىڭ بېنىغا باردى ۋە كاللىسىغا تاياق يېگەن بۇقىدەك پۇشۇلداپ تۇرۇپ، پۇتلىرىنى كەردى-دە، كاللىسىنى تامغا يۆلەپ، ئىشتىنىنىڭ ئالدى تەرەپتىكى

تۈگمىسىنى يېشىشكە تۇتۇندى.

— ھەي، ھەي! — دېدى ساقچى يىگىت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ دولىسىغا قولىنى قويۇپ، — يېنىڭدا قىز تۇرسا، ئىزا تارتماي سىيمەكچى بولۇۋاتامسەنا؟ كىيىنىشىڭغۇ خېلى تۈزۈك تۇرىدۇ.

— مەن خاتا... خاتا قىلدىم، سىز... تۈزىتىپ قويۇڭ، — دېدى سېرىق چاچلىق يىگىت دەلدەڭشىپ.

— كوپ ئىچىۋېتىپسەن، يۈر، سېنى مەن ئاپىرىپ قوياي. بولامدۇ؟ ئۆيۈڭ نەدە؟

— ئالدى تەرەپتە، با... بالاڭشۇي...

ساقچى يىگىت مەستنى يولەپ ناجىنىڭ ئالدىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقاندا، ناجى ئۇنىڭ يېشىدىن ئاستا تارتىپ، پەس ئاۋازدا سورىدى:

— ئۇ سىزنىڭ ئاغىنىڭىزمۇ؟

ساقچى يىگىت ناجىنغا قاراپ، بىردىنلا قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئېيتىڭا، ئەگەردە سىز مېنىڭ ئاكام بىلەن ئوبدان ئاغىنىلەردىن بولسىڭىز، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلىدە بولاتتىڭىز؟

ناجىنىڭ قاپ ـ قارا كوزلىرى ساقچى يىگىتكە تىكىلدى، يىگىت نىمىشقىدۇ ھودۇقۇپ قالغان ئىدى. ئەمما ئۇ سەل ئوزىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، بىمالال جاۋاپ بەردى:

— ياق، مەن بۇ يىگىتنىڭ ئاغىنىسى ئەمەس، ئۇنى تونۇمايمەن. ئەمما مەن ساقچى، جەمىيەت تەرتىۋىنى ساقلاش، خەلقنىڭ بىخەتەرلىگىنى قوغداش مېنىڭ بۇرچۇم.

......

ناجىن بىرنەچچە كۈنگىچە ساقچى يىگىتنىڭ ئىشقا كەلگىنىنى كورمىدى، ئۇ مەيخانىسىدا دائىم پەرىشان بولۇپ ئولتۇراتتى.

بەشىنچى كۈنى چۈشتە ئۇ كەلدى، كېلىشكەن بەستىگە يېشىل ئاق ساقچى كىيىمى كىيگەن بولۇپ، لىڭجاك، ماۋخۇيلىرى ھەرقاچاندىكىدىن قىزىل كۆرۈنەتتى، پەقەت كەڭ گىرۋەكلىك قارا كۆزەينىكىلا يۈزىنىڭ مەڭگۈلۈك بىر قىسمىدەك بىلىنەتتى.

ساقچى يىگىت ئولتۇرغاندىن كېيىن، كۆڭلى تىنىم تاپمىغاندەك قوللىرىنى بىر بىرىگە سىپاپ سۆزلىدى:

—ناجىيە، سىزدىن ئەپۇ سورىغىلى ئالدىڭىزغا كەلدىم. ئاشۇ كۈنى سىز ماڭا ھاراق ئېپكېلىپ بېرىمەن دەپ... ماشىنىغا سوقۇلۇپ كېتىشكە تاسلا قالدىڭىز، ئاچچىغىمدا قوپاللىق قىلىپ تاشلىدىم،... كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ.

ناجىيە ئۇنىڭغا ھاراقنى ئۇزىتىپ، تەتۈر قارىۋالدى.

ساقچى يىگىت ئىستاكاننى ئاستا نېرىغا ئىتتىرىپ قويدى. بىر پەس خاۋاتىرلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:

—مەن ئىچكىرىگە ئۆگىنىشكە بارىدىغان بولۇپ قالدىم، —دىدى.

ناجىيە ساقچى يىگىت تەرەپكە دەرھال بۇرۇلدى-دە، ئالدىراپ سورىدى:

—نىمە دەۋاتىسىز؟ كەتسىڭىز ئۇزاق تۇرۇپ قالامسىز؟

—ئۈچ يىللىق، —دىدى ئۇ سول مەڭزىدىكى يارا ئىزىنى سىلاپ تۇرۇپ.

—سىزنىڭ ئاۋۇ يېرىڭىز ئاغرىمدۇ؟ مەندە دورا بار.

—ياق... ھېچقەسى يوق، مەن... ئەتىلا مېڭىپ كەتمەكچىمەن. —ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئالدىرىماي قارا كۆزەينىكىنى ئالدى.

پاھ! ناجىيەنىڭ ئالدىدا قاش-قاپاقلىرى قىزلارنىڭكىدەك سۈزۈك، كۆزى مەشئەلدەك يېنىپ تۇرىدىغان، تارتىنىپ ۋە خىجىل بولۇپ

قاراپ تۇرغان يىگىت تۇراتتى، يىگىتنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى، قوي كوزلىرى ناجىنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى، ناجىنىڭ ئاق يۈزى قىزاردى، كوڭلىگە تۇرلۇك خىياللار كەلگەن ئىدى:

— سىز ئىچكىرىگە ئۇگىنىشكە بارماقچى بولسىڭىز...مەن بىلەن... نىمە ئالاقىسى بولسۇن؟ مەن يەنە مۇشۇ يەردە هاراق ساتىمەن شۇ.

ساقچى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، پەرىشان هالەتتە بېشىنى توۋەن سالدى، قولىدىكى شەپكىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا:

— ئەمىسە، خەير......خوش، — دىدى.

ناجىن بايا ساقچى يىگىت ئولتۇرغان پاخال كورپىدە تۇرغان قەغەز تۇگۇنچەكنى كورۇپ قالدى، ئۇنى ئېچىۋىدى، ئىچىدىن قىڭغىر-سىڭغىر خەتلەر يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەز ۋە بۇ قەغەزگە ئورالغان پۇل چىقتى، قەغەزگە مۇنداق دەپ يېزىلغان ئىدى: "مۇشۇ پۇلغا ئاكىڭىزغا بىر نەرسە ئېلىپ بېرەرسىز، ئۇنى دائىم يوقلاپ تۇرۇڭ. ئاكىڭىزنىڭ يېڭىدىن ئادەم بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، چۈنكى بىز دىگەن ياش-دە. يەنە بىر گەپ، بوش ۋاقىتلىرىڭىزدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان دەرسلەرنى تەكرارلاپ قويارسىز، لاسادىكى هەرقايسى ئورۇنلار پات ئارىدا ئىشچى ئالماقچى، يۇرتىمىزنىڭ ئەتىسى بىزنى چاقىرماقتا، هەر بىر ياش بارلىق كۈچى بىلەن يۇرتىنى گۈللەندۇرۇشكە ئاتلىنىشى كېرەك، تەقەززالىق بىلەن كۈتۈمەنكى..."

ساقچى يىگىت يىراقلاپ كەتكەن ئىدى...

ناجىن ماغدۇرسىزلىنىپ، پۇتىنى ئارانلا يوتكەپ ئاق تېرەككە ئېسىلىۋالدى ۋە يۈزىنى تېرەككە يېقىپ، مۇشۇ چىڭقى چۈش مەز-

www.uyghurkitap.com

گىلىدىكى جىملىقتا ساقچى يىگىتنىڭ ئۇزاقلىشىپ كېتىۋاتقان قارىسىغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن قاراپتتى، نېمىشقىدۇ، ناچىننىڭ كوڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىۋالغۇسى كېلەتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، تۇت كوچا ئاغزىدىكى بۇ مەيخانا غايىپ بولدى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا، بۇ يەردە يەنە بىر مەيخانا پەيدا بولۇپ قالدى، مەيخانىنىڭ خوجايىنى سەپكۈنلۈك، خۇشخۇي، دوغىلاقتىنا بىر قىز ئىدى.

(«شىزاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 2 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللا ئابلىز.
تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: خوجائابدۇللا ئوسمان.

8308424



# روھسي ھال تەسۋىرى ۋە ئاڭ ئېقىمى

**جاك دېلىن**



دېڭىزدىنمۇ چوڭ مەنزىرە ئاسماندۇر؛ ئاسماندىنمۇ چوڭراق بىر مەنزىرە باركى، ئۇ بولسىمۇ ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدۇر.

— ھۇگو

## 1

«ئاتا ۋە بالا» دېگەن بىر ھەجۋى سۈرەت بار ئىكەن: «پارىژ مۇناستىرى» دىگەن فىلىم ئۈچۈن ئىشلەنگەن ئېلان سۈرىتىنىڭ ئالدىدا ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئاشۇ سۈرەت ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ تۇرۇپتۇ. ئېلان سۈرىتىگە بولسا دوك، بىر كوزى قۇيۇلۇپ كەتكەن

قوغۇراقچى گاشمودو دىگەن غەلىتە ئادەم بىلەن كاتتا سالاپەتلىك مۇناستىر پوپى سىزىلغان. قاراپ تۇرغان بالا ئاتىسىدىن: ”بۇ ئىككىسىدىن كىم ياخشى ئادەم، كىم ئەسكى ئادەم؟“ دەپ سوراپتۇ. بالىنىڭ ئاتىسى: ”تەجرىبىلەرگە قارىغاندا، ئومۇمەن، راۋرۇس كەلگەن ئادەملەر چوقۇم ياخشى ئادەم بولىدۇ؛ ئومۇمەن، سەت ئادەملەر چوقۇم ئەسكى ئادەم بولىدۇ“ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ چوقۇم كۈلگۈسى كېلىدۇ. ئاتا بولغان ھېلقى ئادەم شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئادەمنى ئەسكى دەپ، ئەسكى ئادەمنى ياخشى دەپ قارىغانكى، ئۇ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلماي، سۇبىيېكتىپ خىيالغا ئاساسەن خاتا خۇلاسە چىقارغان.

رىيال ھاياتتىكى ئادەملەر ئەزەلدىن مۇرەككەپ ۋە ھەر خىل بولىدۇ. تېشى چىرايلىق، ئىچىمۇ چىرايلىق، تېشى سەت، ئىچىمۇ سەت بولغان، تېشى بىلەن ئىچى ئوخشاش ئادەملەر، دەرۋەقە، ئاز ئەمەس؛ لېكىن تېشى چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئىچى سەت، تېشى سەت بولغىنى بىلەن ئىچى چىرايلىق ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس. ھۈگونىڭ قەلىمى ئاستىدىكى قوغۇراقچى غەلىتە ئادەم بىلەن مۇناستىرنىڭ پوپى تېشى بىلەن ئىچى ئىنتايىن زىت بولغانلار ئۈچۈن تىپىك مىسالدۇر. بۇنداق ئادەملەر ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىمۇ ئاز ئەمەس. ”سەت پەتەك“ دەپ ئاتىلىدىغان ۋۇ داڭنىڭ قەلبى ئالتۇندەك ساپ. چىرايلىق نوچى دەپ ئاتىلىدىغان شىمىنچىڭ بولسا ۋۇدالاڭنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋېلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ سىرنى يوشۇرماقچى بولىدۇ، ئۇنىڭ تەبىئىتى چىلبۆرىنىڭكىدىنمۇ ۋەھشى. لۇي بۇ چىرايلىق ئەمەس، لىكۇي سەت ئەمەس. ئەگەر يۇقۇرقىدەك ”ئومۇمەن...چوقۇم...“ دىگەن فورمۇلا بويىچە قارايدى-

غان بولساق، ئۇنىڭ جايىدا چىقىشى ناتايىن.

ئەمىسە قانداق قىلغاندا ئادەملەرنى ھەقىقى تۇردە چۈشەنگىلى، بىلگىلى، ئىگەللىگىلى بولىدۇ؟ ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ، ئىچكى سىرىنى كورسىتىپ بېرىش، ئادەملەرنىڭ روھى ئۇستىدە ئەتراپلىق رەۋىشتە دادىل، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىش. كونىلار "ئادەمنىڭ ئوزىنى تونۇغانلىق كوڭلىنى بىلگەنلىك ئەمەس" دەيدۇ. بۇ ئادەمنىڭ كوڭلىنى بىلىشنىڭ ئادەمنىڭ ئوزىنى تونۇشتىن تەس ئىكەنلىگىنى، ئادەمنىڭ كوڭلىنى بىلگەندىلا ئادەمنىڭ ئوزىنى ھەقىقى تۇردە تونۇغىلى بولىدىغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ. ئەدەبىيات "ئادەم ئىلمى"دۇر. قانداق قىلىپ ئادەمنى "جانلىق" قىلىپ تەسۋىرلەش ئەزەلدىن يازغۇچىلار ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ۋە ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلىشقا تىرىشىپ كەلگەن مەركىزى مەسىلە. بولۇپمۇ نەسرى ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە "ئادەم تەسۋىرى" تېخىمۇ بەكرەك ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. لېنىن: "ھېكايىچىلىقتا پۈتكۈل ھالقا ئاشۇنداق تىپىك خاراكتىر ۋە روھىي ھالەتلەرنى ئايرىم مۇھىتقا قويۇپ تەھلىل قىلىشتا" دەيدۇ. دېمەك، پېرسوناژلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىشتا، روھىي ھال تەسۋىرى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## 2

روھىي ھال — ئۇنىسىز تىل، ئۇنى كورگىلىمۇ، تۇتقىلىمۇ بولمايدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ مىڭىسىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، لېكىن ئۇ كۇزەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسە ئەمەس. كىشىلەرنىڭ ھەركەت-

پائالىيىتى ھامان روھىي ھالىنىڭ تىزگىنلىنىشىدە بولىدۇ، ئۇ روھىي ھالىنىڭ **چەتلەشتۈرۈلۈشى** ياكى **ھەركەتلەشتۈرۈلۈشىدۇر**. دېمەك ھەركەت داۋامىدا پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى سۈرەتلەپ، ئالاھىدە شارائىتتىكى تىپىك روھىي ھالىتىنى ئېچىپ بېرىش رېيا-لىزىملىق روھىي ھال تەسۋىرىدىكى ئاساسلىق ئۇسۇل بولۇپ قالغان. ھەممەيلەنگە ئايانكى، لى كۇي ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ئاچچىق-لاپ، ئىككى قولىدىكى ئىككى پالتىسىنى ئوينىتىپ قىر، چاپ قىلىدى-غان قوپال، قارام باتۇرلاردىن بىرى بولسىمۇ، لېكىن گايىدا ناھايىتى شەپقەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. «سۇ بويىدا» نىڭ 43-بابىدا، لى كۇينىڭ ئۆيىگە قايتىپ، ئانىسىنى لياڭشەنگە ئېلىپ قايتماقچى بولغان چېغىدا، يولدا يالغان لى كۇي — لى گۇيگە ئۇچراپ قالغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. لى گۇي ئەلۋەتتە لى كۇيگە تەڭ كېلەلمەيدۇ، بىر قېتىم ئېلىشىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي قالىدۇ-دە، لى كۇي ئۇنى "يەرگە بېسىپ، بىر پۇتى بىلەن مەيدىسىگە دەسسەيدۇ". لى كۇينىڭ مىجەزىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئۇز نامىنى سېتىپ ئەسكىلىك قىلغان بۇنداق بىر ھارامزادىگە ھەرگىز رەھىم قىلمايتتى. لېكىن لى گۇي ئۆيۈمدە توقسان ياشلىق قېرى ئانام بار، قارايدىغان ئادىمى يوق، "جېنىم ئاكا، مېنى ئۆلتۈرسىڭىز ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولىسىز" دېگىنىدە، لى كۇينىڭ كۆڭلى ئېرىپ، ئىچىدە: "مەن ئانامنى ئېپكېتىمەن دەپ كېلىپ، ئۆز ئانىسىنى باقىدىغان بىر-سىنى ئۆلتۈرسەم، مېنى يەرمۇ، كوكمۇ كەچۈرمەس" دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەك ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئون سەر كۈمۈش بېرىپ، نەسىھەت قىلىپ ئۇنى يامان يولدىن قايتۇرىدۇ. ھەركەت داۋامىدا كىشىنىڭ روھىي ھالىنى تەسۋىرلەش دېگەن

مۇشۇ بولۇپ، دىخان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بۇ قارا پايىم قەھ-رىمانىنىڭ ساددا، ئاق كۆڭۈل، مېھرىۋان، ئانىغا ھورمەت قىلىدىغان خاراكتىر ئالامەتلىرىنى بىر تەرەپتىن تەسۋىرلەپ بەرگەن.

ھەركەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان روھىي ھاللار يەنە پىرسوناژلارنىڭ چىراي ئىپادىسى، تۇرقى ۋە روھىي قىياپىتى بولۇپ، ئۇمۇ پىرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتىكى بىر خىل ئۇنۇملۇك ئۇسۇل. «ئۈچ دولەت ھەققىدە قىسسە»دە، ساۋ ساۋنىڭ چىبىدا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، پۈتۈن قوشۇنى تامامەن دىگۇ-دەك ھالاك بولىدىغانلىغى تەسۋىرلىنىدىغان بىر باپ بار. رومانىدا ساۋ ساۋنىڭ قېچىپ ۋۇلىن، خۇلۇكو، خۇارۇڭداۋ قاتارلىق يەرلەرگە كەلگەنلىگى، شۇ چاغدا دۈشمەن تۇش-تۇشتىن قوغلاپ كېلىۋاتقان-لىغى، ئەھۋالنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىگى تەسۋىرلىنىدۇ. ساۋ ساۋ يىغلاپ-قاخشاپ ئولتۇرمايدۇ، ئەكسىچە ئۇدا ئۈچ قېتىم قا-قاقلاپ كۈلىدۇ. كېيىن نەنجۈنگە كېلىپ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، يولى بويىچە بۇ كۈلىدىغان ۋاقىت بولىسمۇ، لېكىن ئۇ كۈلمەيدۇ، ئەكسىچە تازا يىغلايدۇ. بۇ ئۈچ قېتىم كۈلۈش ۋە بىر قېتىم يىغلاش تولىمۇ غەلىتە بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. لېكىن گەپ ئاشۇ "غەلىتە"لىكتە. ساۋ ساۋ ئوبدان بىلىدۇكى، خەتەرلىك پەيتلەردە لەشكەرلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۈچ قېتىم كۈلۈش بىلەن ھەم ھەربى ۋەزىيەتنى پەدەزلىگىلى، ھەم لەشكەرلەر-نىڭ روھىغا ئىلھام بەرگىلى بولىدۇ. تۆتىنچى قېتىم، كۈلىدىغان يەردە ئەكسىچە يىغلايدۇ، بۇنىڭدا ئازراق ھەقىقى ئەھۋال يوق دىگىلى بولمايدۇ، كوپرەگى ھال تارتىش، يىغلىغىنىنى قەستەن خەققە كورسىتىش. مۇشۇنداق ئۈچ قېتىم كۈلۈپ بىر قېتىم يىغلاش نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

جەڭگاھلاردا جەڭ قىلغان بۇ تەگدىشى يوق قەھرىمانىنىڭ خاراكتېر ماھىيىتىگە ۋە روھىي ھالەت ئالامەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئادەمنىڭ ھىسسىيات ئىپادىسى ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىگە ئوخشاش مول ـ مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولىدۇ، ئۇنى يىغلاش بىلەن كۈلۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ھىسسىيات ئىپادىسى بىلەن يىغىنچاقلاپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇستا يازغۇچى پېرسوناژلارنىڭ تۇرلۇك ئۆزىگە خاس ھىسسىيات ئىپادىسىنى ماھىرلىق بىلەن چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ۋە روھىي ھال ئالامەتلىرىنى سۈرەتلەشكە تەتبىقلايدۇ. جېك لوندوننىڭ «پارلاخوت سۈپىسىدىكى لەمپە ئاستىدا» دىگەن ئەسىرىدە گۈزەل كالۇسسېرىس خېنىمنىڭ تىللانى دېڭىزغا تاشلاش بىلەن ئەقىللىق، چاققان بىر بالىنى قىزىقتۇرۇپ دېڭىزغا سەكرىتىپ، قانداق قىلىپ لەھەڭگە ئىككى پارچە قىلغۇزۇۋەتكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ خېنىمنىڭ شۇ چاغدىكى ھىسسىيات ئىپادىسى مۇنداق:

ــ مېنىڭ... مېنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرىپ باقمىغان. ــ ئۇ سوزلەۋېتىپ قىسقا ۋە ئەسەبىلەرچە كۈلەتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاكاۋۇرلۇغى ئۇنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا دەۋەت قىلاتتى... ئۇنىڭ كوزىدىن قورقۇنچلۇق بولغان ئىچىنىش ھالىتى چىقىپ تۇراتتى، كالپۇكى توختىماي تىترەيتتى.

ئۇ ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك قىياپەتكە كىرىۋالغىنىدا يەنىلا ناھايىتى ھاكاۋۇر ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ **ئەسەبىلەرچە كۈلكىسى، تىترەپ تۇرغان كالپۇكى، قورقۇنچلۇق كوز ھالىتى** بولسا ئۇنىڭ يوشۇرالمايدىغان ئىچكى قورقۇنچىسىنى كورسەتتى.

## 3

"گەپ كوڭۈل ساداسىدۇر، ئەگەر بىر كىشىنى بىر ئىش توغرىسىدا گەپ قىلغۇزۇشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئۇ كىشىدە ئاشۇنداق دېيىش نىيىتىنى تۇرغۇزۇش كېرەك." (لى يۈي: «ئەدىبىي پارچىلار») پېرسوناژلارنىڭ سوزى ھامان پېرسوناژلارنىڭ ئەدىبىي ھىسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ تومۇرىنى ئىگەللەشنىڭ ئۇنۇملۇك ۋاستىسىدۇر.

مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر كوپ ھاللاردا تازا ئوبدان تاۋلانغان خاراكتېرلىق تىل ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ تۇرقىنى، ھوسنى-جامالىنى، روھىي ھالىنى ناھايىتى جايىدا سۇرەتلەپ بېرىدۇ. «ھاملېت»تا قەھرىمان ئوز دادىسىنى — پادىشانى ئولتۇرگەن قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۇچۇن بىر ئويۇننى تەييارلاپ، پادىشا بىلەن خانىشنى ئويۇن كورۇشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئويۇندىن كېيىن خانىش ھاملېت بىلەن پاراڭلىشىدۇ:

خانىش: ھاملېت، سەن **داداڭنى** قاتتىق رەنجىتىپ قويدۇڭ.

ھاملېت: ئاپا، سىز **دادامنى** قاتتىق رەنجىتىپ قويدىڭىز.

بىرلا سوزنىڭ ئوخشىماسلىغى ئارقىسىدا ئىككىيلەننىڭ **روھىي ھالىتى، ھىسسىياتى** ۋە سوزنىڭ مەزمۇنى تامامەن باشقىچە بولۇپ چىققان. ئالدىنقى "دادا" كرۇدىسىنى، كېيىنكى "دادا" كرۇدىس تەرىپىدىن قەستلەپ ئولتۇرۇلگەن ھاملېتنىڭ ئوز دادىسىنى كورسىتىدۇ. ھاملېتنىڭ سوزىدە مەنە يوشۇرۇنغانۇ، ئەمما بۇ تەئەددى بولۇپ، مەۋقەسىنى ۋە نومۇسىنى يوقاتقان ئانىسىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشتە

www.uyghurkitap.com

ئوغۇلنىڭ ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك سۈپىتى ساقلاپ قېلىنغان.

«سۇ بويىدا»نىڭ 21-بابىدا يەن پوشى سۆڭ جياڭنىڭ ماتېرىيال بوقچىسىنى تېپىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن لياڭشەن ئەزىمەتلىرىنىڭ باشلىغى چاۋ گەي يازغان بىر مەخپىي خەتنى كۆرۈپ قالىدۇ-دە، بۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىپ، خوشاللانغان ھالدا: "...ئەمدى ھەدىگىمىز ئاستا-ئاستا كۆڭلىگىزنى ئاچىدۇ!" دەيدۇ. مۇشۇ بىر ئېغىز گەپمۇ بۇ خوتۇننىڭ قوۋ، زەھەرلىك ئەپتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ قويقا چېچى تىك بولىدۇ. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ 28-بابىدا دەيىۋي باھار ھەسرىتىدە، توزىغان چېچەكلەرنى كۆمۈپ قويىۋشقا مېڭىپ، چېچەكلەر تۆپەيلىدىن ئىختىيارسىز ھەسرىتى قوزغىلىپ، يىغلىغان پېتى بىرنەچچە كۇپلېت شېئىر ئوقۇغاندا، بۇنى دەل قاپتالدا تۇرغان باۋيۈي ئاڭلاپ قالىدۇ. باۋيۈي سوزلىشەي دېسە، دەيىۋي رەت قىلىدۇ. بۇ چاغدا باۋيۈي ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ:

"ھەي...! دەسلەپتە، سىز كەلگىنىگىزدە، مەن سىزگە ئويۇن-كۈلكە قىلىشىپ بېرەتتىمغۇ؟ مەن ئامراق نەرسە سىزگە كېرەك بولۇپ قالسا، بېرىۋېتەتتىم؛ مەن ياخشى كورگەن غىزانى سىزنىڭمۇ ياخشى كورىدىغانلىغىڭىزنى ئاڭلىسام، شۇئان پاك-پاكىز ئېلىپ قويۇپ، سىزنىڭ قايتىپ كېلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇراتتىم. بىر جوزىدا غىزا يەپ، بىر كارۋاتتا ئۇخلىشاتتۇق. چورىلەر ئويلاپ يېتەلمىگەن نەرسىدىن سىزنى خاپا بولۇپ قالمىسۇن دەپ، چورىلەرنىڭ ئورنىدا مەن غېمىنى قىلىپ قوياتتىم. مېنىڭ ئويۇمچە: بىز ئىككىيلەن كىچىگىمىزدىن تارتىپ چوڭ بولغىچە، مەيلى يېقىن ئوتەيلى، ئىناق بولايلى، ئىش قىلىپ، ئاخىرىغىچە ئەپ ئوتكەندىلا باشقىلاردىن

ئوبدان ئىكەنلىكىمىزنى بىلگىلى بولىدىكەن. بۇگۈنكى كۈندە سىز چوڭ بولۇشىڭىز بىلەن ئىستەكلىرىڭىزمۇ چوڭىيىپ، مېنى كوزىڭىزنىڭ قىرىغىمۇ ئالماس بولىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىماپتىمەن...»

ئانچە جىق بولمىسىمۇ، لېكىن باۋيۇيىنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان دولقۇنلۇق ۋە رېتىمى ئېنىق بولغان بۇ سوزلەر ئەسلىدە توختىماي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مۇھەببىتىنى تېخىمۇ يايرىتىپ، سىلىق ۋە تەسىرلىك قىلىۋېتىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇغان ئادەملەر تىل سەنئەتكارلىرىنىڭ بۇنداق يۇقۇرى تىل ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايدۇ، پېرسوناژلارنىڭ بۇنداق سوزلىرى ھەقىقەتەن كىشىنى «ئاۋازىنى ئاڭلىساڭ، ئوزىنى كورگەندەك بولىسەن»، «سوزىنى ئاڭلىساڭ، قەلبىنى بىلگەندەك بولىسەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ.

## 4

«بېلىقلارنىڭ ئۈزۈشىگە دېڭىز كەڭرى بولسا، قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىغا ئاسمان كەڭرى»، روھىي دۇنيا ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ ئۇسۇللىرىمۇ كوپ،بۇنىڭ ئىچىدە پېرسوناژلارنىڭ ئىچىدە ئوزى بىلەن ئوزىنىڭ سوزلىشىشى ئىچ-باغرىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ مۇھىم بىر ۋاستىسى. بالزاكنىڭ «گورىيو بوۋاي» دېگەن ئەسىرىدە بىر شەخس بولۇپ، دىالوگدا شۇ بىرەيلەننىڭ سوزىلا خەنزۇچە خەت ھېساۋىدا 5000 خەتكە يېتىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن بىر ئابزاس مىسال كەلتۈرىمىز:

”...سەن پارىژلىقلارنىڭ قانداق يول ئاچقانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئۇلار يولنى تالانتى بىلەن ئەمەس، چىركىنلىكى بىلەن ئاچقان. بۇ ئادەم دوۋىسىنىڭ ئىچىگە زەمبىرەك ئوقىدەك گۈلدۈرلەپ بىرىنىپ كىرىۋالالمىساڭ، ئوتكۇر پوقۇملۇق كىسەلدەك كىرىپ كىتەلمىشىڭ كىرەك. ئاق كوڭۇل-سادىقلىق ئەسقاتمايدۇ. تالانت ئىگىسىنىڭ قۇدرىتىگە كوپچىلىك تېز پۇكۇشى مۇمكىن؛ ئالدى بىلەن، سېمىزىدىن بولۇپ بەرمەي ھەممىنى ھاپ ئەتتى دەپ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن لەنەت ياغدۇرۇشى مۇمكىن؛ لېكىن ئۇ چىڭ تۇرىدىغان بولسا، كىشىلەر ئىتائەت قىلىدۇ؛ قىسقىسى، سىنى تۇپراقتا كومۇۋېتىشكە ئامال قىلالمىغان چاغدا، ساڭا سەجدە قىلىدۇ....جەمىيەتتە ئاقىنانچىلار تولۇپ يېتىپتۇ، چىركىنلىك بولسا، ئاقىنانچىلارنىڭ قورالى، سەن ھەممە يەردە ئۇنىڭ تىغى بارلىقىنى ھىس قىلىسەن. بەزى ئەركەكلەر پۇتكۇل تەئەللۇقاتى 6 مىڭ فرانك مائاشلا ئىكەنلىكىگە قارىماي، خوتۇنىنىڭ كىيىم-كىچىكى ئۇچۇنلا ئون مىڭ فرانكتىن كوپرەك پۇل خەجلەيدۇ. بەزى خوتۇنلارنىڭ ئاقسوڭەكلەر پالاتاسىنىڭ ئەزالىرىنىڭ شاھزادىلىرى بىلەن بىرلىكتە كالاسكىغا چۈشۈپ مەركىزىي كوچىلاردا سەيلە قىلىشىۋېلىش ئۇچۇنلا ئوزىنىڭ تېنىنى ساتقانلىقىنى كورىسەن ... ھايات ئاشخانىغا ئوخشاش ئاشۇنداق سېسىق نەرسە. لېكىن ئويۇن-تاماشا قىلىش ئۇچۇن قولۇڭنىڭ پاسكىنا بولۇپ كېتىشىدىن قورقما، ئىش ئوتۇپ كەتكەندىن كېيىن قولۇڭنى پاكىز يۇيۇۋەتسەڭلا بولدى: بۇگۇنكى ئەخلاق دىگەن نەرسە ئەنە شۇنچىلىكلا......“

بۇ سوزلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ سوزنى قىلغۇچى پېرسوناژ

توغرىسىدا قانداق تەسىراتقا كېلىسىز؟ سوزسىز بۇ كىشىنىڭ بىلىمىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، شۇ چاغدىكى جەمىيەتنىڭ قاراڭغۇ ئىچكى ئەھۋالىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىدىغانلىغىنى، ۋەزىيەتكە بولغان باھاسىنىڭ دەل جايىدا ئىكەنلىگىنى، كاللىسىنىڭ سەگەك، پىكىرىنىڭ چوڭقۇرلۇغىنى ھىس قىلىسىز؛ شۇنداقلا بۇ كىشىنىڭ خېلى قورقۇنچلۇق كىشى ئىكەنلىگىنى، رىياللىققا نارازى ئىكەنلىگىنى، بىراق ئىنقىلاۋىي ۋە ئىلغار ئارزۇدا ئەمەس، بەلكى مەنپەئەتپەرەسلىك ئاساسىدىكى تۇتۇق كەيپىياتنى ئاساس قىلغانلىغىنىمۇ ھىس قىلىسىز. ئۇنىڭ يۇقۇرىغا ئورلەشتىكى قالتىس ھۈنىرى "زەمبىرەك ئوقىدەك گۈلدۈرلەپ بىرىپ كىرىۋالالمىساڭ، ئوتكۇر يۇقۇملۇق كېسەلدەك كىرىپ كېتىشىڭ كېرەك" دىگەندىن، كىشىلىك پەلسەپىسى "ئويۇن-تاماشا قىلىش ئۇچۇن قولۇڭنىڭ پاسكىنا بولۇپ كېتىشىدىن قورقما، ئىش ئوتۇپ كەتكەندىن كېيىن قولۇڭنى پاكىز يۇيىۋەتسەڭلا بولدى" دىگەندىن ئىبارەت، مانا بۇ ئۇنىڭ شەپقەتسىز روھىنى، پەسكەش ۋاستىسىنى، قارا نىيەتلىك قىياپىتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەرمەمدۇ؟ بۇ كىم؟ بۇ-ئاتاقلىق فۇتولىك! فۇگەي سارىيىدا ئوبدان يوشۇرۇنغان جاھانگەشتە قاراقچى، قاچقۇن تۇتقۇن! ناھايىتى جانلىق بۇ ئىچكى دىالوگ پېرسوناژنىڭ روھىي سىرىنى ئېچىپ بېرىشتە نەقەدەر مۇھىم رول ئوينىغان-ھە! گۇخۇانىڭ «فۇرۇڭجېن» دىگەن ئەسىرىدە، "گۈزەل پەرىزات" خۇ يۇيىڭنىڭ يامان كۇچلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقتىن، پانا ئىزدەپ ئويىگە قايتقانلىغى، ئىشىك باقارنىڭ ئۇنى كورۇپ، خۇددى ئالۋاستىدىن قورقۇپ ئارقىغا داجىغاندەك بىر قەدەم ئارقىسىغا داجىغانلىغى تەسۋىرلىنىدۇ. بارلىق ياشلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدۇ.

ئىلاجسىز، ئۇ ئاخىر پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەن گېڭنىڭ يېنىغا باردۇ. "پۈتۈن بەدىنى يەردىن كوتىرىلىپ ئۇچۇۋاتقاندەك، پۈتىنىڭ ئاستى يۇمشاق بولۇپ، ماڭسا ئازراقمۇ ئاۋاز چىقمايتتى... ھە، مەن گېڭ ئاكا، ئۇ چاغلاردا سىز مېنى خوتۇنلۇققا ئالالمايتتىڭىز، ... سىز پارتىيىلىك بولغاچقا مەندەك بىر ئايالنى خوتۇنلۇققا ئالالمايتتىڭىز ... لېكىن سىز قۇرۇق دەرياسىنىڭ بويىدىكى پىرىستانىنىڭ تاش سۇپىسىدا مېنى قۇچاقلىغانتىڭىز، مېنى سويگەنتىڭىز. مېنى شۇنچە قاتتىق قۇچاقلىغان ئىدىڭىزكى، قوۋۇرغىلىرىم ئاغرىپ كەتكەنتى. سىز بۇ ئالەمدە مېنى قوغدايمەن دەپ قەسەم ئىچكەن ئىدىڭىز... مەن گېڭ ئاكا، ھەي مەن گېڭ ئاكا، پىرىستانىنىڭ ئورنى ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق، ئاشۇ تاش سۇپىمۇ تېخىچە تۇرۇپتۇ... سىز يەنىلا مېنى قوغدامسىز، قوغدامسىز... ئېخ مەن گېڭ ئاكا، مەن گېڭ ئاكا، سىڭلىڭىزنى قۇتقۇزۇپ قىلىڭ، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ ..." — ئاق كوڭۇل، ھېسسىياتلىق بۇ ئاجىزەنىڭ قاراڭغۇ باسقان، قاغجىراپ قالغان بىر مەنىۋى خارابىدە تۇرۇپ، قەلبىدىكى ئادىمىگە قۇتقۇزۇۋېلىش توغرىسىدا روھىي جەھەتتىن مۇراجەت قىلىشى ھەقىقەتەن ئادەمنى يىغلىتىدۇ ۋە چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

## 5

بىر مەنزىرە بىر خىل كەيپىياتتۇر، مەنزىرە تەسۋىرىدىن مەقسەت روھىي ھالەتنى بايان قىلىشتۇر.

نەسرى ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە كورۈلىدىغان مەنزىرە ۋە مۇھىت، كوپ ھاللاردا، "**ئادەملەشكەن تەبىئەت**"تىن ئىبارەت. «قىزىل

راۋاقتىكى چۈش»تىكى ئۈچ قىزنىڭ يېتىپ قوپىدىغان ئۆيلىرىنى سىپلىشتۇرۇپ كورەيلى: دەيىۈيىنىڭ هويلىسى "خۇددى سۇمرۇغنىڭ قۇيرۇقلىرى يەلپۈنۈپ ۋە ئەجدىها نالىسى ياڭراپ تۇرغاندەك بوستانلىق بولۇپ"، سارايدا "سەپكۈنلۈك بامبۇك پەردە يەرگىچە ئېسىلىپ تۇراتتى، ئىنساننىڭ تىۋشى يوق ئىدى"، "دەرىزىنىڭ كوك شايى كوزنەكلىرىدىن بىلىنەر-بىلىنمەس ئۆرۈپ تۇرغان مەيىن خۇشپۇراق سېزىلەتتى"—مانا بۇ دەيىۈيىنىڭ هويلىسى بامبۇكزار ساراي. بۇ يەردە بۇ ئۆيدە تۇرغۇچى پىرسۇناژ ئوتتۇرىغا چىقىرىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جىمجىتلىقنى خالايدىغان ھىسسىياتى، شائىرلارغا خاس خىسلىتى مانا مەن دەپ كورۈنۈپ تۇرامدۇ؟ باۋچەيىنىڭ ئاسارۇنزار هويلىدا يەيدىغىنى "لىڭشىياڭۋەن دورىسى"، تۇرىدىغان ئۆيى "ھىچقانداق زىننەت بۇيۇملىرى يوق" بىر خىل "قار ئوڭكۇرى" سىمان ئۆي، بۇ، دەل مۇشۇ قىزنىڭ ئەملىي مەنپەئەتكە ئەھمىيەت بېرىپ ھىسسىياتقا ئانچە بەك ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، كوڭلى مۇزدەك سوغ ئىكەنلىگىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرمەمدۇ؟ تەن چۈننىڭ تۇرار جايى بولسا باشقىچە: "ئۈچ ئېغىز قىلىپ ئايرىلمىغان چوڭ بىر ئۆي بولۇپ، چوڭ مەرمەر شىرە قويۇلغان، شىرەگە مەشھۇر خەتتاتلارنىڭ خەت ئۈلگىلىرى ۋە نەچچە ئون سىيادان تىزىلغان. ھەر خىل رەڭدىكى قەلەمدان ۋە قەلەم يۇغۇچلارغا سېلىپ قويغان قەلەملەر ناهايىتى كوپ ئىدى، ئاۋۇ تەرەپتە رۇياۋ خۇمدانىدا پىشۇرۇلغان چوڭ بىر تام لوڭقىسى تۇراتتى ... غەرب تەرەپتىكى تامغا مى شياڭياڭ سىزغان تۇمانلىق هاۋا تەسۋىرلەنگەن سۈرەت ئېسىلغان ئىدى." "خۇشخۇي، ئوچۇق مىجەز"لىك، ئۇزىگە "روشەنبىبى" دەپ لەقەم قويۇۋالغان بۇ قىز يەنە چوڭ يوپۇرماقلىرى كېرىلىپ تۇرىدىغان

باناننى بەك ياخشى كورەتتى، قەيسەر، جاسارەتلىك ھەمدە پاراسەتلىك، ئاياللار ئۇچۇن شان-شەرەپ كەلتۇرۇشكە بەل باغلىغان تەن چۇننىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتىرى، مىجەزى ۋە روھىي ھالى مۇشۇ مەردانە، لېكىن ساددا، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەتتىكى قىزلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان ھوجرىدا ئىپادىلىنىپ تۇرمامدۇ؟

سوز كەتمەيدۇكى، تۇرغۇن ھالەت توغرىسىدىكى مۇھىت تەسۋىرى پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتىرىنى ۋە روھىي ھال ئالامەتلىرىنى ئېچىپ بېرىش رولىنى ئوينىيالىسا، ئېپىزوتلارنىڭ تەرەققىياتىغا بىرلەشتۇرۇلگەن ھەركەت ھالىتىدىكى مەنزىرە تەسۋىرىنىڭ رولى تېخىمۇ روشەن بولۇپ قالىدۇ. «ئاننا كارېنىنا»دا قار-شىۋىرغان تەسۋىرلەنگەن بىر يەر بار. كىتى ئۇيۇشتۇرغان تانىسىغا ئاننانىڭ كىرىپ كېلىشى، ئاننانىڭ كارامەت خىسلەتلىك ئىچكى گۈزەللىكى ۋرونسكىينى ئەسىر قىلىۋالىدۇ. ئاننا ۋەقە تەرەققىياتىنىڭ جىددىيلىكىنى تۇيۇپ قېلىپ، غىپپىدە موسكۋادىن پېتېربۇرگقا قايتىدۇ. ۋوگزالدىكى مەنزىرە روماندا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: "قار ئۇچقۇنلىرى پويىزنىڭ چاقلىرى ئارىسىدا، تۇۋرۇكلەر ئەتراپىدا، ۋوگزالنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا غۇيۇلداپ ئىسقىرتاتتى ۋە بىرىپ ئوزىنى ئۇراتتى. پويىز، تۇۋرۇك، ئادەم ۋە كورۇنىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر تەرىپى قار بىلەن چۇمكەلگەن، يەنە كېلىپ بارغانسېرى قېلىنلاپ بارماقتا ئىدى. شىۋىرغان بىر پەس توختىدى، لېكىن ئارقىدىنلا شۇنداق شىددەتلىك گۇكۇرەشكە باشلىدىكى، گويا ھېچنىمە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى". "مۇشۇ ئارىلىقتا بوران جىمىكى توسالغۇلارنى بوي سۇندۇرغاندەك، پويىز ئۇستىدىكى قارلارنى ئۇچۇرۇپ چۇشۇردى، ئۇچۇرۇۋېتىلگەن قاقا لىتىر تاراقلىغان ئاۋاز چىقىراتتى، پاراۋوز گۇدۇگى ئالدى نەرەپتىن

مۇڭلۇق ۋە غەمكىن ئاڭلانماقتا، شۇ ۋرغانىنىڭ ھەممە ۋەھىمىسى ئەمدى ئانىنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ كۆرۈنمەكتە.“ بۇ شۇۋرغاننىڭ ھەيۋەتلىك قىلىپ تەسۋىرلىنىشى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، مەلۇم سىمۋوللۇققا ئىگە. ئۇ، بىر تەرەپتىن، تەبىئەت مەنزىرىسىنىڭ ئەينەن تەسۋىرلىنىشى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئانىنىڭ يۈرىكىدە قوزغىلىۋاتقان بورانىنىڭ **ئىنكاسى**. شۇۋرغان ئانىغا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ”ۋەھىمە“لىك تەسىرنىلا بېرىپ قالماي، بەلكى غەيرەت بېرىدىغان ”ھەيۋەت“لىك تەسىرنىمۇ بېرىدۇ. بۇ ئاساسىي رىتىم ئۇز ئىچىگە ئالغان ئىككى خىل ئاھاڭ ئانىنىڭ كەسكىن ئىچكى توقۇنۇشى بىلەن — ئانىنىڭ چوڭقۇر قەلبىدىن چىققان ھەم ”خوشاللىق“، ھەم ”ئالاقزادىلىك“ تىن ئىبارەت مۇرەككەپ ئاھاڭ بىلەن بىر بىرىنى يورۇتۇپ، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

## 6

چۈش بىر خىل پسىخولوگىيىلىك ھەركەت؛ چۈش رىيال تۇرمۇشنىڭ كوڭۇلدە قايتىلاپ ئەكس ئەتكەن بىر خىل ئەگرى كورۇنۇشى ياكى ئۆزگەرگەن شەكىلدىكى ئىنكاسى. چۈشتە كورۇلگىنى بىر خىل تۇترۇقسىز، خىيالىي دۇنيا بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچىلار كوپىنچە چۈش تەسۋىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى ۋە روھىي ھالىتىنى مەلۇم بىر جەھەتتىن سۈرەتلەپ بېرىدۇ. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە، پەقەت جيا باۋيۈيدەك شەخسلا — ھەم فېوداللىق ئەنئەنىۋى ئىدىيىگە ”ئاسىيلىق قىلغان غوجام“، ھەم ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش

كەچۈرىدىغان "بىكار تەلەت باي"، كۈن بويى قىزلار ئارىسىدا يۈرىدىغان "شەھۋانە" "قاغىش تەككۈر"لەرلا "غايىپ ئالەمنى" چۈشىدە ساياھەت قىلىش"قا مۇۋەپپەق بولالايدۇ. بۇنداق چۈشنى "ئەخمەق زوراۋان" شۇپ پەننىڭ كورۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. گوگولنىڭ ئەسىرى — «خان مۇپەتتىشى» («رىۋىزور») دىكى شەھەر باشلىقى ئانتون ئانتونوۋىچ خان مۇپەتتىشى شەخسەن ئۆزى تەكشۈر-گىلى كېلىدىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر چۈش كورىدۇ: " ماڭا بىشارەت بولغاندەك بولدى: تۈنۈگۈن ئاخشام چۈشۈمدە ئاجايىپ-غارايىپ ئىككى چاشقان كورۇپتىمەن. راست، بۇنداق چاشقاننى ئۆمرۈمدە كورۇپ باققان ئەمەسمەن: رەڭگى قارا، چوڭلۇقىغا گەپ سىغمايدۇ! چاشقانلار كېلىپ، پۇراپ-پۇراپ كېتىپ قېلىشتى." بۇنداق غەلىتە چۈش دەل خىيانەتچىلىك ئادىتىگە ئايلانغان، ۋەھشى-ئەخمەق شەھەر باشلىقىنىڭ ئىچ-ئىچىدىن قورقۇپ خاتىرجەم بولالمىغانلىقىنىڭ ئەگرى-توقاي شەكلىدە ئىپادىلەنگەنلىكى ئەمەسمۇ؟

ئوخشاش بولمىغان خىلمۇ-خىل ئەھۋال ئاستىدا چۈش كورىدىغان گەپ. رېيال تۇرمۇشتا ئادەملەر ئۆز غايىسى ۋە ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىسا ياكى ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا زادىلا مۇمكىن بولمىسا، كۈندۈزلىرى خىيال قىلىپ كېچىلىرى چۈشىدە كورۇپ، ئۆز ئىستىكىنى غايىۋى ئالەمگە باغلايدۇ. «مۇدەنگۇل شىپاڭى» دېگەن ئەسەردىكى دۇلنياڭنى ئالساق، فېئوداللىق ئەدەپ-قائىدىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا، ئۇ ئۆز ئۆيىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بارمايدۇ، ئۇنىڭ بىرەر قېتىم باغ سەيلىسى قىلىشىمۇ ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىلىدۇ، پەقەت چۈشىدىلا فېئوداللىق قەپەزنى ئاقسۇەت بوسۇپ چىقىپ، ليۇ مېڭمېي بىلەن

ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈشتىن مۇھەببەت، مۇھەببەتتىن كېسەل پەيدا بولىدۇ، كېسەللىكتىن ئۆلىدۇ ۋە ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىدۇ. "تىرىكلەر ئۆلىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدۇ. تىرىكلا تۇرۇپ ئۆلمەيدىغانلار، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلمەيدىغانلار مۇھەببەتنى ئەلا بىلمەيدىغانلاردۇر." (تاڭ شيەنزۇ: «ئاپتورنىڭ بېغىشلىمىسى») "ئاشىق"لار ھايات-مامات چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلىشى كېرەك-بۇ، ئەلۋەتتە، ئىدىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك كېرەك. لېكىن، «مۇدەنگۈل شىپاگى»دا، چۈش تەسۋىرى ئارقىلىق ياش قىز-يىگىتلەرنىڭ "ئاشىق-مەشۇقلۇغى" بايان قىلىنغان، بۇ چوڭقۇر رومانتىك تۈس ئالغان بايانلار نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان.

كىشىلەر چىگىش-مۇرەككەپ بولغان، گەپ تولا ۋە ھەر خىل بولغان رېيال زىددىيەتلەر ئىچىدە روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازاپلىنىدۇ ۋە ئۇنى يېڭەلمەي كېتىدۇ، بۇنداق ئازاپ-ئوقۇبەتلىك ھېسسىيات كۆپ ھاللاردا قارا باسقان شەكىلدە كۆرۈلىدۇ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ كۈندۈزدىكى روھىي ھالىتىنىڭ ئۆزگەرگەن، سوزۇلغان ۋە داۋام قىلىۋاتقان شەكلى، شۇنداقلا كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىنىڭ روھىي ھالەت جەھەتتىن غايىۋانە بىشارەت بولۇشىدۇر. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ «كېسەلچان بامبۇكزار مەلىكىسىنىڭ مەستانىلىق قىلىپ يامان چۈشىدىن چوچۇگەنلىگى» دېگەن بابىدا تەسۋىرلەنگەن چۈشنى ئالايلى، ئۇنىڭدا دەييۈينىڭ نىكا مەسىلىسىدە تاللىۋالغان يولى، ئوي-پىكرى ۋە ئالاقىدار تۈرلۈك زىددىيەتلەر چوڭقۇر ئېچىپ تاشلانغان. ئەلۋەتتە، چۈش توقۇلغان. دەييۈينىڭ دادىسى ئاللىقاچان

ئولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ تىرىلىپ كېلىپ قىزىنى ئېپكېتىپ ياشقىلارغا ياتلىق قىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ قايتا ئۆيلىنىشى مۇمكىن ئەمەس؛ جىيا ئانا ھەرقانچە رەھىمسىز بولسىمۇ قىز نەۋرىسىنى جىيا قەسرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس؛ دەييۈي مۇھەببەت ئىشقىدا ھەرقانچە كويىسىمۇ ھېچبىر تەپ تارتماستىن "باۋيۈيگە ئېسىلىپ يىغلىشى"...مۇمكىن ئەمەس، باۋيۈي ئۆزىنىڭ ھەققى ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ "قەلەمتۇراچنى كوكرىگىگە بىر سۇرۇۋىدى، قىپ-قىزىل قان شارىلداپ ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى" دىگەن ھالەتكە كەلسەك، بۇ ھال تېخىمۇ چۈشىدىكى خىيالى. لېكىن بۇ چۈش، ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەدىئى جەھەتتىن مۇبالىغە قىلىنغان ۋە كۈچەيتىلگەن يۇكسەك دەرىجىدىكى چىنلىقتىن ئىبارەت. ۋاھالەنكى، رىيال تۇرمۇشتا، دەييۈينىڭ ئاجايىپ-غارايىپ تۇرمۇشى، يولىدىن چىققان ئىدىيىسى، پۇ دىسە ئۇچۇپ كەتكۇدەك رەزگى بەدىنى-مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى فېئوداللىق ئەنئەنىۋى گۆزەللىك ئولچىمىگە باپ كەلمەيتتى، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ جىيا قەسرىدىكى ھوكۇمدارلار تەرىپىدىن تاللىنىشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس ئىدى. "ئالدى بىلەن باۋيۈينى ئۆيلەپ قويايلى، ئاندىن كېيىن لىن دەيیۈينى ياتلىق قىلارمىز" دىگەن جىيا ئانىنىڭ ھوكمىنى دەيیۈي گەرچە ئاڭلىيالمىسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشتىكى تۇرلۇك ئالامەتلەردىن ئۇنى دەيیۈي بىرئاز سەزگەن ۋە ئۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇرغان. مۇشۇنداق روھي ھالەت ئاساسىدا شۇنچە قاتتىق ۋە جىنىنى ئالغۇدەك قارا باسقانلىغى رەھىمسىز رىياللىقنىڭ يىغنچاقلانغانلىغى يەنى يۈز بىرىش ئالدىدا تۇرغان پاجىئەنىڭ ئالامىتىدۇر، ئۇ يۇكسەك بەدىئى چىنلىققا ئىگە.

# 7

روھىي ھال تەسۋىرى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا ئاڭ ئېقىمى ئۈستىدىمۇ توختالماي ئۆتەلمەيمىز.

ئاڭ ئېقىمى دىگەن بۇ ئىسىمنى ھەممىدىن ئاۋال ئامېرىكىلىق پسىخولوگىيە ئالىمى ۋىليام جېمىس ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ ئادەمنىڭ ئېڭى پارچە-پۇرات، ئۈششاق-چۈششەك نەرسە ئەمەس، قېتىپ قالغان زەنجىر ئەمەس، بەلكى "ئىدىيە ئېقىمى"، "ئاڭ ئېقىمى"، "سۇبيېكتىپ تۇرمۇش ئېقىمى"، ئۈزۈن دەريادەك توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان نەرسە، دەيدۇ. يازغۇچى كىشىلەرنىڭ روھىي ھال پائالىيىتىنى مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ تەسۋىرلەش ئۈچۈن پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا كىرىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئاڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ پېرسوناژلارنى سۈرەتلىشى لازىم، ھازىرقى زامان غەرپ ئاڭ ئېقىمى ھېكايىچىلىقى ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىنىڭ پەيدا بولۇشى ھازىرقى زامان غەرپ ئەدەبىياتىدىكى چوڭ بىر ئۆزگىرىش، بۇ يالغۇز يېزىقچىلىق ئۇسۇلى جەھەتتىكىلا ئۆزگىرىش بولۇپ قالماستىن، بەلكى رىياللىقتا، پېرسوناژ-لارغا نىسبەتەن يېڭىچە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش جەھەتتىكى ئۆزگىرىش-تۇر. ھازىرقى زامان ئۇسلۇبىدىكى يازغۇچىلار دەۋرىنىڭ ئالغا بېسىشىغا، پەن-مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، تۇرمۇش رېتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى، تەپەككۇر پائالىيىتى مۇرەككەپلىشىپ كەتتى؛ بىر لىنىيە بويىچە تەرەققى قىلىدىغان بايان قىلىش تۈزۈلمىسى بىلەن زامانىۋى تۇرمۇشنى ۋە زامانىمىز-

دىكى كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مۇرەككەپلىكنى ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، دەپ قارىماقتا. ئۇلار ئەنئەنىۋى بەدىئىي ئۇسۇلنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، زامانىمىزدىكى جەمىيەتنىڭ ۋە زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلەشنىڭ بىرخىل مۇۋاپىق ئەدەبىي شەكلىنى تېپىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىمەكتە. بەدىئىي جەھەتتىكى بۇنداق ئىزدىنىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

لېكىن، غەرب "ئاڭ ئېقىمى" دىكى رومانلار بەرىبىر غەرب جەمىيىتىنىڭ زىمىنىدا يىلتىز تارتقان. ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى جېمسنىڭ "ئاڭ ئېقىمى" تەلىماتى، بېرگسوننىڭ "روھىي ھالەت ۋاقتى" تەلىماتى ۋە فرېيدنىڭ جىنسىي پسىخولوگىيىسىدۇر. جېمسنىڭ نەزىرىدە، ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا، ئەقلىي ۋە ئاڭلىق بولغان ئاڭ ئامىللىرى بولىدىكەن، لېكىن كۆپرەك ئاڭ غەيرىي ئەقلىي ۋە مەنتىقسىز بولىدىكەن، ئۇلار ئاڭسىز ئاڭ ياكى يوشۇرۇن ئاڭ شەكلىدە مەيدانغا چىقىدىكەن. ئاڭ ئېقىمى دېگەن ئاز مىقداردا بولىدىغان مۇشۇنداق ئەقلىي ۋە ئاڭلىق ئاڭ بىلەن كۆپ مىقداردا بولىدىغان غەيرىي ئەقلىي ۋە مەنتىقسىز بولغان ئاڭسىز ئاڭ، يوشۇرۇن ئاڭ تەشكىل قىلىدىغان ئاڭدىن ئىبارەت دەريا ئىكەن. بۇ تەلىماتنى كېيىن بېرگسون ۋە فرېيد تولۇقلاپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، بىر يۈرۈش مۇكەممەل نەزەرىيە قىلىپ شەكىللەندۈردى. بولۇپمۇ فرېيد ئاڭ ئېقىمىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئاڭسىز ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ يادروسى كىشىنىڭ جىنسىي ھەۋەس جەھەتتىكى ئېڭىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىدۇر، دەپ قارىدى. بۇ خاتا نۇقتىئىنەزەرنىڭ غەربنىڭ ئاڭ ئېقىمى ھېكايىچىلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. شۇ سەۋەبتىن شۇ تىپتىكى ھېكايىلەر ۋە نەزەرىيىلەر كىشىلەرنىڭ بىۋاستە

www.uyghurkitap.com

سېزىمى ۋە تۇيغۇسىغا خۇراپىلارچە ئىشىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئىڭىنىڭ غەيرى ئەقلىيلىغىنى ۋە مەنتىقسىزلىغىنى تەكىتلەپ، پېرسوناژلارنىڭ ئاڭسىز ئىڭىنى، يوشۇرۇن ئىڭىنى—چاكىنىلىق، روھسىزلىق، چۈشكۈنلۈك، شەھۋەتپەرەسلىك، غەيرى نورمال ھالەت ۋە ھەتتا ئىبلىشىپ قىلىشىنى تەرغىپ قىلىدۇ؛ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە چىگىش-مۇرەككەپ، خىرە-تۇتۇق بولۇشىنى قوغلىشىدۇ....غەرپ ئاڭ ئېقىمى رومانى دەپ ئاتالغان بەزى كىلاسسىك ئەسەرلەر ئىچىدە كىشىلەرنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى، چاكىنىلىغىنى، پەسكەشلىكىنى ۋە شەھۋانىپەرەسلىكىنى تەسۋىرلىمىگىنى يوق دىگۈدەك.

رىيالىزىملىق روھىي ھال تەسۋىرى ماتېرىيالىستىك ئىنكاس نەزىرىيىسىنى پەلسەپىۋى ئاساس قىلىدۇ، مۇھىت، پېرسوناژ ۋە روھىي ھالدىن ئىبارەت 3 تەرەپنىڭ دىيالېكتىك بىرلىكىنى تەكىتلەيدۇ، بۇ غەرپنىڭ ئاڭ ئېقىمى ئاساسىدىكى رومانلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزمنى پەلسەپىۋى ئاساس قىلىپ، مۇھىت چەكلىمىسىدىن چەتلەپ، ئادەمگە يەككە ھالدا قارايدىغان ئەركىن تەسەۋۋۇرىدىن، ئادەمنى بىر تەرەپلىمە ئىپادىلەيدىغان يوشۇرۇن ئاڭ ۋە ئاڭسىز ئىڭدىن پىرىنسىپال پەرقلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، رىيالىزىملىق روھىي ھال تەسۋىرىمۇ بىر خىل ئەدەبىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى سۈپىتىدە دەۋرنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققى قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن رىيالىزىملىق روھىي ھال تەسۋىرى ئاڭ ئېقىمى ئاساسىدىكى رومانلارنىڭ بەزى مۇۋاپىق مېغىزىنىمۇ شەرتلىك ھالدا ئەينەك قىلىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ئاساسەن مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئادەمنىڭ ئىڭىدا ھەقىقەتەن ئاڭسىز ئاڭ، يوشۇرۇن ئاڭ بولىدۇ، يەنى ئاڭدا غەيرى ئەقلىي تەركىپلەر بولىدۇ، بۇ ھازىرقى زامان

www.uyghurkitap.com

پسىخولوگىيىسىنىڭ تەجرىبىلىرىدە ئىسپاتلانغان. ئاڭسىز ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭ روھىي ھال تەسۋىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىنمىسىلا، ئاڭنىڭ غەيرى ئەقلىيلىغى، مەنتىقسىزلىغى، غوۋا بىرنىمە ئىكەنلىگى ھەددىدىن ئۇشۇق تەرغىپ قىلىنمىسىلا، ئۇ ھالدا ئادەمنىڭ ئىچكىنى بىر ئۇزۇن دەرياغا ئوخشىتىپ، ئېقىم داۋامىدا سۈرەتلەيدىغان بۇ بەدىئىي ۋاستىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. ئىككىنچى، ئاڭ ئېقىمى تۇرمۇشنى كۆپ بۇرجەكلەردىن، كۆپ قاتلاملاردىن، كۆپ تەرەپلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى سۈرەتلەپ، كىشىلەرگە ئىسترولۇق تەسىر بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل رېئالىزملىق روھىي ھال تەسۋىرى بىلەن بىردەك، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئاڭ ئېقىمى روھىي ھال تۈزۈلمىسىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كېلىچەكنى، خىيال-رېياللىق ۋە چۈشنى ئەركىن تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىن گىرەلەشتۈرۈپ، قوشۇپ يوغۇرۇپ، رىتىمنى تېزلىتىپ، زامان، ماكان چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ قوش لىنىيە، كۆپ لىنىيە ۋە رادىئوئاكتىپلىق نۇر سىياقىدىكى بەدىئىي تۈزۈلمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى، ئاساسىي نۇقتا تۇرمۇشنىڭ چىنلىقى ئۈستىگە قۇرۇلسىلا ۋە تۇرمۇشنى ئاساس قىلسىلا، قوللىنىش كېرەك.

قىسقىسى، مېنىڭچە، رېئالىزملىق روھىي ھال تەسۋىرى ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى بولسا رېئالىزملىق روھىي ھال تەسۋىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، غەرب ئاڭ ئېقىمى رومانلىرى دۇنياغا كېلىشتىن ئاۋاللا ئېقىم ئىچىدە ئادەم ئىچكىنى تەسۋىرلەيدىغان

ئش رىيالىزىملىق ئەسەرلەردە (جۈملىدىن رومانتىزىملىق ئەسەر-لەردىمۇ) كورۇلۇشكە باشلىغان، بىراق بەك ئاڭلىق هالدا بولمىغان، خالاس. شېكىسپىرنىڭ «هاملېت» دىگەن ئەسىرىنى ئالساق، ئۇنىڭ-دىكى ئوچ ئالغۇچى شاهزادىنىڭ كىشلىك تۇرمۇش، دۇنيا، هايات-مامات توغرىسىدا ئوز ئىچىدە قىلغان كوپلىگەن سوزلىرى شۇنىڭدەك تىياترىدا شاهزادىنىڭ ئولگەن دادىسىنىڭ روهىنىڭ كوپ قېتىم كورۇنۇشى ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىلغانلىغىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تولستويىنىڭ «ئانىنا كارىنىنا» دىگەن رومانىدا ئانىنانىڭ ئولۇمىگە دائىر تەسۋىرلەر، يوشۇرۇن ئاڭ، ئاڭسىز ئاڭ، ئەسلەش، ئىچىدە ئوزى بىلەن سوزلىشىش، ئەركىن تەسەۋۋۇر كارامەت ياخشى قوللىنىلغان، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە جىق چۈشلەر — باۋيۈيىنىڭ چۈشى، دەييۈيىنىڭ چۈشى ۋە ۋاڭ شىفېڭنىڭ چۈشى تەسۋىرلەنگەن. لۇشۇننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى»نى ئالساق، روهى قاتتىق بۇزۇلغان بىر بىمارنىڭ كوزى بىلەن فېئوداللىق جەمىيەتتىكى رەڭگا-رەڭ ئىشلارغا نەزەر سېلىشنى ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى بىلەن تەسۋىرلەنگەن دىمەي مۇمكىن ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ نۇرغۇن كىلاسسىك شېئىرلىرىدا، مەسىلەن چۈي يۈەننىڭ «جۇدالىق زارى»، لى بەيىنىڭ «چۈشۈمدە تيەنمۇ تېغىغا زىيارەت قىلغانلىغىمغا بېغىشلاپ» دىگەن شېئىرىدا، لى خېنىڭ «سۇ شياۋشياۋ قەۋرىسى» دىگەن شېئىرىدا، لى شاڭيىننىڭ تېمىسىز شېئىرلىرىدا ئاڭ ئېقىمى پۇرىغى ئوخشاشلا ناهايىتى قويۇق! بۇنىڭدىن كورۇش مۇمكىنكى، رىيا-لىزىملىق روهىي هال تەسۋىرى ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىنى ئوز ئىچىگە ئالغان، بۇ، ئەدەبىيات تارىخىدا ئالللىبۇرۇنلا بار. بۇگۇنكى كۈندە مۇرەككەپ تۇرمۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەش ۋە پېرسۇناژلارنىڭ

ئىچكى دۇنياسىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەش ئۈچۈن، غەرپنىڭ ئاك ئېقىمى ئۇسۇلىدىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق قىسىملارنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق رېئالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى بېيىتىش زۆرۈر، لېكىن بىز ھەرگىز سىرلىقلاشتۇرۇش، ئەقىلسىزلىققا قارشى تۇرۇش مەسلىگى قاتارلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلالمايمىز ۋە ئۇنى رېئالىزىملىق روھىي ھال تەسۋىرى ئورنىغا دەسسىتەلمەيمىز.

## 8

بىز بۇ يەردە «ئاننا كارىنىنا» رومانىدىكى «ئاننانىڭ ئۆلۈمى»[①] بىلەن ئۇتىسنىڭ «دېڭىز ساھىلىدىكى قىز»[②] دېگەن ئەسىرىنى سېلىشتۇرۇپ كورەيلى.

تولستوي ئۇلۇغ رېئالىست يازغۇچى، ئۇنىڭ رومانىدا روھىي ھال تەسۋىرى تولىمۇ جىق، تەسۋىرلەش ئۇسۇلىمۇ جانلىق ۋە خىلمۇ-خىل. «ئاننانىڭ ئۆلۈمى»دىكى بىر بىرىگە باغلىنىپ كېلىدىغان 3 سۈرۈنىڭ ھەممىسىدە ئاننانىڭ روھىي ھالىتى ئاڭ ئېقىمى ئىچىدە سۈرەتلەنگەن. پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان بۇنداق ئۇسۇل كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىغا خېلى يېقىن كېلىدۇ. بىراق، تولستوينىڭ قەلىمى ئاستىدا، ئاننانىڭ ئاڭ ئېقىمى، ئەركىن تەسەۋۋۇرى باشتىن-ئاخىر مۇھىتتىن، ئەھۋالنىڭ ئۇنىڭغا كورسەتكەن تەسىرىدىن ئايرىلمايدۇ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇنداق ئاڭ ئېقىمى ۋە ئەركىن تەسەۋۋۇر مۇھىت ۋە ئەھۋالنىڭ پېرسوناژ قەلبىدە

---

①② مۇشۇ ماقالىنىڭ كەينىگە بېرىلدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۈنۈشىدۇر. بۇ ھال غەرپنىڭ ئاڭ ئېقىمى رومانلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاڭ ئېقىمى بىلەن ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىشىنىلا تەسۋىرلەپ، مۇھىتنى ناھايىتى ئاز تەسۋىرلەشتىن ياكى پەقەت پېرسوناژلارنىڭ ئاڭ ئېقىمى بىلەن ئەركىن تەسەۋۋۇرىدىن مەلۇم مۇھىت تەسىرىنىلا كۆرستىپ بېرىشتىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

بۈگۈن ئاجايىپ بىركۈن بولدى. ھاۋا ئوچۇق. ئەتىگەندە ئازراق سىم-سىم يامغۇر يېغىۋىدى، مانا، ھاۋا ھازىرلا ئېچىلىپ كەتتى. ئوگزىلەر، پىيادىلەر يولىدىكى تاختا تاش، يولدىكى شېغىل، ھارۋىنىڭ چاقى... ماي قۇياشىدا يالتىرىماقتا. چۈشتىن كېيىنكى سائەت ئۈچلەر ۋاقتى بازار تازا قىزىيدىغان ۋاقىت (بۇلار مۇھىت تەسۋىرى). ئاننا كالاسكا بىلەن موسكۋا كوچىلىرىدا كېتىپ بارماقتا. شەھەر مەنزىرىسى، شىركەتلەر، ماگازىنلار، بولكىخانىلار، دەرەخلىق يوللار، ۋىۋىسكىلار، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئوتۇشۇپ تۇرغان كىشىلەر، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچى-لىرى، قىزلارنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرى ۋە باللارنىڭ قىيغىتىپ چېپىشىشلى-رى... كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئوزگىرىپ تۇرىدىغان مەنزىرىلەر ئاننا-نىڭ ئالدىدىن ئوتۇپ غايىپ بولماقتا. تەبىئەتتىكى تەسىر كورسەتكۈچى نەرسىلەر ئۇنىڭ كاللىسىدا بىرمۇ-بىر كونكرېت شەكىل ھاسىل قىلىپ، ئۇنىڭ قىسقىغىنا ئومرى توغرىسىدا ئۇنى خىيالغا سالماقتا ۋە تۈگىشىپ كېتىۋاتقان ياشلىقى ئۈستىدە ھەسرەت چەكتۈرمەكتە (روھىي ھال تەسۋىرىگە ئوتتى). تولستوي ئاننانى مەيدانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزۇپ، ئۇنى نۇقتا قىلىپ، ئاننانىڭ "ئوز" خاراكتېرىنى تولۇق ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ يەردە، موسكۋا كوچىلىرىدىكى رەڭگا-رەڭ نەرسىلەر ئانادىن ئىبارەت بۇ شەخسنىڭ ئوزىگە خاس ھېسسىياتىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. خۇددى كىنولاردىكى مونتاژغا

ئوخشاش، ئاناننىڭ كوزىگە ئارقا-ئارقىدىن نەچچە ئون كىشى كۆرۈنە-دۇ، بۇلار ئانچە ئەھمىيەتسىز بولغان ساپ ئوبېكتىپ تاشقى نەرسىلەر بولسىمۇ، ئاناننىڭ كوزىگە چۈشۈشى بىلەنلا ئاناننىڭ كاللىسىغا ئور-نىشىۋالدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاناننىڭ شەخسى ھىسسى تۇسىنى ئالدۇ-دە، ئاناننىڭ تۇرلۇك تەسەۋۋۇرنى قوزغاپ، ئاناننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ (ئەركىن تەسەۋۋۇرغا ئوتىدۇ). ئۇ كوچىدا ئۈچ ئوغۇل بالىنىڭ بەيگىگە چۈشۈپ ئويناۋاتقان-لىقىنى كورىدۇ-دە، دەرھال ئوزىنىڭ ئەڭ ئامراق ئوغلى سېرىيوشا-نىڭ كارىتىنىڭ ئويىگە قامىلىپ ياتقانلىقىنى، ئوزىنىڭ ئەمدى ئۇنىڭ-دىن مەڭگۈ مەھرۇم بولۇپ، ھەممىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە ۋرونسكىي ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان پويىز ئېھتىمال كېچىكىپ قالغاندۇ، ئۇ ئويىگە كەلگەنمىدۇ... (يوشۇ-رۇن ئاڭ پەيدا بولىدۇ) دەپ ئويلايدۇ-دە، دەرت-ئەلەم، ھەسرەت، بۇ دۇنيادىن تويۇش كەيپىياتى توپە-توپىلەپ پەيدا بولىدۇ. ... ئوز كوزى بىلەن كورگەن ئۈچ بالا ئاناننىڭ كاللىسىدا قوزغىغان بىر قاتار ئەركىن تەسەۋۋۇر ۋە قىياسلار پەقەت ئولۇۋېلىش ئالدىدا تۇرغان ئاناننىڭ "مۇشۇ" كاللىسىدا پەيدا بولۇشى مۇمكىنكى، ھەرگىز باشقىلارنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە، تولستوي يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوزىدە كەم بولسا بولمايدىغان بەدىئى قىياس قىلىش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان، ئۇ يازغۇچىدىن ئىبارەت "مەن"نى پېرسوناژدىن ئىبارەت "مەن"گە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پېرسوناژنىڭ — ئاناننىڭ ئالاھىدە ئەھۋالدىكى ئالاھىدە روھىي ھالىنى بويلاپ، ئەھۋالنىڭ بېرىشى بويىچە ئانا ئويلىغاندەك، ئانا سوزلىگەندەك، ئانا قىلغان-

دەك قىلىپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن كىتاپخانلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان ئانىنا جانلىق ئانىنا، بىردىن ـ بىر ئانىنا، باشقا ئاياللارنىڭ ئوبرازى ئورنىنى باسالمايدىغان ئانىنا بولۇپ چىقىدۇ.

ئوتسنىڭ «دېڭىز ساھىلىدىكى قىز» دېگەن ئەسىرىدە 19 ياشلىق ئامېرىكىلىق بىر قىزنىڭ "شىپىس" بولۇپ كەتكەندىن كېيىنكى مەنىسىز ئىچكى دۇنياسى ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. "شىپىس" ـــ 60 ـــ 70 ـ يىللاردىكى غەرپتىكى بىر قىسىم ياشلارنىڭ نامى، ئۇلار بىر خىل چۇشكۇن، شاللاق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، نەشە چېكىدۇ، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدۇ، هاراق ئىچىپ مەس بولۇپ يۈرىدۇ. قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىدۇ، مۇشۇ يول بىلەن كاپىتالىستىك جەمىيەتكە بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھېكايىدە ئايال باش قەھرىمان تايىسانىڭ ھاماچىسى بىلەن بىللە دېڭىز ساھىلىدىكى ئۆيىگە كېلىپ بىر مەھەل تۇرغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ، بۇ ھېكايىدە مۇكەممەل بىر ھېكايە ئېپىزوتى يوق. ھە دېگەندىلا ئىككىسىنىڭ ماشىنىغا چۈشۈپ دېڭىزغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقى، تۇرار جايغا كەلگەندىن كېيىن يۈك ـ تاقلىرىنى جايلاشتۇرۇۋاتقانلىقى، ئاندىن كېيىن ئۇخلاشقا ياتقانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ، ئۇيقۇ دورىسى ئىچكەنلىكى، ئۇيقۇسىزلىق، دېڭىزغا قاراش... ئارىلىقتا بىرمۇنچە تەسەۋۋۇر، ئەسلىمىلەر قىستۇرۇلىدۇ. تايىسا ئۇيقۇ قاچقانلىقتىن تۇرلۇك ئوي ـ خىياللارنى قىلىپ كېتىدۇ، يوشۇرۇن ئاڭ ئىچىدە ئىككى كىشى پەيدا بولىدۇ، بىرى، كىنگ دوللى ـــ "كۇلكىسى قۇلاققا ياقمايدىغان ۋە تىلەتىي سورۇن"، "ئادەمنى چوچۇتىدىغان قىز بالا". بۇ قىز ئۇشتۇمتۇت ۋاراقلانغان گېزىتنىڭ باش قىسمىدىكى خەۋەردە: "نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم بىر شالغۇت، ئالاھەزەل ئون

ئالته ياشتا، كىنىگ دولىلى دىگەن ئىسمىلا مەلۇم... ئۇيى يوق... مۇقىم تۇرالغۇ يېرى يوق...مەشھۇر زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى... تۇتۇلغاندىن كېيىن 'قارا جەمىيەت' شەكلىدە ئۇلتۇرۇلگەن... يەرگە يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئاتقاندا ئوق مىڭىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن" دەپ يېزىلىدۇ. يەنە بىرى — بىت V، تايسا ئۇنىڭدىن بەك قورقىدۇ. ئۇ خۇددى ئەرۋاھتەك دائىم تايسانىڭ خىيالىدا پەيدا بولىدۇ، بىر دەم دېڭىز بويىدا، بىر دەم ئاشخانا دەرىزىسىنىڭ سىرتىدا پەيدا بولىدۇ. تايسا بىر چاغلاردا بىت V بىلەن خۇپىيانە مۇناسىۋەتتە بولغان. تايسانىڭ تۇرلۇك ئەركىن تەسەۋۋۇرى ۋە خىيالىي تۇيغۇسىدىن بىز ئۇنىڭ "... كىشىلەر ئارىلىشىپ بىر يەردە تۇراتتى، غىزادىمۇ، ئۇيقۇدىمۇ بىللە بولاتتى. ئۇلارنىڭ چىرايى، ئاۋازى پەرق ئەتكۈسىز ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، سەت ۋە ئۇمىتسىز ئىدى، بۇ ھال ئۇلارنى غالجىرلىشىپ..." دىگەنگە ئوخشاش تۇرمۇشقا قاتناشقانلىقىنى بىلىمىز. بۇ "شىپىسلار" ئەنە شۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ ۋە چىرىك-چۈشكۈن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە، كىنىگ دولىلىمۇ، بىت V مۇ مەيدانغا چىقىرىلمايدۇ، ئىككىيلەن پەقەت تايسانىڭ ئويىدىلا غۇۋا، گايى-گايىدا پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدىن گەپ ئاچىدىغان بولساق، ئۇ كىتابخانلارنى خۇددى بايان قىلىپ بەرگۈچىنىڭ ۋاستىلىقىدىن ئۆتكۈزمەيلا پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بىۋاستە كورەلەيدىغان قىلىپ، كىشىنىڭ ئېڭىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىشكە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. ھېكايىدە ئىككى كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا ئەركىن تەسەۋۋۇر ۋە خىيالىي تۇيغۇ ئارقىلىق، تايسانىڭ كوپ يىللاردىن بېرى "شىپىس"لارچە چۈشكۈن

تۇرمۇش كەچۇرۇپ كەلگەنلىگى بىرقانچە تەرەپلەردىن يەكۇنلىنىپ، شۇ ئارقىلىق تۇرمۇشتا باي ئامېرىكا ياشلىرىنىڭ روھىي جەھەتتىن نەقەدەر مەنىسىز ئىكەنلىگى تەسۋىرلەپ بېرىلگەن. ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى قوللىنىپ يېزىلغان بۇ ھىكايىدىكى خاسلىق ئەنە شۇ يەردە. بىراق، شۇنىمۇ كورۇشىمىز كېرەككى، ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى بويىچە يېزىلدى دەپ ئاڭنىڭ ئوزىنىلا سۇرەتلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاڭنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىغى تاپشۇرۇلمسا، مۇھىتنىڭ ئاڭغا كورسىتىدىغان تەسىرى تەسۋىرلەنمىسە، ئۇ، كىشلەرگە چىگىش-مۇرەككەپ، تۇتۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل غۇۋا ئۇقۇم بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنداق تەسۋىردە رىيالىزىملىق روھىي ھال تەسۋىرىدىكىدەك چوڭقۇرلۇق ۋە ئېنىقلىق كەم بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى «ئانىنىڭ ئولۇمى» بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوقۇپ باقساقلا ئوز ئوزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

## 9

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ نەسىرى ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە پىرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلەر، يېڭى بەدىئى شەكىللەرگە ئىنتىلىشلەر، روشەنكى، كۆچەيدى. يېڭىلىق يارىتىشتا تىرىشىشتەك بىر خىل ئېقىم پەيدا بولدى. بۇ "ئېچىلىش-سايراش" يونۇلۇشىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرغانلىقنىڭ نەتىجىسى، خوشال بولۇشقا ئەرزىيدىغان ھادىسە.

ھەرقانداق دەۋرنىڭ ئوز ئەدىبىياتى بولىدۇ. دەۋر ئوزگەرمەكتە، تۇرمۇش تەرەققى قىلماقتا، ئەدىبىيات-سەنئەتتە يېڭىلىق يارىتىش دەۋر تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىشنىڭ ئېھتىياجى. مۇنەۋۋەر سەنئەتنىڭ

دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ. سەنئەتتە كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋېلىش، ئالغا باسماي بىر ئىزدا تۇرۇپ قېلىش يارىمايدۇ. سەنئەتتىكى يېڭىلىق يارىتىش بىلەن مىللىي ئەنئەنىلەرگە ھۆرمەت قىلىش بىر-بىرىگە زىت ئەمەس، ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئاممىباپ نەسرى ئەسەرلىرىدە، مەسىلەن، «سەنيەن ھېكايىلىرى»، «ئېرپەي ھېكايىلىرى»دە ئومۇمەن ئېپىزوتلارنىڭ جانلىق، ئەگرى-توقاي بولۇشىغا، بېشى بىلەن ئايىغىنىڭ ماس بولۇشىغا بىرقەدەر ئەھمىيەت بېرىلگەن. لېكىن تۈزۈلمىدە، ۋەقەلىك كۆپرەك بىر لىنىيە بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشمۇ، ئازغىنا بىرنەچچىسىدىن باشقىلىرىدا بىرقەدەر ئاجىز بولغان. ھازىرقى زامان نەسرى ئەسەرلىرىمىز بولۇپمۇ ھېكايىلىرىمىز ئەنئەنىۋى ئاممىباپ نەسرى ئەسەرلەرنىڭ ئەتراپلىق يېيىش، باش ئايىغى ماسلىشىپ كېلىش دەپ قارايدىغان ۋە ”ئۇستىلىق قىلمىساڭ كىتاب بولمايدۇ“ دەپ قارايدىغان يېزىقچىلىق ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچراپ كەتكەچكە، بەزى ئەسەرلەردە تەسۋىرلەر ئۇزۇن-كېلەڭسىز بولۇپ، كۆڭۈل قويۇپ قوراشتۇرۇش، ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش كەم بولماقتا. شۇ سەۋەپتىن چەتنىڭ سەنئىتىنى تەنقىدىي ئەينەك قىلىپ، بەدىئىي جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ نەسرى ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە سۈپەتنى ئۆستۈرۈشكە پايدىسى بار. بىراق ئەينەك قىلغان ۋاقتىمىزدا ئۇنى ھەزىم قىلىشىمىز، ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. غەرپنىڭ ھازىرقى زامانچىلىق ۋە ئاڭ ئېقىمى شەكلىدىكى نەسرى ئەسەرلىرىنى ئاددىيلا كۆچۈرۈپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ۋاڭ مېڭ ئۆز ئىجادىي ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بۇ جەھەتتە پايدىلىق ئىزدىنىشلەرنى قىلىپ باقتى.



www.uyghurkitap.com

ئۇ ئاڭ ئېقىمىنىڭ بەزى ئۇسۇللىرىنى ئەينەك قىلىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى سۈرەتلەشتە چوڭقۇرلاشتى، لېكىن ئۇ غەرپ ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى ئىپادىلىگەن خىرەلىك، سىرلىقلىق، يىگانىلىق، ئۈمىتسىزلىك ھەتتا يامان ھايۋانلىق تۈسىنى ئالغان ساپ ئىچكى يوشۇرۇن ئاڭدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ. ئۇ بەدىئىي جەھەتتە بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى، لېكىن بۇنداق قىلغىنى غەرپنىڭ نەسرى ئەسەرلىرىدىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىنى چەتكە قاقىدىغان ساپ سۇبيېكتىپ ئەركىن تەسەۋۋۇرغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ بەدىئىي جەھەتتە بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، "سەككىز مىڭ چاقىرىم زېمىندىكى ئوتتۇز يىللىق ئەھۋال"نى ئىپادىلىگەن، دائىم زامان، ماكان چېگرىسىدىن ئېشىپ، "روھىي ھال تۈزۈلمىسى"نىڭ كۆپ لىنىيىلىك ئوتتۇشمىسى ياكى رادىيوئاكتىپلىق نۇر شەكلىنى قوللانسىمۇ، لېكىن ئۇ رېيال تۇرمۇشتىن چەتنەپ كەتمىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يازغۇچىنىڭ "ئۆز" ئېڭى ناھايىتى كۈچلۈك، بىرمۇنچە جايلاردا مۇلاھىزىلەر جانلىق، سۆزلەر قىزىق، بۇ غەرپنىڭ ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىدا يېزىلغان نەسرى ئەسەرلىرىنىڭ يازغۇچى "ئەسەردىن يېنىپ چىقسۇن"، پېرسوناژلارنىڭ ئېڭى ئەركىن ئاقسۇن دېگەن تەشەببۇسىدىنمۇ ماھىيەت ئېتىۋارى بىلەن پەرقلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ۋاڭ مېڭدىن باشقا يازغۇچىلارمۇ نەتىجە قازاندى. مەسىلەن، رۇ جىژجۈەنىڭ «خاتا قۇراشتۇرۇپ قويۇلغان ھېكايە» دېگەن ئەسىرىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا باش قەھرىمان لاۋ شۇنىڭ "دايۇيجىن" (چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش) مەزگىلىدىكى روھىي ھال پائالىيىتى يىپ ئۇچى، ئاشلىق، مۇشۇلۇك دەرەخلەر تۈزۈلمە ئۆزگىرىشىدىكى نۇقتا قىلىنغان بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ

روھىي ھال پائالىيتىگە ئەگىشىپ، كورۇنۇشتە زامان، ماكان چەكلىمىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، چوك سەكرەپ، چوڭقۇر بولۇشتەك كۈچلۈك ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. بۇ ئەسەرلەر ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆلگە ئالغان، ئىسلاھ قىلغان ۋە يېڭىلىق ياراتقان، پىرسوناژلارنىڭ روھىغا چوڭقۇرراق تەككەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى رىيالىزىملىق تۇرمۇشنىڭ تۇپرىغىدا يىلتىز تارتقان، ئىنقىلاۋىي رىيالىزىملىق ئىجادىيەت پىرىنسىپىدىن چەتلىمىگەن، شۇڭا ئۇلارنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە ئەرزىيدۇ. ئىچكى دۇنيا تەسۋىرى بىلەن ئاڭ ئېقىمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا تۇتۇشقا تېگىشلىك توغرا پوزىتسىيە ئېھتىمال مۇشۇنداق بولسا كېرەك.

(«ھېكايە ـ رومانچىلار» ژورنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرمۇھەممەت دولەتى.
تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: ئابدۇللا ئابلىز.

قوشۇمچە:

# ئاننانىڭ ئۆلۈمى*

[روسىيە] لىف تولستوي

## 27

”ئۇ كېتىپ قالدى! ھەممىسى تۈگەشتى!“ دېدى ئاننا دەرىزە يېنىدا تۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى. شۇ سوئالغا جاۋاپ بەرگەندەك، شام ئۆچۈپ قالغان چاغدىكى قاراڭغۇلۇق ۋە ھىلىقى دەھشەتلىك چۈش بىر بىرىگە ئۇلىنىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىر مۇدھىش دەھشەت چۇلغىۋالدى.

”ياق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!“ دەپ ۋاقىرىۋەتتى ئاننا ۋە ھوجىرىدىن چىقىپ، قاتتىق قوڭغۇراق چالدى. ئەمدى يالغۇز قېلىش ئۇنىڭغا شۇنچىلىك دەھشەتلىك ئىدىكى، خىزمەتچىنىڭ كىرىشىنى كۈتمەي، ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— گىراف نەگە كەتتىكىن، بىلىپ كېلىڭلار، — دېدى ئاننا.

---

* بۇ لىف تولستوينىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئاننا كارىنىنا»نىڭ 7 ـ قىسىم 27 — 31 ـ بابلىرى بولۇپ، ساۋ يىڭ تەرىپىدىن خەنزۇچىغا يېڭىۋاشتىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى. ماۋزۇ ئەسلى تەھرىر تەرىپىدىن قويۇلغان. — تەرجىماندىن.

خىزمەتچى: گىراف ئاتخانىغا كەتتى، دەپ جاۋاپ بەردى.

— ئەگەر سىلىنى بىر ياقىقا چىقماقچى بولسا، كولەسكە ھارۋىدا قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئېيتىڭلار دېدى.

— مەيلى. توختاڭ. مەن ھازىر خەت يېزىپ بېرىمەن. خەتنى مىخايلوغا بېرىڭ، ئاتخانىغا بارسۇن. ئىلدامراق.

ئاننا ئولتۇردى-دە، خەتنى يازدى:

"مەن ئەيىپدارمەن. ئۆيگە قايتىپ كەل، سۆزلىشۋېلىشىمىز كېرەك. خۇدا ھەققى، قايتىپ كەلگىن، مەن دەھشەتتە قالدىم."

ئاننا خەتنى لىپاپىغا سېلىپ چاپلاپ، خىزمەتچىگە بەردى.

ئۇ ئەمدى يالغۇز قېلىشتىن قورقۇپ، خىزمەتچىنىڭ كەينىدىن ھوجرىدىن چىقىپ، بالىلار خانىسىغا كىردى.

ئاننا سېرىيوژىنى كورىمەن دەپ، ئۇنىڭ ئورنىدا قاپ-قارا بۇدرە چاچلىق، يۇزلىرى قىزىل ئالمىدەك بۇدرۇققىنا قىزىنى كورگەندە، ئۇنىڭ خىيالىغا دەسلەپتىلا: "ۋاي، بۇ سېرىيوژا ئەمەس، ئۇ ئەمەسقۇ! قېنى ئۇنىڭ كوكۇش كوزلىرى، تارتىنچاق، ئوماق كۇلۇمسىرىشى؟" دېگەن پىكىر كەلدى. قىزى ئۇستەل يېنىدا، پۇروپكا بىلەن ئۇستەلگە قالايمىقان ئۇرۇپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ قاپ-قارا مونچاقتەك مولدۇرلىگەن كوزلىرى ئانىسىغا ئاڭسىز تىكىلىپ تۇراتتى. ئاننا بالا باقquچى ئىنگلىز ئايالنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ، ئوزىنىڭ تاۋۇى ياخشى ئىكەنلىگىنى ۋە ئەتە يېزىغا كېتىدىغانلىغىنى ئېيتتى-دە، قىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى گىرافىن پۇروپكىسىنى

ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن بالىنىڭ جاراڭلىق قاتتىق كۈلكىسى ۋە قېشىنىڭ ھەركىتى ئانىناغا ۋرونسكىينى شۇنچىلىك يارقىن ئەسلەتتىكى، ئۇزىنى يىغلىۋېتىشتىن زورغا تۇتۇپ، ئورنىدىن تۇرغان بويىچە چىقىپ كەتتى. "شۇنداق قىلىپ، ئارىمىز پۈتۈنلەي بۇزۇلدىمۇ-ھە؟ ياق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس،—دەپ ئويلىدى ئانىنا،—ئۇ قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن سوروكىنا بىلەن سوزلەشكەن چاغدىكى شۇ كۈلۈمسىرەپ، ئېچىلىپ كەتكىنىنى ماڭا نىمە دەپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىكىن؟ چۈشەندۈرۈپ بەرمىسىمۇ بەربىر ئىشىنىمەن. ئەگەر ئىشەنمىسەم، ماڭا بىرلا يول قالىدۇ...ئۇنداق بولۇشنى خالىمايمەن."

ئانىنا سائەتكە قارىدى. ئون ئىككى مىنۇت ئوتۇپتۇ. "ئەمدى ئۇ خەتنى ئالدى، ھازىر قايتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئاز قالدى، يەنە ئون مىنۇت...ئەگەر ئۇ كەلمەي قالسىچۇ؟ ياق، كەلمەسلىگى مۇمكىن ئەمەس. يىغلاپ كوزۇمنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى ئۇ بىلمىسۇن. چىقىپ يۈزۈمنى يۇيۇۋالاي. ھە راستلا، چېچىمنى تارىدىممۇ، يوقمۇ؟" دەپ ئوز ئوزىدىن سورىدى ئانىنا. لېكىن ھىچ ئېسىگە ئالالمىدى. چېچىنى قولى بىلەن تۇتۇپ كوردى. "ھە، چېچىمنى تاراپتىمەن، لېكىن قاچان تارىغانلىغىم زادىلا ئېسىمدە يوق". ئۇ ھەتتا ئوزىنىڭ قولىغىمۇ ئىشەنمەي، چېچىنى راستىن تارىغانلىغى ياكى تارىمىغانلىغىنى ئوز كوزى بىلەن كورۇش ئۇچۇن چوڭ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. چېچىنى راستلا تارىغان ئىكەن، لېكىن قاچان تارىغانلىغىنى ئانىنا ھىچ يادىغا ئالالمىدى. "بۇ كىم-ھە؟—دەپ ئويلىدى ئۇ، ئەينەكتە غەلىتىلا پاقىراپ، قورقىقان بىر قىياپەتتە ئوزىگە قاراپ تۇرغان، ئىششىپ قالغان يۈزگە قاراپ.—ۋاي، بۇ

مەن ئۆزەمغۇ" دەپ بىردىنلا ئېسىگە كەلدى-دە، ئۆزىنى بېشىدىن ئايىغىغىچە كوزدىن كەچۈرۈپ، بىردىنلا ۋرونسكىي ئۆزىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى سويۇۋاتقاندەك بىلىنىپ، سەسكىنىپ كەتتى ۋە مۈرىسىنى قىسىپ قويدى. كېيىن قولىنى لىۋىگە ئەكىلىپ سويدى.

"نىمە بولدۇم مەن، ساراڭ بولۇپ قالدىممۇ نىمە" دىدى ئىچىدە ئاننا ۋە ياتىدىغان ھوجرىسىغا كىردى. ئاننۇشكا ئۆينى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئىكەن.

— ئاننۇشكا، — دىدى ئاننا خىزمەتچى جۇۋاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، ئۇنىڭغا نىمە دىيىشىنى بىلمەي، ئۇنىڭ كوزىگە قاراپ.

— دارىيە ئالېكساندروۋنانىڭ يېنىغا بېرىپ كەلسىلە، — دىدى ئاننۇشكا ئۇنىڭ يادىغا سالغاندەك.

دارىيە ئالېكساندروۋنانىڭ يېنىغا دەمسەن؟ ھەئە، شۇ ياققا بارىمەن.

"ئۇ ياققا بېرىشقا ئون بەش مىنۇت، بۇ ياققا كېلىشكە ئون بەش مىنۇت. دىمەك ئۇ كېلىۋاتىدۇ، مانا ھازىر يېتىپ كېلىشى كېرەك. — ئاننا سائەتىنى ئېلىپ قارىدى. — مىنى شۇ ئەھۋالدا تاشلاپ قويۇپ كېتىشكە كوڭلى قانداق چىدىدى-ھە؟ مىنىڭ بىلەن ياراشماي شۇنداق قىلىپ يۈرۈشكە قانداق چىدايدۇ-ھە؟" ئاننا دەرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كوچىغا قارىدى. ئۇنىڭ ھىساۋى بويىچە ۋرونسكىي قايتىپ كېلىدىغان ۋاقىت بولغان ئىدى. ئېھتىمال، ۋاقىت ناتوغرا ھىساپلانغاندۇر، شۇڭا ئاننا ۋرونسكىينىڭ قاچان كەتكىنىنى يىغىۋاشتىن ئەسلەپ، ۋاقىتنى بىر مىنۇت-بىر مىنۇتتىن ھىساپلاشقا باشلىدى.

چوڭ سائەتكە قاراپ ئۆزىنىڭ سائىتىنى توغرىلىۋېلىش ئۈچۈن

دەرىزە ئالدىدىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇشى بىلەن ھارۋىدا كىمدۇ بىرسى كەلدى. دەرىزىدىن كولەسكە كەلگىنىنى كوردى. لېكىن پەلەمپەيدىن ھېچكىم يۇقۇرىغا چىقمىدى، پەستە كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھارۋىدا ئانىنا ئەۋەتكەن خىزمەتكار كەپتۇ. ئانىنا پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

—گىرافنى ئۇچرىتالمىدىم. ئۇ ياق نىژىگورود بېكىتىگە كېتىپ قاپتۇ.

—نىمە دەيسەن؟ نىمە؟...—دىدى ئۇ خېتىنى ئانىنانىڭ ئوزىگە قايتۇرۇپ بېرىۋاتقان مەگىزلىرى قىپ-قىزىل، خۇشخۇي مىخايلوغا.

"ھە، مېنىڭ خېتىمنى ئالماپتۇ-دە"،—دەپ ئويلىدى ئانىنا.

—شۇ خەتنى ئېلىپ گىرافنە ۋرونسكايا تۇرغان يېزىغا بارغىن، بىلەمسەن ئۇ يەرنى؟ دەررۇ جاۋاپ ئېلىپ قايت،—دىدى ئانىنا خىزمەتكارغا.

"ئوزەمچۇ،...ئوزەم ئەمدى نىمە قىلىمەن؟—دەپ ئويلىدى ئۇ.—ھە، دوللىنىڭ ئالدىغا بارىمەن، توغرا، بولمىسا ساراڭ بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن، ھە راستلا، يەنە تېلېگىراممۇ بېرىۋېتەي". ئانىنا ئولتۇرۇپ تېلېگىراممىنى يازدى:

"دەيدىغان گېپىم بار، تېز قايتىڭ"

تېلېگىراممىنى ئەۋەتىۋېتىپ، ئانىنا كىيىنىشكە كىرىپ كەتتى. ئۇ كىيىمىنى، شلەپىسىنى كىيىپ چىقىپ، قوساق سىلىپ قالغان، ئېغىر-بېسىق ئانىنۇشكانىڭ كوزىگە يەنە قارىدى. ئانىنۇشكانىڭ شۇ كىچىككىنە، رەھىمدىل كوكۇش كوزلىرىدە ئانىناغا ھەمدەرتلىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ۋالامىتى ئوچۇق كورۇنۇپ تۇراتتى.

ــ ئاننۇشكا، ئەزىزىم، نىمىۇ قىلاي مەن ـ ھە؟ ــ دەپ، ئوپكە ـ ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىغان پېتى بوشىشىپ كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلىدى ئاننا.

ئاننا ئاركادىيېۋنا، نىمىشقا بۇنچىلىك غەم قىلىدىلا! بۇنداق ئىشلار بولىدۇغۇ. بىر ئايلىنىپ كەلسىلە، كوڭۇللىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، ــ دىدى ئاننۇشكا.

ــ راست، بىر ئايلىنىپ كېلەي، ــ دىدى ئاننا ھۇشىنى يىغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ. ــ ئەگەر مەن يوق ۋاقىتتا تېلېگرامما كەلسە، دارىيە ئالېكساندروۋنالارنىڭكىگە ئەۋەتسىلەر... ياق، مەن ئوزەم قايتىپ كېلىمەن.

”ھە ـ ئە، خىيال سۇرۇپ ئولتۇرماي، بىرەر نىمىگە مەلىكە بولۇشۇم، بىر ياققا كېتىشىم، ئەڭ مۇھىمى، مۇشۇ ئويىدىن بىر ياققا چىقىپ كېتىشىم كېرەك“ دىدى ئاننا ئوز ئوزىگە يۇرىگىنىڭ قورقۇنچلۇق دۈپۈلدەپ ئۇرۇشىغا ۋەھىمە بىلەن قۇلاق سېلىپ. ئاننا ئويىدىن ئىلدام چىقتى ـ دە، كولەسكىگە ئولتۇردى.

ــ قاياققا بۇيرۇيدىلا؟ ــ دەپ سورىدى پيوتىر ھارۋا تەكچىسىگە ئولتۇرۇشتىن ئاۋال.

ــ ئىزنامېنكا كوچىسىغا، ئوبلونسكيلارنىڭكىگە.

## 28

ھاۋا ئوچۇق ئىدى. ئەتىگەندىن بېرى سىم ـ سىم يامغۇر يېغىپ، مانا ئەمدىلا ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. قاقالتىر بىلەن يېپىلغان ئوگىزى ـ

لەر، پىيادىلەر يولىدىكى تاختا تاشلار، يول ئۈستىدىكى شېغىللار،
هارۋىنىڭ چاقى ۋە كون، مىس، قەلەي ئەسۋاپلىرى ــ جىمىكى
نەرسە ماي قۇياشىنىڭ نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. سائەت ئۈچ،
كوچىلاردا ئادەم تازا قاينايدىغان مەزگىل.

ئانىنا بوز ئاتلار ئىلدام تارتىپ كېتىپ بارغان؛ يۇمشاق رىسورلىرى
لىڭشىتىپ، بىلىنەر-بىلىنمەس چايقاپ تۇرغان يۇمشاق كولەسكىنىڭ
بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ، تىنىمسىز تاراقلىغان هارۋا چاقلىرىنىڭ ئاۋازىنى
تىڭشاپ، ساپ هاۋادا كەينى-كەينىدىن يېڭىلىنىپ تۇرغان تەسىراتلارغا
بېرىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە بولغان ۋەقەلەرنى يەنە بىر-بىرلەپ
ئەسلەپ چىقتى ۋە ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ئۆيدە ئۆزىنىڭ كوزىگە
شۈنچىلىك يامان كۆرۈنۈپ كەتكەنچىلىك دەرىجىدە ئەمەسلىكىنى
بىلدى. شۈنچە روشەن بولۇپ كۆرۈنگەن ئۆلۈم توغرىسىدىكى
پىكىرمۇ ئەمدى ئانچىلا دەھشەتلىك بولۇپ تۇيۇلمىدى، ئۆلۈم
ئەمدى مۇقەررەر ئەمەستەك كۆرۈندى. ئۇ ئۆزىنى شۈنچىلىك
پەسكە ئۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەمدى ئۆزىگە كايىيتتى. "مەن ئۇنىڭغا
يېلىنىپ، ئۇنىڭدىن كېچىرىم سوراپ يۈرۈيمەن. ئۇنىڭغا باش
ئەگدىم. ئۆزەمنى ئەيىپلىك دەپ تونۇدۇم. نىمە كېرىكى بار ئىدى؟
نىمە، مەن ئۇنىڭسىز كۈن كورەلمەيمەنمۇ؟" ۋرونسكىيسىز قانداق
ياشاش توغرىسىدىكى سوئالغا جاۋاپ بەرمەيلا، ئانىنا كوچىلاردىكى
ئېلانلارنى ئوقۇشقا كىرىشتى. "شىركەت ھەم ئامبار...چىش دوخ-
تۇرى...ھە-ئە، بولۇپ ئۆتكەن ھەممە گەپنى دوللىغا ئېيتىپ
بېرىمەن. ئۇ ۋرونسكىينى ياخشى كورمەيدۇ. ئۇيات بولسىمۇ، نومۇس
بولسىمۇ، بەرىبىر ھەممىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىمەن. دوللى
ماڭا ئامراق. ئۇنىڭ مەسلىھەتلىرىگە قاراپ ئىش قىلىمەن. مەن

www.uyghurkitap.com

ۋرونسكىيغا باش ئەگمەيمەن: ئۇنىڭ ماڭا تەنبىھ بېرىشىگە يول قويمايمەن... فىلىپپوۋ، توشۇك توغاچ. شۇلار خېمىرنى پېتىربۇرگقا ئاپىرارمىش. موسكۋا سۇيى قانداق ياخشى. مىتىششىنىڭ قۇدۇقلىرى بىلەن قۇيماقلىرىچۇ". شۇنداق قىلىپ ئاننا ئۇزاق بىر چاغلاردا، ئۆزى ئون يەتتە ياشلاردا ۋاقىتلىرىدا چوڭ ئاپىسى بىلەن تىرويىتسا مۇناستىرىغا بارغانلىقىنى ئەسلىدى. "ئات مىنىپ بېرىۋىدۇق تېخى. قوللىرى قىپ-قىزىل شۇ قىز مەنمىدىم-ھە؟ شۇ چاغلاردا مېنىڭ كۆزۈمگە ئاجايىپ يېقىملىق ۋە ئارزۇلۇق بولۇپ كۆرۈنگەن نەرسىلەرنىڭ تولىسى ئەمدى ئەرزىمەس بىر نەرسە بولۇپ قالدى، شۇ چاغلاردا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمغۇ ئەمدى ئومۇرۋايەت قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۆزەمنى بېرىپ-بېرىپ شۇنچىلىك خارلىققا تاشلىشىم مۇمكىنلىكىگە ئىشىنەتتىممۇ؟ مېنىڭ خېتىمنى ئېلىپ ماختىنىدىغان، ئۆزىدىن مەمنۇن بولىدىغان بولدى-دە! توختا، مەن ساڭا كۆرسىتىمەن تېخى...ۋاي، مۇنۇ سىر ئەجەپمۇ ئەسكى پۇرايدىكىنا. بۇ ئادەملەرمىغۇ ئاجايىپ — نېمىشقا توختىمايلا سىرلاپ تۇرىدىكىن؟ كىيىم-كېچەك دۇكىنى ۋە ئاياللارنىڭ باش كىيىمى دۇكىنى" دەپ يېزىلغان يەنە بىر ئېلاننى ئوقىدى. بىر ئەر كىشى ئېگىشىپ سالام بەردى. ئۇ، ئاننۇشكانىڭ ئېرى ئىكەن. "بىزنىڭ پارازىتلىرىمىز، — دەپ ۋرونسكىي ئېيتقان شۇ سۆز يادىغا چۈشۈپ قالدى. — بىزنىڭ؟ نېمىشقا بىزنىڭ بولىدۇ؟ يامىنى شۇكى، ئۆتكەن ئىشلارنى كۆڭۈلدىن تۈپ يىلتىزى بىلەن ئېلىپ تاشلىغىلى بولمايدۇ. كۆڭۈلدىن ئېلىپ تاشلاپقۇ بولمايدۇ، لېكىن ئۇنى ئەسلىمەسلىك مۇمكىن. ئەمدى مەن شۇنداق قىلىمەن." بۇ چاغدا ئاننا ئالېكسىي ئالېكساندىروۋىچ بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى، شۇ كۈنلەرنىمۇ

ئېسىدىن چىقارغانلىغىنى ئويلىدى. "دوللى مېنى ئىككىنچى ئەردىن
چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بەلكى،
سېنىڭ توغرا ئەمەس دەپمۇ ئېيتار. مېنىڭ توغرا دەۋاتقىنىم يوقتۇ.
توغرىمۇ بولالمايمەن!" دېدى ئىچىدە ئاننا ۋە ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ
كەتتى. لېكىن شۇ زاماتىلا، ئاۋۇ ئىككى قىز نىمىشقا شۇنداق
كۈلۈمسىرىشىۋاتىدىكىن، دەپ ئويلاشقا باشلىدى. "ئېھتىمال
مۇھەببەت توغرىسىدىدۇر؟ مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك كوڭۇلسىز،
قانداق يامان نەرسە ئىكەنلىگىنى بۇلار تېخى بىلمەيدۇ...ئەنە كوچا،
باللار. ئۈچ ئوغۇل بالا ئات ئويىنى ئويناپ، يۈگرىشىپ يۈرۈپتۇ.
سېريوژام! ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلدىم، ھەممىدىن ئايرىلىمەن. ھە-ئە،
ئەگەر ئۇ قايتىپلا كەلمىسە، ھەممىدىن ئايرىلىمەن. بەلكى، پويىزغا
كېچىكىپ قالغاندۇر، بەلكىم قايتىپ كېلىپ ئويدە ئولتۇرغاندۇر.
ھە، يەنە ئۆزەڭنى خارلىماقچى بولۇۋاتامسەن-ھە!—دېدى ئاننا
ئۆز ئۆزىگە.—ياق، دوللىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممىنى
ئىقرار قىلىمەن: مەن بەختسىزمەن، ئۆزەمگە ئۆزەم قىلدىم، ئۆزەم
ئەيىپدارمەن، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، مەن بەختسىزمەن، ماڭا
ياردەم قىل. مۇنۇ ئاتلار، بۇ كولەسكە—شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭكى،
بۇ كولەسكە كوزۈمگە قانداق سەت كورۈنۈۋاتىدۇ؛ لېكىن بۇلارنى
ئەمدى كورەلمەيمەن.

ئاننا دوللىغا ئېيتماقچى بولغان كوڭلىدىكى ھەممە گەپلەرنى
يۈرەك يارىسىنىڭ ئەدەپ كېتىشىگە قارىماي ئويلاپ پەلەمپەيگە
قەدەم قويدى.

— مېھمان بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ دالانغا كىرىپ.

— كاتېرىنا ئالېكساندىروۋنا لېۋىنا كەلدى، — دەپ جاۋاپ

بەردى چاكار.

”كتىمۇ! ۋرونسكىي مۇھەببەت باغلىغان ئاشۇ كىتىمۇ؟— دەپ ئويلىدى ئاننا. — ۋرونسكىي ئۇنىڭغا ئويلەنمىگىنىگە ئىچىنىدۇ. مېنى ئويلىسا، ئۇنىڭ كورەر كوزى يوق، ھەتتا مېنىڭ بىلەن تېپىشىپ قالغىنىغىمۇ ئەپسۇسلىنىدۇ“.

ئاننا كەلگەن چاغدا ئىگىچە-سىڭىللار بالىنى ئەمگۇزۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ شۇ سوھبەتكە كاشىلا قىلغان مېھماننى دوللى بىر ئوزى چىقىپ قارشى ئالدى.

— ۋاي، سەن تېخى كەتمىدىڭمۇ؟ مەن سېنىڭ يېنىڭغا بېرىپ كەلمەكچى ئىدىم، — دېدى دوللى، — بۇگۈن ستىۋادىن خەت كەلدى.

— بىزگىمۇ تېلېگىرامما كەلدى، — دېدى ئاننا كىتىنى كورۇش نىيىتى بىلەن ئوپ-چورىسىگە قاراپ.

— ستىۋا ئالېكساندىرووۋىچنىڭ نىمە خىيالى بار ئىكەنلىگىنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، لېكىن جاۋاپ ئالمىغىچە كەتمەيمەن، دەپ يېزىپتۇ.

— مەن يېنىڭدا مېھمان بارمىكىن دەپ ئويلىغىدىم. ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇپ باقسام بولامدۇ؟

— ھە-ئە، كىتى بار، — دېدى خىجالەت تارتىپ دوللى، — ئۇ باللار خانىسىدا قالدى. ئۇ خېلى قاتتىق ئاغرىپ قالغان ئىدى.

— ئاڭلىغىدىم، خەتنى ئوقۇپ باقسام بولامدۇ؟

— مەن ھازىر ئەپكىرەي. ئۇ بەرمەيمەنغۇ دىمەپتۇ؛ ئەكسىچە، ستىۋانىڭ ئالىمەن دىگەن ئۈمىدى بار، — دېدى دوللى ئىشىكتە توختاپ.

— مەن ئۈمىت قىلمايمەن، ئۈمىت قىلىشنىمۇ خالىمايمەن، — دېدى ئانىنا.

"بۇ قانداق گەپ، كىتى مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۆزى ئۆچۈن نومۇس دەپ ئويلامدىكىنە؟ — دەپ ئويلاپ قالدى ئانىنا يالغۇز ئۆزى قالغاندا. — ئېھتىمال ئۇنىڭ توغرىدۇر. ئەمما توغرا بولسىمۇ ماڭا شۇنداق مۇئامىلىدە بولىدىغان كىشى بىر ۋاقىتلاردا ۋرونسكىي بىلەن مۇھەببەت باغلىغان بۇ كىتى بولماسلىقى كېرەك. مەن بىلىمەن، شۇ ئەھۋالىمدا بىرمۇ ساپ ۋىجدانلىق ئايال مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايدۇ. شۇ دەسلەپكى مىنۇتتىن باشلاپلا مەن ئۆزەمنى ۋرونسكىيغا قۇربان قىلغىنىمنى بىلىمەن! مانا ئەمدى شۇنىڭ ئاقىۋىتى! ئۇنى كۆرەر كۆزۈممۇ يوق! نېمىشقىمۇ بۇ يەرگە كەلگەندىمەن؟ كۆڭلۈمنى تېخىمۇ بۇزدۇم، ھەسرىتىم تېخىمۇ ئۇرلىدى. — ئانىنا يان ھوجرىدىن بىر بىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ئىنگىچە-سىڭلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. — ئەمدى دوللىغا نېمە دەيتتىم؟ مەن بەختسىز دەپ، كىتىنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلاتتىممۇ، ئۇنىڭ ھامىيلىقىغا بېقىناتتىممۇ؟ ياق، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوللى بەرىبىر چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. لېكىن كىتىنى كۆرسەم ياخشى بولاتتى، مەن ئەمدى ھەممىگە، جىمىكى نەرسىگە نەپرەتلىنىپ قارايدىغىنىمنى، ئەمدى ماڭا ھەممە نەرسە بەرىبىر ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويغىنىم ياخشى بولاتتى".

دوللى خەتنى ئېلىپ كىردى. ئانىنا ئوقۇپ، ئۇنچۇقماي قايتۇرۇپ بەردى.

— مەن بۇ گەپنى بىلەتتىم، — دېدى ئۇ. — بۇ گەپ مېنى ھېچقانچە قىزىقتۇرمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

— نېمىشقا؟ مەن ئەكسىچە، ئۈمىت قىلىپ يۈرىمەن، — دېدى دوللى ئاناغا ھەيران بولغان نەزەردە قاراپ. ئۇ ئاننانى زادىلا ھازىرقىدەك چېچىلىپ تۇرغان غەلىتە ھالەتتە كۆرمىگەن ئىدى. — قاچان ماڭىدىغان بولدۇڭ؟

ئاننا جاۋاپ بەرمەي، كۆزلىرىنى قىسقان ھالدا ئۇدۇل ئالدىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— بۇ كىتى نېمىشقا مەندىن قېچىپ يۈرىدۇ؟ — دېدى ئۇ ئىشىككە كۆز تاشلاپ، قىزىرىپ كېتىپ.

— ۋېيەي، ئۇنداق ئەمەس! بالىسىنى ئەمگۈزۈۋاتاتتى، ھېچ قولىشالمايدۇ، مەن ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىۋاتاتتىم ... كەلگىنىڭگە ئۇ ناھايىتى خوشال. ھازىر كىرىدۇ، — دېدى تۇتۇلۇپ، يالغان گەپ قىلىشنى بىلمەيدىغان دوللى. — مانا ئۆزىمۇ كىردى.

ئاننانىڭ كەلگەنلىگىنى ئاڭلىغان كىتى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشنى خالىمىدى؛ لېكىن دوللى ئۇنى كۆندۈردى. كىتى نائىلاج ھوجرىغا كىردى ۋە چىرايى قىزارغان ھالدا ئاننانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا قول بەردى.

— سىزنى كۆرگىنىمگە قەۋەت خوشالمەن، — دېدى ئۇ تىترىگەن ئاۋازدا.

شۇ يامان خوتۇنغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە دۈشمەنلىك تۇيغۇسى ۋە رەھىمدىل بولۇش خاھىشى بىر بىرى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقانلىغىدىن كىتى خىجالەت ئىدى؛ ئەمما ئاننانىڭ چىرايلىق، يېقىملىق قىياپىتىنى كۆرۈشى بىلەنلا كۆڭلىدىكى دۈشمەنلىك تۇيغۇسى شۇ زامات يوق بولدى.

— ئەگەر مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىغان بولسىڭىزمۇ ھەيران

بولماس ئىدىم. مەن ھەممە نەرسىگە ئۆگىنىپ قالدىم. ئاغرىپ قېلىۋېدىڭىزمۇ؟ ھە، ئوزگىرىپ كېتىپسىز،ــ دېدى ئاننا.
كىتى ئاننانىڭ ئۇنىڭغا ئاداۋەت بىلەن قاراپ تۇرغىنىنى سەزدى. كىتى: ئىلگىرى مېنى ئوز قانىتى ئاستىغا ئالغان ئاننا ئەمدى شۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، مېنىڭ ئالدىمدا خىجالەت بولۇپ تۇرغىنى ئۈچۈن ماڭا شۇنداق ئاداۋەت كوزى بىلەن قاراۋاتىدۇ، دەپ چۈشەندى ۋە ئانناغا رەھمى كەلدى.
ئۇلار ئاغرىق توغرىسىدا، بالا ۋە ستىۋا توغرىسىدا پاراڭ سېلىشتى، ئەمما ئاننانىڭ بۇ گەپلەرگە قىزىقمايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.
ــ مەن سېنىڭ بىلەن خوشلىشىشقا كېلىۋېدىم،ــ دېدى ئاننا ئورنىدىن تۇرۇپ.
ــ قاچان ماڭىسىلەر؟
لېكىن ئاننا يەنە جاۋاپ بەرمەي، كىتىگە قاراپ گەپ قىلدى.
ــ سىزنى كورگىنىمگە قەۋەت خوشالمەن،ــ دېدى ئاننا كۈلۈمسىرەپ.ــ مەن ئۇرغۇن كىشىلەردىن، ھەتتا ئېرىڭىزدىنمۇ سىز توغرىلىق ئاڭلاپ تۇردۇم. ئېرىڭىز مېنىڭ ئالدىمدا بولۇۋىدى. ماڭا ناھايىتى ياقتى.ــ ئاننا بۇ گەپنى، ئەتىمالىم، يامان نىيەت بىلەن ئېيتقان بولسا كېرەك.ــ ھازىر نەدە ئۇ؟
ــ يېزىغا كەتتى،ــ دېدى كىتى قىزىرىپ.
ــ مېنىڭدىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ، چوقۇم سالام ئېيتىڭ.
ــ چوقۇم!ــ دېدى كىتى ساددىلىق بىلەن تەكرارلاپ ۋە ئاننانىڭ كوزىگە ھەمدەرتلىك بىلەن قاراپ.
ــ خەير، دولىلى!ــ ئاننا دوللىنى سويۈپ، كىتىنىڭ قولىنى

سقىپ، ئۇلدام چىقىپ كەتتى.

— شۇ ئىلگىرىكىدەكلا، ئۆزى ئىلگىرىكىدەكلا يېقىملىق. قانداق چىرايلىق! — دېدى كىتى ھەدىسى بىلەن ئىككىسى يالغۇز قالغاندا. — لېكىن نىمىگىدۇر كىشىنىڭ رەھمى كېلىدۇ. شۇنداق ئېچىنارلىق!

— ياق، بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپى قانداقتۇر بولەكچىلا، — دېدى دوللى. — مەن ئۇنى دالانغا ئۇزىتىپ چىققىنىمدا، ماڭا ئۇ يىغلاي - يىغلاي دەپ تۇرغاندەكلا كورۈندى.

## 29

ئاننا ئويدىن چىققان چاغدىكىدىنمۇ يامان كەيپىياتتا كولەسكىغا ئولتۇردى. ئىلگىركى دەرت - ئەلەملىرىگە ئەمدى كىتى بىلەن كورۇشكەن چاغدا ئېنىق ھىس قىلغان ھاقارەتلىنىش ۋە خورلىنىش تۇيغۇلىرى قوشۇلدى.

— قاياققا بۇيرۇيدىلا؟ ئويگىمۇ؟ — دەپ سورىدى پيوتىر.

— ھە - ئە، ئويگە، — دېدى ئاننا ئەمدى نەگە كېتىپ بارغىنىنى ئويلاپمۇ قويماي.

"ئۇ ئىككىسى ماڭا خۇددى نامەلۇم، دەھشەتلىك، غەلىتە بىر نەرسىگە قارىغاندەك قارىغىنىنى كورمەمدىغان. ئاۋۇ ئادەم يېنىدىكى ئادەمگە نىمە توغرىدا شۇنچىلىك زوق بىلەن گەپ قىلىۋاتىدىكىن؟ — دەپ ئويلىدى ئاننا پىيادە كېتىپ بارغان ئىككى ئادەمگە قاراپ. — كوڭلىدىكى گەپنى كىشىنىڭ باشقا بىرىگە ئېيتىشى مۇمكىنمۇ؟ مەنمۇ دوللىغا كوڭلۇمدىكىنى ئېيتماقچى بولۇۋىدىم. لېكىن ئېيتماي ياخشى قىلدىم. مېنىڭ بېشىمغا كۈن چۈشكىنىگە ئۇ پەقەت خوشال بولار ئىدى!

خوشال بولغىنىنغۇ بىلدۈرمەس ئىدى؛ مەن تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى كورۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۇ ماڭا ھەۋەس قىلىۋىدى. ئەمدى شۇ لەززەتلەر ئۇچۇن جازالانغىنىمنى كورۇپ خوشال بولىدىغاندۇ. كىتىنىڭمۇ خوشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يىتەر. ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى ئەينەكتەك كورۇپ تۇرۇپتىمەن! ئۇ ئۇنىڭ ئىرى توغرىسىدا ئادەتتىن تاشقىرى ئىلتىپات بىلەن گەپ قىلغىنىمنى بىلدى. ئۇ مىنى كۇنلەيدۇ، يامان كورىدۇ. نەپرەت بىلەنمۇ قارايدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، مەن ئەخلاقى بۇزۇلغان خوتۇنمەن. ئەگەر مەن ئەخلاقى بۇزۇلغان خوتۇن بولسام، ئۇنىڭ ئىرىنى ــ ئەگەر خالىغان بولسام... ئوزەمگە خۇشتار قىلىۋالغان بولاتتىم. راست، مەن شۇنداق قىلىشنى ئويلاپمۇ باققان ئىدىم. مانا مۇنۇ ئادەم ئوزىدىن مەمنۇن ئىكەن، ــ دەپ ئويلىدى ئاننا ھارۋىدا ئۇنىڭ قارشىسىدىن كىلىۋىتىپ، ئۇنى ئوزى تونۇيدىغان ئايال دەپ ئويلاپ، يالتىراق شلەپسىنى يالتىراق ياغاق بىشى ئۈستىدە كوتەرگەن ۋە كىيىن يىڭىلىشقىنىنى چۈشەنگەن سىمىز، چىرايى قىپ-قىزىل ئەپەندىگە قاراپ. ــ بۇ ئادەم مىنى تونۇيمەن دەپ ئويلىغان بولسا كىرەك. دۇنيادا مىنىڭ كوڭلۇمنى بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، بۇ جاناپمۇ شۇلارنىڭ بىرى، مەن ئوزەممۇ بىلمەيمەن. فرانسۇزلار دەيدىغاندەك، مەن ئىشتىيمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن. مانا مۇنۇلارنىڭ ئاشۇ پاسكىنا ماروژنىنى يىگۈسى كىلىدۇ. پاسكىنىلىغىنىمۇ ئوزلىرى بىلىدىغاندۇ، ــ دەپ ئويلىدى ئاننا ماروژنى ساتقۇچىنى توختىتىۋالغان ئىككى بالىغا قاراپ. ــ ماروژنىچى كىچىككىنە تۇڭنى بىشىدىن ئىلىپ، لۇڭگىسىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن تەرلەپ كەتكەن ماڭلىيىنى ئىرتتى. ــ ھەممىمىز تاتلىق، شىرنىلىك نەرسىنى ياخشى كورىمىز. كەمپىت بولمىسا، پاسكىنا ماروژنى يەيمىز. كىتىمۇ شۇنداق:

ۋرونسكىي بولمىغاندىن كېيىن لېۋىننى تېپىپتۇ. كىتىمۇ ماڭا ھەسەت بىلەن قارايدۇ. مېنى كورەر كوزى يوق. ھەممىمىزنىڭ بىر-بىرىمىزنى كورەر كوزىمىز يوق. مەن كىتىنى، كىتى مېنى. مانا بۇ توپ-توغرا گەپ.... ساتىراچ تىيۇتكىن. مەن ھامان تىيۇتكىننى چېچىمنى تاراپ قويۇشقا تەكلىپ قىلاتتىم...ۋرونسكىي قايتىپ كەلگەندە، بۇ گەپنى ئۇنىڭغا سوزلەپ بېرىمەن، — دەپ ئويلاپ كۇلۇمسىرىدى ئاننا. لېكىن ئەمدى ئوزىنىڭ كۇلكىلىك گەپلىرىنى ئاڭلايدىغان ھېچكىمى يوق ئىكەنلىكى دەررۇ ئېسىگە چۇشتى. — ھە-ھە، كۇلىدىغانىمۇ، كوڭۇل خوش بولىدىغانىمۇ ھېچنىمە يوق. جىمىكى نەرسە كىشىنى سەسكەندۇرىدۇ. چېركاۋ قوڭغۇرىغى كىشىلەرنى ئىبادەتكە چاقىرماقتا، مۇنۇ سودىگەرنىڭ خۇددى قولىدىن بىرنىمىنى چۇشۇرۇۋېتىشتىن قورققاندەك، ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن چوقۇنۇۋاتقىنىنى قاراڭلار! شۇ چېركاۋلار، شۇ قوڭغۇراق چېلىشلار، شۇ كوز بوياپ چىلىقلارنىڭ نىمە كېرىكى بار؟ بۇ نەرسىلەر بىر بىرىنى شۇنچە غەزەپ بىلەن تىللاۋاتقان مانا شۇ كىراكەشلەرگە ئوخشاش، ھەممىمىزنىڭ بىر بىرىمىزنى يامان كورۇشىمىزنى نىقاپلاش ئۇچۇنلا كېرەك. ياشۋىن: ‘ئۇ مېنى ئۇتتۇرىۋەتسەكەن، دەيدۇ، مەنمۇ ئۇنى ئۇتتۇرىۋەتسەكەن دەيمەن، دەيدۇ’ دېگەن ئىدى. بۇ گەپ توغرا!!“

شۇ خىياللار ئاننانى ئوز ئېقىمىغا شۇنچە غەرق قىلدىكى، ئۇ ھەتتا ئوزىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئويلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئويىنىڭ ئىشىك ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان دەرۋازىۋەننى كورگەندىلا، خەت ۋە تېلېگىرامما ئەۋەتكەنلىكى ئېسىگە كەلدى.

— جاۋاپ كەلدىمۇ، — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھازىر قاراپ باقاي،— دېدى دەرۋازىۋەن ۋە ئۇستەل تارتمىسىغا قاراپ تېلېگراممىنى سېلىنغان توت بۇجەكلىك نېپىز لىپاپىنى ئېلىپ ئاننىغا بەردى. تېلېگراممىدىكى: "سائەت ئوندىن ئىلگىرى بارالمايمەن. ۋرونسكىي" — دەپ يېزىلغان سوزلەرنى ئوقىدى.

— كەتكەن كىشى قايتمىدىمۇ؟

— ياق، قايتقىنى يوق،— دەپ جاۋاپ بەردى دەرۋازىۋەن.

"ئانداق بولسا، ئەمدى مەن نىمە قىلىشىمنى ئوزەم بىلىمەن،— دېدى ئىچىدە ئاننا ۋە قەلبىدە تايىنسىز غەزەپ ھەم ئىنتىقام دولقۇنى قوزغىلىۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ، يۇگۇرگەن پېتى توپىگە چىقىپ كەتتى.— ئۇنىڭ ئالدىغا مەن ئوزەم بارىمەن. ۋىدالىشىشتىن ئاۋال، مەن ئۇنىڭغا ھەممە گەپنى بىر-بىرلەپ ئېيتىمەن. ھېچقاچان ھېچكىمنى مانا شۇ ئادەمنى يامان كورگەندەك يامان كورمىگەن ئىدىم!" دەپ ئويلىدى ئاننا. ۋرونسكىينىڭ كىيىم ئاسقۇچتا تۇرغان شلەپىسىنى كورۇپ، نەپرەتلەنگىنىدىن سەسكىنىپ كەتتى. ۋرونسكىينىڭ تېلېگراممىسى ئوزىنىڭ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىغا جاۋاپ ئىكەنلىگىنى، لېكىن يازغان خېتىنى ۋرونسكىي تېخى ئالمىغانلىغىنى ئاننا خىيالىغىمۇ كەلتۇرگىنى يوق. ئەمدى ئۇ ۋرونسكىينى ئانىسى ۋە سوروكىنا بىلەن خاتىرجەم پاراڭلىشىۋاتقان ھەم ئاننىنىڭ دەرت-ئازاپ چېكىۋاتقىنىغا خوشال بولۇۋاتقان قىياپەتتە كوز ئالدىغا كەلتۇردى. "ھە-ئە، پاتراق مېڭىش كېرەك"، دېدى ئىچىدە ئاننا نەگە مېڭىشنى تېخى ئوزى ئوبدانراق بىلمەي تۇرۇپ. ئۇنىڭ مانا شۇ دەھشەتلىك ئويدە ھېس قىلىۋاتقان تۇيغۇلاردىن چاپسانراق قۇتۇلغۇسى كېلەتتى. خىزمەتچىلەرمۇ، بۇ ئوينىڭ تاملىرىمۇ، ئويدىكى بۇيۇملارمۇ — ھەممە نەرسە ئۇنى سەسكەندۇرەتتى، غەزەپلەندۇرەتتى،

خۇددى بىر تاغدەك ئۇنى باساتتى.

"ھە ـ ئە، ۋوگزالغا بېرىشىم كېرەك، ئەگەر ئۇ ئۇ يەردە بولمىسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى پاش قىلىشىم كېرەك". ئاننا گېزىتلەردىكى پويىزلارنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىگە قارىدى. كەچقۇرۇن سائەت سەككىزدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە ماڭىدىغان بىر پويىز بار ئىكەن. "ھە ـ ئە، ئۇلگۈرىمەن". ئاننا ھارۋىغا باشقا ئاتلارنى قوشۇشنى بۇيرۇپ قويۇپ، بىرنەچچە كۈنلۈك نەرسىلىرىنى يول خالتىسىغا سېلىشقا كىرىشتى، ئۇ ئەمدى بۇ ئۆيگە ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدىغىنىنى بىلەتتى. ئۇ خىيالىغا كەلگەن پىلانلار ئارىسىدا يەنە بىر نەرسىنى، يەنى ۋوگزالدا ياكى گىرافىنەنىڭ جاڭزىسىدا يۈز بېرىدىغان ۋەقەدىن كېيىن نىژېگورود يولى بىلەن بىرىنچى توغرا كەلگەن شەھەرگە بېرىپ، شۇ يەردە قېلىش قارارىنى غۇۋا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

ئۈستەل ئۈستىدە تاماق تۇرۇپتۇ؛ ئاننا ئۈستەل يېنىغا كەلدى ـ دە بولكا بىلەن پىشلاقنى پۇراپ كۆردى ۋە جىمىكى يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ پۇرىقى ئۆزىنى يىرگەندۈرۈپ تۇرغىنىغا كۆزى يېتىپ، كولەسكىنى ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۆي ئۆزىنىڭ كولەڭگۈسىنى كوچىنىڭ بۇ قانىتىدىن ئۇ قانىتىغا تاشلىغان، ھاۋا ئوچۇق ۋە ئىسسىق، كۈن ئولتۇرىشىغان مەزگىل ئىدى. ئۇنى ئۇزىتىپ، نەرسىلەرنى كۆتىرىپ چىققان ئاننۇشكامۇ، نەرسىلەرنى كولەسكىغا سېلىۋاتقان پيوتىرمۇ، كۆڭلى خوش ئەمەستەك كۆرۈنگەن ھارۋىكەشمۇ، ــ ئومۇمەن ھەممىسى ئاننانىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنۈپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى ئۇنى ئېرىكتۈرەتتى.

ــ پيوتىر، ماڭا سېنىڭ كېرىكىڭ يوق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھە، ئۇنداق بولسا بىلەتتىڭمۇ؟
— مەيلى، بىلگىنىڭنى قىل، ماڭا بەرىبىر، — دېدى ئەلەم بىلەن ئاننا.
پيوتىر كولەسكىنىڭ ئالدىغا سەكرەپ چىقىپ، بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇردى-دە، ۋوگزالغا مېڭىشقا بۇيرۇدى.

## 30

"مانا، يەنە شۇ قىز! ھەممىنى بىلدىم" — دېدى ئىچىدە ئاننا كولەسكە قوزغىلىپ، شېغىل يېيىتىلغان يولدا چايقىلىپ كېتىۋاتقىنىدا. كېيىن يېڭىدىن-يېڭى تەسىراتلار يەنە خىيالىغا كەينى-كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى.
"ھە راستلا، كېيىنكى قېتىم خويىما ياخشى بىر ئوينى ئويلىغۇدىدىما، نىمە توغرىسىدا ئىدى؟ — دەپ يادىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى ئاننا. — ھە ھېلىقى ساتىراچ تيۇتكىن توغرىسىدىمۇ؟ ياق، ئۇ ئەمەس. ھە، تاپتىم، ياشۋىننىڭ: كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىردىن-بىر مۇناسىۋەت ياشاش ئۈچۈن كۈرەش ۋە بىر بىرىگە نەپرەتلىنىش قاراش، دېگەن گېپى توغرىسىدا ئويلىغۇدىدىم ... ياق، بىكارغىلا كېتىپ بارىسىلەر، — دېدى خىيالىدا ئۇ ئۇزى پەرەز قىلغان ۋە توت ئاتلىق كولەسكىدە شەھەر چېتىگە سەيلىگە كېتىپ بارغان كىشىلەرگە مۇراجەت قىلىپ. — ئۇزەڭلار بىلەن بىللە ئېپكېتىپ بارغان بۇ ئىتىڭلارمۇ سىلەرنى مەلىكە قىلالمايدۇ. خىيالىدىن قۇتۇلالمايسىلەر. — ئاننامۇ پيوتىر بېشىنى بۇرىغان تەرەپكە كوز تاشلاپ، ساقچى نەگىدۇر ھارۋىدا ئېلىپ كېتىپ بارغان، بېشىنى تۇتالماي، چالا ئولۇككە ئوخشاپ

قالغان مەس ئىشچىنى كوردى. — مانا بۇمۇ بەلكىم شۇنداقتۇر، — دەپ ئويلىدى ئانىنا. — گىراف ۋرونسكىي ئىككىمىزمۇ راھەتچىلىكنى تاپالمىدۇق، ئەمما تۇرمۇشتىن كوپ نەرسىنى كۈتۈۋىدۇق، — ئىلگىرى ئانىنانىڭ ۋرونسكىي بىلەن ئوزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئويلىغۇسى كەلمەيتتى، ھازىر بولسا، شۇ مۇناسىۋەتلەرنى يورۇتۇپ كورسىتىپ تۇرغان يارقىن نۇرغا بىرىنچى قېتىم دەلىلىك قارىدى. — ئۇ نىمە مەقسەتنى كوزلەپ مىنىڭ بىلەن ئالاقە باغلىدى؟ مۇھەببەت ئۇچۇن ئەمەس، ئاساسەن ماختىنىش ئۇچۇن. — ئانىنا ئۇ ئىككىسى تىپىشقان دەسلەپكى چاغلاردا ۋرونسكىينىڭ ئىتائەتچان ئوۋ ئىتىغا ئوخشايدىغان چىرايىنى، ئۇنىڭ ئېيتقان سوزلىرىنى ئەسلىدى. ۋرونسكىينىڭ قوغلاشقىنى مۇھەببەت ئەمەسلىكى ھازىر ھەممە نەرسىدىن كورۇنۇپلا تۇراتتى، — ھە-ئە، ئۇ ماختانچاقلىق نەپسىنى قاندۇرۇپ، تەنتەنە قىلىشنىلا ئويلىدى. راست، مۇھەببىتىمۇ بولغان، ئەمما ئاساسەن ماختىنىش ئۇچۇنلا مەقسىدىگە ئېرىشىشنى كوزلىدى. ئۇ مىنى مەپتۇن قىلغىنىغا كورەڭلەپ يۈردى. ئەمدى ئۇ كۈنلەر ئوتۇپ كەتتى. كورەڭلەيدىغان ھېچنىمە قالمىدى. ئەمدى كورەڭلەش ئەمەس، ئۇيۇلۇش كېرەك بولۇپ قالدى. ئۇ مىنىڭدىن ئېلىش مۇمكىن بولغان ھەممە نەرسىنى ئېلىپ بولدى، ئەمدى ئۇنىڭغا مىنىڭ نىمە كېرىكىم بار؟ مەن ئۇنىڭغا بىر يۈك بولۇپ قالدىم، لېكىن ئۇ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ بارىدۇ. تۈنۈگۈن سىرىنى بىلدۈرۈپ قويىدى، ئۇ ماڭا تالاق خېتىمنى ئالغۇزۇپ، ئاندىن ئويلىنىشنى خالايدۇ. ئۇ مىنى ياخشى كورىدۇ، لېكىن ياخشى كورۇشى زادى قانچىلىك؟ كوڭۇل يالقۇنى پەسەيدى... مانا بۇ ھەممىنى قايىل قىلماقچى، ئوزىدىن ناھايىتى مەمنۇندەك كورۇ-

نىدۇ،ــدەپ ئويلىدى ئۇ ئۇگىتىلگەن ئېتىنى مىنىپ كېتىپ بارغان يۈزلىرى قىپ-قىزىل پىركازچىكقا قاراپ.ــھە-ئە، ئۇنىڭ ماڭا باغلىغان ئىلگىرىكى مۇھەببىتى ئەمدى يوق. ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئالدىدىن كېتىپ قالسام، ئۇ ئىچىدە خوشال بولىدۇ.“

بۇ ئويلار تەخمىن ئەمەس ئىدى، ئانىنا ئەمدى ھاياتىنىڭ ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزىگە ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىۋاتقان ھېلىقى يارقىن نۇردا روشەن كۆرۈپ تۇراتتى.

”مېنىڭ مۇھەببىتىم بارغانسېرى يالقۇنلاپ، يۈرىگىمنى كۆيدۈرۈۋاتسا، ئۇنىڭ مۇھەببىتى بارغانسېرى ئۆچۈۋاتىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ئىككىمىز بىر بىرىمىزدىن ئۇزاقلاشماقتىمىز،ــدەپ ئۆيلىرىنى داۋاملاشتۇردى ئانىنا.ــبۇ ئەھۋالنى تۈزىتىشنىڭ ئىلاجىسىمۇ يوق. مەن ھەممىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغان، مەن ئۇنىڭ ماڭا بارغانسېرى كۆچلۈكرەك مەپتۇن بولۇشىنى خالايمەن. ئۇ بولسا مېنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلىشىشنى خالايدۇ. بىر بىرىمىزگە قوشۇلغىنىمىزچە ئىككىمىز ئىنتىزار بولۇپ بىر بىرىمىزگە ئىنتىلىۋىدۇق، كېيىن يوللىرىمىز ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ كەتتى. ئەمدى بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ بولمايدۇ. ئۇ ماڭا ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق رەشك قىلىسەن، دەيدۇ، مەنمۇ ئۆزەمگە ئۆزەم: ھە-ئە، مەن ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق رەشك قىلىمەن، دەيمەن، لېكىن بۇ ئەمەلىيەت ئەمەس. مەن رەشك قىلمايمەن، بەلكى قانائەتلەنمەيمەن. بىراق...ــدەپ ئانىنا ئاغزىنى ئاچتى ۋە بىردىنلا خىيالىغا كەلگەن ئويدىن ھاياجانلىنىپ، كولەسكىدە ئورنىنى يۆتكىدى.ــمەن ئۇنىڭ شېرىن مۇئامىلىسىگە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن خۇشتار بولغان ئويناش خوتۇن بولمىسامغۇ باشقا گەپ ئىدى، لېكىن ئامالىم يوق.

www.uyghurkitap.com

ئۆزەمنى تۇتۇۋالالمايمەن. مېنىڭ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن شۇ قىزغىنلىد-
غىم بولسا ئۇنى سەسكەندۈردى، ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى بولسا، مېنى
غەزەپلەندۈردى، لېكىن ھېچبىر ئامال يوق. ئۇنىڭ مېنى ئالدىماي-
دىغانلىغىنى، سورىكىناغا ئويلىنىش ئۇنىڭ خىيالىدىمۇ يوقلۇغىنى،
كىتىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالمىغانلىغىنى، ئۇنىڭ ماڭا بىۋاپالىق قىلماي-
دىغانلىغىنى بىلمەيمەنمۇ؟ بىلىمەن، ھەممىسىنى بىلىمەن، لېكىن
بۇنى بىلگىنىمدىن ئەھۋالىم يېنىكلىشىپ قالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ماڭا
كۆڭۈلسىز تۇرۇپ، پەقەت مەسئۇلىيەتچانلىق يولى بىلەنلا مېھرىۋان
بولسا، مۇلايىملىق قىلسا، لېكىن مەن خالىغان مۇھەببەت بولمىسا،
بۇ، غەزەپ-نەپرەتتىن مىڭ باراۋەر يامانراق! بۇ بىر دوزاق! ھازىر
خۇددى شۇنداق بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ مېنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇغى-
نىغا كۆپ بولدى. مۇھەببەت تۈگىگەن چاغدا نەپرەت باشلىنى-
دۇ...مەن مۇنۇ كوچىلارنى زادى كۆرمىگەن ئىكەنمەنا. قانداقتۇ
دۆڭلەر تۇرىدۇ، ۋاي-ۋۇي، نىمەئانچە تۈگىمەيدىغان ئۆيلەر
بۇ...بۇ ئۆيلەردە ئادەملەر شۇنچە كۆپ...بۇ ئادەملەرنىڭ سان-
سانىغىمۇ يوق، يەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بىرىگە نەپرەت كۆزى
بىلەن قارايدۇ...توختاڭلار، مەن ئويلاپ باقاي، قانداق قىلسام
بەختلىك بولاتتىم؟ خوپ، تالاق خېتىنى ئالغانمۇ بولاي، ئالېكسېي
ئالېكساندىروۋىچ سېريوژىنى ماڭا بېرىۋەتكەنمۇ بولسۇن، مەن ۋرونس-
كىيغا تۇرمۇشقا چىققانمۇ بولاي.—ئالېكسېي ئالېكساندىروۋىچ يادىغا
كەلگەندە ئۇنىڭ پۈتۈن قىياپىتى، ھايات نۇرى ئۆچكەن مومىن
كۆزلىرى، ئاپپاق قوللىرىدىكى كۆكىرىپ تۇرغان تومۇرلىرى، ئۇنىڭ
تەلەپپۇزى ۋە قولىنى قارسىلدىتىدىغان ئادىتى ئانىنانىڭ كۆز ئالدىغا
شۇنداق يارقىن كەلدى-دە، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا بولغان

ۋە ئۇمۇ مۇھەببەت دەپ ئاتالغان تۇيغۇنى ئەسلەپ، يىرگەنگىنىدىن سەسكىنىپ كەتتى. — بوپتۇ، مەن تالاق خېتىنىمۇ ئالاي، ۋرونسكىي-نىڭ خوتۇنىمۇ بولاي. خوش، شۇ چاغدا كىتى ماڭا بۇگۇن قارىغان نەزىرى بىلەن قارىمايدىغان بولامدۇ؟ ياق. سېريوژا مېنىڭ ئىككى ئېرىم بارلىقىنى سورىمايدىغان ياكى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالامتىمۇ؟ ۋرونسكىيغا نىسبەتەن كوڭلۇمدە قانداق يېڭى تۇيغۇ پەيدا بولۇشى مۇمكىن؟ بەختىقۇ كەلمەس، ئەڭ بولمىغاندا بىرەر ئازاپتىن نېرى بولۇش مۇمكىن بولارمۇ؟ ياق، ياق! — دەپ ھېچ ئىككىلەنمەي جاۋاپ بەردى ئۆزىگە ئۆزى ئاننا. — ھېچقانداق مۇم-كىنچىلىكى يوق! تۇرمۇش بىزنى ئاجرىتىۋېتىدۇ، مەن ئۇنى بەخت-سىز قىلىپ قويىمەن، ئۇ مېنى بەختسىز قىلىپ قويىدۇ؛ ئۇنىمۇ، مېنىمۇ ئۆزگەرتىپ بولمايدۇ. ھەممە چارىنى قىلىپ باقتىم، ئەمدى ئۇمىت يىپى ئۈزۈلدى...ئەنە، بالىسىنى تۇتۇپ تۇرغان ئاۋۇ قەلەندەر خوتۇن خەق ماڭا ئىچ ئاغرىتىدۇ دەپ ئويلىسا كېرەك. خوش، بىز ھەممىمىز بىر بىرىمىزگە نەپرەت بىلەن قاراش، شۇ سەۋەپتىن ئۆزىمىزنىمۇ، باشقىلارنىمۇ قىيناش ئۈچۈنلا بۇ دۇنياغا كەلگەن ئەمەسمىدۇق؟ گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرى كۈلۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. سېر-يوژاچۇ؟ — دەپ ئەسلىدى ئاننا. — مەنمۇ ئۇنى ياخشى كورىمەن دەپ ئويلايتتىم، ئۇنىڭغا مېھرىۋانلىق قىلغانسېرى مېھرىۋانلىق قىل-غۇم كېلەتتى. مانا ئۇنىڭسىزمۇ كۈنلىرىم ئوتۇپ كەتتىغۇ، ئۇنى باشقا بىر مۇھەببەتكە تېگىشىۋېتىپ، شۇ باشقا مۇھەببەتتىن كوڭلۇمنىڭ خوش بولۇشى تۇگىمىگىچە، ئوغلۇمنى شۇنىڭغا تېگىشكىنىمگە پۇشاي-مان قىلمىدىمغۇ. — ئاننا ئاللىقانداق مۇھەببەت دىگەن نەرسىنى ئەسلىگىنىدە، سەسكىنىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ۋە باشقا

كىشلەرنىڭ ھاياتىنى شۇنداق يارقىن كۆرۈپ تۇرغىنىغا خوشال بولدى. ــ مەنمۇ، پيوترمۇ، ھارۋىكەش فيودورمۇ، مانا ئاۋۇ سود-گەرمۇ، مانا بۇ ئىلانلار ۋولگىغا تەكلىپ قىلىۋاتقان، شۇ ۋولگىنى بويلاپ ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىمۇ خۇددى شۇنداقلا، ــ دەپ ئويلىدى ئاننا نىژىگورود ۋوگزالىنىڭ پاكار بىنالىرى ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، ھامماللار ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققاندا.

ــ ئۇبىرالوۋكىنىڭ بېلىتىنى ئالامدىمەن؟ ــ دېدى پيوتر.

نەگە ۋە نىمىشقا كېتىۋاتقانلىقىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقارغان ئاننا ئۇنىڭ نىمە دەپ سورىغىنىنى ئارانلا چۈشەندى.

ــ ھە-ئە، ــ دېدى ئۇ پيوترغا ۋە پۇل سېلىنغان قاپچۇقىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۆزى كىچىككىنە قىزىل خالتىسىنى ئالدى-دە، كولەسكىدىن چۈشتى.

توپ-توپ كىشىلەر ئارىسىدىن بىرىنچى دەرىجىلىك كۈتۈشخانىغا كېتىۋېتىپ، ئەھۋالىنىڭ تەپسىلاتلىرى ۋە ئۆزىنى ئىككىلەندۈرۈپ تۇرغان پىلانلار ئاستا-ئاستا ئاننانىڭ ئېسىگە چۈشۈشكە باشلىدى. بىر تەرەپتىن ئۈمىت، بىر تەرەپتىن ئۈمىتسىزلىك ئۇنىڭ ئازاپلانغان، دەھشەت بىلەن دۈپۈلدەپ تۇرغان يۈرىكىنىڭ كونا يارىلىرىنى يەنە قوزغاشقا باشلىدى. پويىزنى يۇلتۇزسىمان دىۋانىدا كۈتۈپ ئولتۇ-رۇپ، ئاننا زالغا كىرىۋاتقان ۋە چىقىۋاتقانلارغا نەپرەت بىلەن قاراپ ئولتۇردى (ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا شۇنداق يامان كۆرۈنەتتى)، ئۇ بىر بولسا ئاشۇ ۋوگزالغا بارغاندىن كېيىن ۋرونسكىيغا خەت يېزىپ ئەۋەتىدىغانلىقى ۋە نىمە توغرىدا يازىدىغانلىقىنى ئويلايتتى، بىر بولسا شۇ تاپتا ۋرونسكىينىڭ (ئاننانىڭ ئازاپ چېكىۋاتقانلىقىنى بىلمەيلا) ئۆز ئەھۋالى توغرىسىدا ئانىسىغا شىكايەت قىلىپ بېرىۋات-

قانلىغىنى، ئۇلارنىڭ ئويىگە قانداق كىرىپ، ۋرونسكىيغا نىمە دەيدىغىنىنى ئويلايتتى. بىر تۇرۇپ، تۇرمۇش يەنە بەختلىك بولۇپمۇ كېتەر ئىدى دەپ ئويلاپ، ۋرونسكىينى بىر ياقتىن ھەددىدىن تاشقىرى ياخشى كورۇپ، بىر ياقتىن يامان كورىدىغانلىقىنى، يۇرىگىنىڭ دەھشەتلىك ئۇرۇۋاتقىنىنى ئويلايتتى.

## 31

قوڭغۇراق چېلىندى. شۇنداق سەت، قوپال، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوزلىرىنىڭ قىلىقلىرىدىن مەمنۇن بولغان قانداقتۇ ياش يىگىتلەر ئالمان-تالمان ئوتۇپ كەتتى؛ ئۇستىگە فورمىلىق كىيىم، پۇتىغا كالتا قونجىلىق ئوتۇك كىيگەن، گومۇشلارنىڭكىدەك چىرايى ھايۋانغا ئوخشاپ تۇرغان پيوتىر زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئوتۇپ ئاننانى ۋاگونغا ئۇزىتىپ قويۇش ئۇچۇن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئاننا سۇپىدا ۋاقىراپ گەپ قىلىشىۋاتقان ئەرلەرنىڭ يېنىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلار جىم بولۇپ قېلىشتى، ئەرلەرنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە ئاننا توغرىسىدا شىۋىرلاپ نىمىدۇر دىدى، ئېھتىمال، بىرەر يامان گەپنى قىلغاندۇر. ئاننا ئېگىز پەلەمپەينى دەسسەپ ۋاگونغا چىقتى-دە، ھوجرىغا كىرىپ، بىر چاغلاردا ئاپپاق بولغان، ھازىر پاسكىنا قىلىپ تاشلانغان پۇرژىنىلىق دىۋانغا ئولتۇردى. خالتا دىۋان ئۇستىدە لىڭشىپ-لىڭشىپ ئاخىرى تىنچىپ قالدى. پيوتىر گول ئادەمگە ئوخشاش كۇلۇمسىرەپ، خوشلىشىش ئۇچۇن دەرىزە ئالدىغا كېلىپ، ئۇقا تۇتۇلغان شلەپىسىنى كوتەردى، قوپال بىر پويىز خادىمى ئىشىكنى تاققىدە يېپىپ، لوكنى ئېتىرىپ قويدى. ئارقىسى كوپتۇرۇلگەن يوپكا كىي-

گەن شۇنداق سەت بىر ئايال (ئاننا شۇ ئايالنى خىيالىدا يالىڭاچ قىيا پەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ـ دە، ئۇنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى سەت لىكىدىن يىرگەندى) ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ياسىما كۈلۈمسىرىگەن بىر قىز پەسكە قاراپ يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىشتى.

ــ كاتىرىنا ئاندرېيېۋنانىڭ ھەممە نىمىسى بار ئىكەن، ھەممە نىمىسى بار ئىكەن، ھاماچا! ــ دېدى قاتتىق ئاۋازدا ھېلىقى قىز.

”مۇشۇ قىز چېغىدا بۇزۇلغان، ئۇنىڭ غىلجىڭلىشىنى قارىمامدى. غان، ــ دەپ ئويلىدى ئاننا. ئۇ ھېچكىمنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەن نىيەت بىلەن ئىلدام ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئادەم يوق ۋاگوننىڭ ئۇدۇلىدىكى دەرىزە يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. شەپكىسىنىڭ تېگىدىن چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرى داردىيىپ چىقىپ تۇرغان سەت، مەينەت بىر سەھرالىق ئادەم ۋاگون چاقلىرىغا ئېڭىشىپ قاراپ، شۇ دەرىزىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ــ شۇ تىلەتى يامان سەھرالىقنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنا“ ــ دەپ ئويلىدى ئاننا بىر ۋاقىتلاردا كۆرگەن چۈشى ئېسىگە كېلىپ. ئاننا قورقىنىدىن تىترەپ، ۋاگوننىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. پويىز خىزمەتچىسى بىر ئەر-خوتۇنغا ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

ــ تالاغا چىقامدىلا؟

ئاننا جاۋاپ بەرمىدى. پويىز خىزمەتچىسى ۋە ۋاگونغا كىرگەنلەر نېپىز ياغلىق تېگىدىكى ئاننانىڭ چىرايىدىن دەھشەت چىقىپ تۇرغىنىنى بايقىمىدى. ئاننا بۇلۇڭدىكى ئۆز جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئەر-خوتۇن ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ كويىنىگە بىلىندۇرمەي، لېكىن دىققەت بىلەن كۆز تاشلايتتى. ھېلىقى خوتۇنمۇ، ئۇنىڭ

ئېرىمۇ ئاناناڭ كوزىگە ناھايىتى سەت كورۇندى. ھەلىقى خوتۇن-نىڭ ئېرى ئانادىن: تاماكا چېكىشكە رۇخسەت قىلامدىلا، دەپ سورىدى. ئەتىمالىم، ئۇ تاماكا چېكىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئانا بىلەن سوزلىشىش ئۈچۈنلا شۇنداق سوئال قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئاناناڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئەر كىشى تاماكىدىنمۇ كوپ-رەك ھاجەتسىز نەرسە توغرىسىدا خوتۇنىغا فرانسۇزچە گەپ قىلىش-قا باشلىدى: ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئانانى ئاڭلىسۇن دەپ ئەتەي بىمەنە گەپلەرنى قىلاتتى. ئىككىسى بىر بىرىنىڭ كوڭلىگە تەككىنىنى، بىر بىرىنى يامان كورىدىغىنىنى ئانا ئوچۇق كورۇپ تۇراتتى. بۇنداق تېتىقسىز، لاۋزا ئادەملەرنى يامان كورمەسلىكمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىككىنچى قېتىم قوڭغۇراق چېلىندى، شۇنىڭدىن كېيىن يۇك توشۇش، ۋاراڭ-چۇرۇڭلار، كولكە ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئاناناغا ھېچ-كىمنىڭ بىرەر نىمىگە خوشال بولۇشقا سەۋىۋى يوقتەك كورۇنەتتى، شۇ كولكە شۇنچىلىك دەرىجىدە ئۇنىڭ چىشىغا تېگەتتىكى، ئۇنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن قۇلىقىنى مەھكەم يېپىۋالغۇسى كەلدى. ئاخىرى ئۈچىنچى قوڭغۇراق چېلىندى، گۇدۇك ئاۋازى ۋە پاراۋۇزنىڭ پار قويۇپ بەرگەن ئوتكۇر ئۇنى ئاڭلاندى-دە، پويىز قاراس-قۇرۇس ئاۋاز بىلەن ئورنىدىن قوزغالدى، ھىلىقى خوتۇننىڭ ئېرى چوقۇنۇ-ۋالدى. ”بۇ ئادەمدىن نىمە قىلىۋاتقىنىنى سوراسا ئېيتىپ بېرەلەيت-تىمىكىن“ دەپ ئويلىدى ئانا قەھرى بىلەن ئۇنىڭغا كوز تاشلاپ. ئانا پويىزنى ئۇزىتىپ سۇپىدا تۇرغان، ئوزلىرى خۇددى ئارقىسىغا سىلجىپ كېتىپ بارغاندەك كورۇنگەن كىشىلەرگە دەرىزىدىن، ھىلىقى ئاياللىڭ يېنىدىن قاراپ ئولتۇراتتى، ئانا ئولتۇرغان ۋاگون رېلىسلار ئۇلانغان

www.uyghurkitap.com

جايلاردىن ئۆتكەندە بىر خىل تىترەپ، سوُپا، تاش تام، بەلگە مۇنارى ۋە باشقا ۋاگونلارنىڭ يېنىدىن تاراقلاپ ئۆتۈپ كەتتى. رېلىسلار ئۈستىدە چاقلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى پەسىيىپ، ۋاگون كوپ چايقالماي، سىلىق مېڭىشقا باشلىدى. پېتىۋاتقان كۈننىڭ شولىسى دەرېزىدىن چۈشۈپ تۇراتتى، شامال پەردىنى يەلپۈپ ئويناشقا باشلىدى. ئانىنا ۋاگوندىكى خوشنىلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى، ئاستا چايقىلىپ ئولتۇرۇپ، كوكرەك قەپىزىگە ساپ هاۋانى سۈمۈرۈپ، يەنە ئويغا پاتتى:

”راستلا، بابا نىمىنى ئويلاۋاتاتتىما؟ هە، تۇرمۇشنى ئازاپقا ئايلاندۇرمايدىغان بىر هالنى ئويلاپ تاپالمايمەن، دەپ ئويلىغۇدىم، يەنە بىز هەممىمىز ئازاپلىنىش ئۈچۈن تۇغۇلغانمىز، شۇنى هەممىمىز بىلىمىز ۋە هەممىمىز ئۆزىمىزنى ئالدىغاندەك، هەرخىل يوللارنى ئويلاپ تاپىمىز، دىگەن ئويلارنى ئويلىغۇدىم. بىراق كىشى هەقىقەتىنى ئۆز كوزى بىلەن كورۈپ يەتكەندە نىمە قىلىشى كېرەك؟“

— شۇنى قىلىش كېرەككى، ئىنسان بېشىغا چۈشكەن تەشۋىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىگە بېرىلگەن ئەقىل-ئىدرىكىنى ئىشقا سېلىشى كېرەك، — دىدى يېنىدىكى خوتۇن فرانسۇزچە، تىلىنى قايرىپ سوزلەپ. ئەتىمالىم ئۇ ئىبىتقان گېپىدىن قانائەت هاسىل قىلغان بولسا كېرەك.

شۇ سوز خۇددى ئانىنانىڭ پىكرىگە بېرىلگەن جاۋاپتەك بولدى.

”بېشىغا چۈشكەن تەشۋىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن“ دەپ تەكرارلىدى ئانىنا هىلىقى ئايالنى دوراپ ۋە مەگزى قىپ-قىزىل ئەر بىلەن ئۇنىڭ ياداڭ خوتۇنىغا قاراپ، ئاغرىقچان خوتۇنى ئېرىنى، قەدرىمگە يەتمەيدۇ، دەپ هېساپلايدىغىنىنى، ئېرى بولسا ئۇنى ئالداپ

يۇرگىنىنى ۋە قىلمىش-ئەتمىشلىرى بىلەن خوتۇنىدىكى شۇ پىكىرنىڭ راستلىغىنىنى ئەستىقلاپ يۇرگەنلىگىنى چۈشەندى. ئانىنا خۇددى ئۇ ئىككىسىنىڭ تارىخىنى ۋە يۇرەكلىرىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىنى يوروۇق نۇردا كوروۇپ تۇرغاندەك بولدى. لېكىن ئۇلاردا قىزىقارلىق ھېچنىمە بولمىغانلىقتىن ئانىنا ئۆز ئويىنى داۋام ئەتتۇردى.

"راست، تەشۋىش مېنى ناھايىتى ئازاپلىۋەتتى، كىشىگە ئەقىل تەشۋىشتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن بېرىلگەن ئىكەن؛ دېمەك، قۇتۇلۇش كېرەك. شام يوروۇغىدا قارايدىغان ھېچنىمە قالمىغان بولسا، بۇ دۇنياغا قارىغانغا كىشىنىڭ كوڭلى ئاينىسا، شامنى ئوچۇروۋەتمەي نىمە قىلىدۇ؟ لېكىن ئۇنى قانداق ئوچۇرۇش كېرەك؟ ئاۋۇ پويىز خادىمى نىمىشقا رىشاتكىنى بويلاپ يۇگرەيدۇ؟ ئاۋۇ ۋاگوندىكى ياشلار نىمىشقا ۋاقىرىشىدۇ؟ نىمىشقا ئۇلار گەپ قىلىشىدۇ، كۈلۇشىدۇ؟ ھەممىسى ساختا، ھەممىسى يالغان، ھەممىسى كوز بويامچىلىق، ھەممىسى جىنايەت!..."

پويىز ۋوگزالغا كېلىپ توختىغاندا، ئانىنا باشقا يولۇچىلارغا قوشۇلۇپ ۋاگوندىن چىقتى-دە، بۇ يەرگە نىمە ئۇچۇن كەلگىنىنى، نىمە قىلماقچى ئىكەنلىگىنى ئەسلىۋېلىشقا تىرىشىپ، خۇددى موخودىن ئۆزىنى چەتكە ئالغاندەك، سۇپىدا توختىدى. ئىلگىرى ئۆزى ئەسكە ئېلىش ئاسان دەپ ئويلىغان نەرسىلىرىنى ئۇنى ئارامىدا قويمىغان مانا شۇ يارىماس كىشىلەرنىڭ گاژىلدىغان ئاۋازى ئىچىدە ئەسكە ئېلىشمۇ تەس ئىدى. دەم ھامماللار كېلىپ ياردەملەشمەكچى بولاتتى، دەم قاتتىق ئاۋازدا سوزلىشىپ، تاختايلىق سۇپىدا تاراقلاپ مېڭىپ يۇرگەن ياش يىگىتلەر ئانىناغا كوز تاشلىشاتتى؛ دەم دوقۇرۇشۇپ قالغانلار يول بېرىمەن دەپ يەنە توقۇنۇشۇپ قالاتتى. ئانىنا ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جاۋاپ بولمىسا، يولنى داۋام ئەتتۈرمەكچى بولغىنىنى ئەسلەپ، ھامماللاردىن بىرىنى توختىتىپ، گىراف ۋرونسكىيدىن خەت ئېلىپ كەلگەن ھارۋىكەشنى كورمىدىڭلارمۇ، دەپ سورىدى.

ــ گىراف ۋرونسكىي دەمدىلا؟ ھازىرلا ئۇ ياقىنىڭ ئادىمى مەشەدە يۈرەتتى. كىنەگىنە سوروكىنا بىلەن قىزىنى كۈتۈۋېلىشقان ئىدى. ھارۋىكەشنىڭ تۇرقى قانداق؟

ئاننا ھامىمال بىلەن سوزلىشىپ تۇرغان چاغدا، بېلى پۈرمە خۇشپىچىم كوك كەمزۇل كىيگەن، سائىتىنىڭ زەنجىرى ساڭگىلاپ تۇرغان، چىرايى قىپ ــ قىزىل، خۇشخۇي ھارۋىكەش مىخايىل، ئەتىمالىم، بېرىلگەن بۇيرۇقنى شۇنداق ياخشى ئورۇنلىدىم، دەپ ماختانغاندەك، ئاننانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا خەتنى تۇتقۇزدى. ئاننا خەتنى ئاچتى، لېكىن ئۇنى ئوقۇماي تۇرۇپلا يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى.

"خەتنىڭ كېچىكىپ كەلگىنىگە ناھايىتى ئېچىنىمەن. مەن سائەت ئوندا قايتىپ كېلىمەن" دەپ ئارۋاڭ ــ سارۋاڭ قىلىپ يېزىپ قويۇپتۇ ۋرونسكىي.

"ھىم! ئويلىغىنىمدەكلا!" دېدى ئىچىدە ئاننا زەھەرلىك كۈلۈپ قويۇپ.

ــ بوپتۇ، ئويگە قايت، ــ دېدى پەس ئاۋازدا ئاننا مىخايىلغا قاراپ. ئاننا شۇنىڭ ئۈچۈن پەس ئاۋازدا گەپ قىلدىكى، يۈرىكىنىڭ ناھايىتى ئىلدام ئۇرۇشى نەپەسىنى بوغاتتى. "ياق، مەن ئوزەمنى ساڭا ئازاپلاتقۇزمايمەن" دەپ ئويلىدى ئىچىدە، ئۇنىڭغىمۇ ئەمەس، ئوزىگىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئازاپلىنىشقا مەجبۇر قىلغانلارغا غەزەپ بىلەن مۇراجەت قىلىپ ۋە سۆيىنى بويلاپ ۋوگزال ئىچىدە ئالغا قاراپ ماڭدى.

سوُپىدا يوُرگەن ئىككى خىزمەتچى قىز ئوُنىڭغا بوُرۇلۇپ قاراپ، ئوُنىڭ كىيىملىرى توغرىسىدا ئىمىدوُر دېيىشىپ: "راسا ئىسىللىرىدىن" دېيىشىتى ئوُنىڭ تورى ھەققىدە گەپ قىلىشىپ، ياش يىگىتلەر ئوُنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. ئوُلار يەنە ئوُنىڭ يوُزىگە قاراپ، غەيرى تەبىئى ئاۋازدا ئىمىدوُر دەپ، ۋاقىراپ كوُلوُشوُپ، يېنىدىن ئوُتوُپ كېتىشتى. ۋوگزال باشلىغى ئوتوُپ كېتىۋېتىپ، ئوُنىڭدىن: ئوُزلىرى بىر ياققا كېتىپ بارامدىلا، دەپ سورىدى. كوُۋاس ساتقوُچى بالا ئانىدىن كوزىنى ئالمايتتى. "يارەببىم، مەن نەگە كېتىپ بارىمەن؟" دەپ ئوُيلىدى ئانىا سوُپىنى بويلاپ بارغانسىرى چەتكە چىقىپ كېتىپ بىرىپ، سوُپىنىڭ چېتىگە بارغاندا توختىدى. كوزەينەكلىك جاناپنى كوُتوُۋېلىپ، قاقاقلاپ كوُلوُشوُپ كەتكەن ۋە ئىمىدوُر دېيىشە-ۋاتقان ئايالىلار ۋە باللار ئوُتوُپ كېتىۋېتىپ يېنىغا كەلگەن ئانناغا قاراپ جىم بولوُشوُپ قالدى. ئانىا قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئوُلارنىڭ ئالدىدىن نېرى كەتتى-دە، سوُپىنىڭ ئاخىرىغا باردى. يوُك پويىزى كېلىۋاتقان ئىكەن. سوُپا تىترەپ كەتتى، ئانناغا ئوُزى ۋاگوندا كېتىۋاتقاندەك توُيوُلدى.

ۋرونىسكىي بىلەن بىرىنچى قېتىم ئوُچراشقان كوُنى پويىز ئېزىپ تاشلىغان ئادەم بىردىنلا يادىغا كەلدى-دە، ئانىا ئەمدى ئوُزىنىڭ نىمە قىلىشى كېرەكلىگىنى چوُشەندى. ئوُ سوُ موُنارىدىن رېلىسلار يېنىغا چوُشىدىغان پەلەمپەيلەردىن يېنىك قەدەم تاشلاپ، پەسكە ئىلدام چوُشتى-دە، ئوُزىنىڭ ئالدىدىنلا ئوُتوُپ كېتىۋاتقان پويىزنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئانىا ۋاگونلارنىڭ تېگىگە، ۋېنتىلارغا، زەنجىرلەرگە، بىرىنچى ۋاگوننىڭ ئاستا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان ئېگىز چويوُن چاقلىرىغا كوز تاشلىدى ۋە ئالدى چاقلار بىلەن ئارقا چاقلارنىڭ ئارىلىغىنى

www.uyghurkitap.com

ۋە شۇ ئارىلىقنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئۆزىگە دەل كېلىدىغىنىنى پەملەپ تۇردى.

"ئاشۇ يەرگە!ــ دېدى ئانىنا ئىچىدە ۋاگوننىڭ كولەڭگۈسىگە ۋە ئۈستىنى كومۇر ھەم قۇم باسقان ياغاچلارغا قاراپ تۇرۇپ،ــ شۇ يەرگە، دەل ئوتتۇرىسىغا چۈشىمەن ـ دە، ئۇنى جازالايمەن ۋە ھەممىسىدىن جۈملىدىن ئۆزەمدىن قۇتۇلىمەن".

ئانىنا بىرىنچى ۋاگوننىڭ ئۇدۇل كەلگەن ئارىلىغىغا ئۆزىنى تاشلىماقچى بولۇۋىدى، لېكىن قىزىل خالتىسىنى قولىدىن ئېلىپ ئۈلگۈرەلمەي كېچىكىپ قالدى: ۋاگوننىڭ ئوتتۇرىسى ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى نۆۋەتتىكى ۋاگوننى كۈتۈش كېرەك ئىدى. چومۈلۈش ۋاقتىدا سۇغا چۈشۈش ئالدىدا ھىس قىلغانغا ئوخشاش بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى، ئانىنا چوقۇندى، كىرىپ سىيۇش ئادىتى ئېسىگە چۈشۈپ، بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىدىكى نۇرغۇن خاتىرىلەر يادىغا كەلدى، كېيىن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئورىۋالغان بۇرۇختۇم قاراڭغۇلۇق بىردىن پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى ـ دە، ھاياتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ھەممە خوشال ـ خوراملىقلىرى بىر پەس ئۇنىڭ كوز ئالدىدا يالت قىلىپ كورۈندى. ئەمما ئۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئىككىنچى ۋاگوننىڭ چاقلىرىدىن كوزىنى ئالمايتتى. چاقلار ئارىسىدىكى ئارىلىق ئۇدۇلىغا كەلگەن پەيتتە، قىزىل خالتىسىنى چەتكە چورۇۋەتتى ـ دە، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، ئۆزىنى ۋاگوننىڭ تېگىگە ئاتتى ۋە دەررۇلا ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندەك قولىغا تايىنىپ تىزلەندى. خۇددى شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىغىنى ئويلاپ دەھشەت باستى. "قەيەردىمەن؟ نىمە قىلىۋاتىمەن؟ نىمە گەپ بۇ؟" ئانىنا ئورنىدىن تۇرماقچى، بېشىنى كوتەرمەكچى بولدى؛ لېكىن قانداقتۇ

رەھىمسىز، ھەيۋەتلىك بىر نەرسە كېلىپ بېشىغا بىر تۇرتتى-دە، يەلكىسىدىن ئىلىۋېلىپ سورەپ كەتتى. "يارەببىم، ھەممە گۇنالىرىمنى كەچۇرگەيسەن!" دېدى ئانىنا جان تالىشىشقا ماغدىرى يەتمەي. پاكارغىنا بىر سەھرالىق كىشى نىمىدۇر دەپ گۇدۇڭلاپ، رېلىس ئۇستىدە ئىشلەۋاتاتتى. تەشۇىش، ھاياجان، ئالدامچىلىق، غەم-قايغۇ، رەزىللىك تەسۋىرلىرى بىلەن تولغان كىتاپنى ئوقۇغان چېغىدا يېنىپ تۇرغان شام ئوز نۇرىنى ھەر قاچانقىدىنمۇ يارقىنراق چېچىپ، ئىلگىرى قاراڭغۇلۇق زۇلمىتىدە ياتقان جىمىكى نەرسىنى ئۇنىڭغا روشەن قىلىپ كورسەتتى-دە، چىرسىلداپ بېرىپ غۇۋالىشىپ قالدى ۋە ئاخىر ئەبدى ئوچتى.

بارلىق ئەدىبىيات-سەنئەت خادىملىرى قەدىمقى ۋە ھازىرقى، جۇڭگودىكى ۋە چەتئەللەردىكى بەدىئى ماھارەتكە دائىر بارلىق ياخشى نەرسىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، قوبۇل قىلىپ، ئوزلەشتۇرۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللى ئۇسلۇپقا ۋە دەۋر ئالاھىدىلىگىگە ئىگە بولغان مۇكەممەل بەدىئى شەكىلنى يارىتىشى لازىم.

**دېڭ شياۋپىڭ**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى

قوشۇمچە:

# دېڭىز ساھىلىدىكى قىز

(ئامېرىكا) جويىس كالور ئوتس

ئاپرېل كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، چۈشتىن كېيىن ھاۋا تۇتۇق بولۇشقا قارىماي بىر قىز ھامماچىسى بىلەن بىرلىكتە ماشىنا بىلەن دېڭىز تەرەپكە قاراپ كېتىپ باراتتى. يامغۇرلۇققا ئورىنىۋالغان تايسا ئاتلىق بۇ قىز ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ يىل ئون توققۇزغا كىردى. ئۇنىڭ ئەمدى كېسەلدىن قوپقان كىشىنىڭكىدەك سارغايغان چىرايىدىن زېرىكىش ۋە پاراكەندىلىك بىلىنىپ تۇراتتى، كوزىنىڭ چورىسىدىكى موسكۇللار تارتىشىۋاتقاندەك جىددى روھىي ھالەت بىلىنىپ تۇراتتى، كوزىمۇ غۇۋا، خۇنۇك كورۇنگەندەك قىلاتتى. ئۇ پات ـ پات قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن بۇرنىنى سۇرتۇپ قوياتتى.

ــ تايسا، زۇكام بولۇپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ ــ تايسانىڭ ھامماچىسى ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى.

ــ نىمە؟ ھە، ياق.

تايسا ھامماچىسىغا قاراپ ئەسەبىلەرچە كۈلۈپ قويدى. باشقىلارنى، ئۆزىنى شۇنچە ياخشى كورىدىغان چوڭ كىشىلەرنى ئەنسىرىتىپ قويماسلىق كېرەك ئىدى. تايسا بۇ ھامماچىسىغا ــ كارولىن ھىتمانغا ھەممىدىن بەك ئامراق ئىدى، ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك

ئاپىردىن ئۇقۇۋېتتى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە ئاشۇنىڭغا ئوخشاش... ئادەم بولۇشنى تىلەيتتى.

— مەن قەستەن شۇنداق قىلدۇاتقىنىم يوق، — دېدى تايسا، ئۇ يول بويى ئۆزىنىڭ توختىماي بۇرنىنى سۈرتۈپ كەلگەنلىگىنى ئويلاپ سەل ئىزا تارتىپ قالدى. — مەن ئۆزەمنىڭ بۇرنۇمنى سۈرتۈپ كەلگەنلىگىمنى تۇيماي قاپتىمەن.

— ھېچقىسى يوق، تايسا.

— دىمەكچىمەنكى، مەن چوشقىدەك پاسكىنا بولۇپ كەتتىم...

— ھېچقىسى يوق.

شۇ كۈنى ئەتىگىنى تايسا چامادانىنى رەتلەپ، نەرسە-كېرەكلىرىنى ئېھتىيات بىلەن بىر-بىرلەپ چامادانىغا سېلىۋاتقان ۋاقتىدا، بېشى ئايلانغاندەك، ئۆزىنىڭ جېنىنى كىچىككىنە بىر تېرە خالتىغا، بىر تېرە تاۋۇتقا قاچىلاۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولغان ئىدى. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي نەرسە-كېرەكلىرىنى قاچىلاپ بولۇپ، چامادانىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ، تاراق قىلىپ ئۇنى ئېتىپ قويغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بىر-قانچە سائەتتىن كېيىن، كارولىن بىلەن بىرلىكتە دېڭىز بويىدىكى ئۆز ئۆيىگە يېقىنلىشىپ قالغان چاغدا، ئۇ ئالدىرىغاندەك، تەشۋىشلەنگەندەك بىر خىل غەلىتە كەيپىياتتا، بۇ يەردە قانداق ئەھۋالغا دۇچكېلەر-مەن — بۇ ئۆيدە مەزگىلسىز تۇرسام، چوقۇم كونەلمەيمەنغۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. شۇنچە چول دېڭىز ساھىلىغا قاراپ ئولتۇرۇش، ئۆزىنىڭ ئاددى كىيىملىرىنى ئۆيىنىڭ تام ئىشكاۋىغا ئېلىپ قويۇش — بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تونۇشلۇق، لېكىن ئەينى زاماندا شۇنچە سالقىن-غەلىتە، بۇلار بىر بىرىگە ماس كەلمەيدۇ، بۇلار چوقۇم ئەقىلگە سىغمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، گويا چۈش كورگەندەك، خۇددى ھورۇنلارچە قىياس قىلىپ چىقىلغاندەك ئىدى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تولىسى پاكار ئىدى. تايسا خېلى يول ماڭدۇق، ئەمدى ھېچكىم مېنى تاپالمايدۇ دېگەن تۇيغۇغا كەلدى. ئەگەر بىرەر كىشى مەزگىلدىن خېلى بۇرۇنلا شەھەردىن بۇ يەرگە شەنبىلىك دەم ئېلىشقا كەلگەن بولسا، تايسانىڭ ھاماچىسى تايسا بۇ يەرگە دەم ئېلىشقا كەلگەن دەپ ئۇلارنى قوغلىۋېتەتتى.

— يامان بولدى ـ دە، داداڭ بۇ يەرگە تېلېفون ئورناتماقچى ئىدى، — دېدى كارولىن. — ئېھتىمال ئۇ ھەقلىقتۇر.

ئۇي كورۇندى. بۇ ئۇي سايغا يېقىن، لېكىن پاكار دەرەخ ئوسۇپ كەتكەن، ئاقىرىپ تۇرغان بىر ئىگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئىككى تەرەپتىكى ئۇيلەردىن سەل يىراق ئىدى. بۇ دېڭىز قىرغىقىغا نەچچە مىل كېلىدىغان يەرگە قاتار سېلىنىغان يازلىق داچىلارنىڭ ھەممىسى كاتتا ۋە مۇستەھكەم بولۇپ، ھەممىسى شەخسنىڭ ئىدى، يەنە كېلىپ خېلىلا ھەيۋەتلىك ئىدى. تۇتۇق ۋە نەم بولۇپ ئوتىدىغان ئاپرېلدا بۇ ئۇي كىشىلەرنىڭ كوزىگە ھەم قارا، ھەم ئەسكى كورۇنەتتى. تايسا ئۇستىدىكى يامغۇرلۇققا تېخىمۇ چىڭ ئورىلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تىترەپ تۇراتتى.

— قانداقراق، تايسا؟

— ياخشى.

— كىرىپلا سېنىڭ ھوجراڭنى سەرەمجانلاپ بېرەي، يېتىۋالغىن.

— ئۇنداقتا ناھايىتى ياخشى بولاتتى، — دېدى تايسا.

تايسا مىننەتدار بولغان ھالدا ھاماچىسىغا قاراپ كۇلۇمسىرەپ قويدى ۋە ئارقىدىنلا بۇنچىلىك كوپ كۇلۇمسىرىمەسلىكىم كېرەككىقۇ

دەيمەن، دەپ يەنە ئىككى خىيال بولۇشقا باشلىدى.

ئۇلار ماشىنىدىن چۈشكەندە شامال كۈچەيگەن ئىدى. سوغ ھاۋا-نىڭ دەستىدىن تايسا چىدىيالماي كەتتى. لېكىن ياغاچ ۋە خىشتىن سېلىنغان بۇ كاتتا ئىمارەتكە قاراپ تايسادا بىر خىل ئىپتىخارلىق ھىسسى پەيدا بولدى. بۇ ئىمارەت ئۇلارغا قارايتتى، يەنە كېلىپ تايسالارغىلا قارايتتى، باشقا ھېچقانداق كىشىنىڭ ئىگەللىۋېلىشقا ھەققى يوق ئىدى. دۇنيانىڭ باشقا قىسمىدا، بىرنەچچە سائەتلىك مۇساپىنىڭ نېرىسىدا كىشىلەر بىر يەرگە ئولىشىپ بىرلىكتە يېتىپ قوپۇشىدۇ، بىرلىكتە غىزالىنىدۇ ۋە ئۇخلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايى، ئاۋازى شۇنچە ئارىلىشىپ كەتكەنىكى، ئۇلارنى ئايرىۋالماق تەس، سەتلىك ۋە ئۇمىتسىزلىك ئۇلارنى ئەسەبىلىشىشكە مەجبۇر قىلىدۇ...

لېكىن بۇ يەردە، دېڭىزدا، مۈشۈ ئۇزۇنچاق ۋە تىچ دېڭىز ساھىلىدا، مانا ئەمدى ئۇ ھاماچىسى بىلەن بىرنەچچە ھەپتىنى ئۆتكۈزىدۇ.

قاتتىق شامال ئۇنىڭ چېچىنى ئۇچۇرتۇپ تۇراتتى، ئۇ كوزىنى ئۇيدىن دېڭىزغا، ئاندىن كېيىن يەنە ئاسمانغا يوتكىدى. بۇ قىشتىن باش ئەتىيازغا ئوتۇش ۋاقتى ئىدى. مۈشۈ يىراق شىمالدا ھاۋا ئاستا-ئاستا ئىسسىماقتا... بىرنىمە-ھە، بىر مۈشۈك، توپتىن ئايرىلغان بىر ساغۇچ مۈشۈك ئۇنىڭ ئالدىدا يولنى توغرا كېسىپ ئوتۇپ كەتتى.

—ھوي، ئاۋۇ نىمە؟—ۋاقىرىدى تايسا.

—مۈشۈك،—دىدى كارولىن.

ئوي ناھايىتى سوغ ئىدى.

—مەن بۇ يەرنى ئىسسىتىپ بېرەي،—دىدى كارولىن. باياتىن مۈشۈكتىن قورقۇپ كەتكەن تايسانىڭ يۈرىگى تېخىچە ئورنىغا

چۈشمىگەچكە، ھاماچىسى چىقىپ كەتتى. تايسا بۇ يەردە ئۆزىنى
خۇددى مېھمانلاردەك تۇتتى. كارولىن چىراقنى يېقىشقا تۇتۇناپ
بېقىۋىدى، ھەممە نەرسە يورۇپ، يېقىملىق ھەم ناھايىتى جىمجىت
بولۇپ كەتتى.

— ياخشى بولدى، بىز ئاخىر كېلىۋالدۇق، — دېدى كارولىن.
ئۇ تايساغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇ تومۇر كوكى رەڭگىدە بىرزىنت
يامغۇرلۇق ۋە شوتلاند سوكنىسىدىن شىم ـ كاستيۇم كىيگەن بولۇپ،
تايسادىن پاكارراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدەك ياداڭغۇ ئەمەس
ئىدى؛ تايسانىڭ نەزىرىدە بولسا، ھاماچىسى ناھايىتى چاققان ۋە
ھەممە ئىشنى جايى ـ جايىغا كەلتۈرۈپ قىلىشقا تىرىشىدىغان ئايال
ئىدى، ھەتتا ئارقىغا تاراپ چىرايلىق قىلىپ تۈگۈۋالغان توم، چوڭ
چېچىمۇ ناھايىتى كوكۇل قويۇپ تۈگۈلگەن ئىدى.

ئۇ كونراد گېدماندىن — زۆكتۈكنىڭ يېنىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك
بىر فوگۆۋەندىن قالغان تۇل خوتۇن ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە ناھايىتى
بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈپتىكەنمىش — تايسا ئاشۇنداق دەپ ئىشە-
نەتتى. ئۇ ھاماچىسىغا ئىشىنىشى كېرەك ئىدى... لېكىن بۇ ئۇنىڭ
ئىشەنمەسلىكىمۇ مۇمكىن دېگەندىن دېرەك بېرەمدۇ؟

— بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئاجايىپ خوشالمەن ـ دە... يەنە كېلىپ
سىزنىڭ بىللە كەلگىنىڭىزچۇ... — دېدى تايسا دۇدۇقلاپ.

كارولىن سوز قىلمىدى. ئۇ يىمەك ـ ئىچمەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋا-
تاتتى. ئۇ ئالدىراپ يۈرەتتى، بىكار بولالمايلا كەتتى؛ تايسا بولسا
ئۆزىنى بىر بالىدەك ھىس قىلىپ، ئاشخانا دەرىزىسىگە قاراپ ماڭدى.
دەرۋەقە، دېڭىز غەزەپ بىلەن دولقۇنلىماقتا. ئۇنىڭ ئىپسىدە مۇنداق
تەسىرات بولۇپ باقىقان ئەمەس ئىدى. ئۇ دېڭىزنىڭ دولقۇنلاپ

سوقۇشۇۋاتقان ئاۋازىنىڭ يۇرىگى ۋە مېڭىسىنىڭ ھەركىتى بىلەن بىرلىشىپ كېتىشىنىڭ مۇمكىن ياكى مۇمكىن ئەمەسلىگىنى بىلمەيتتى. دولقۇن باشقىلارنىڭ ئۇخلىشىغا ياردەم بېرەلەرمۇ؟ ياكى ئۇ خەقنى ئىزچىل ئويغاق ھالەتتە قالدۇرارمۇ؟

تايسا چىقىپ چامادانىنى ئالدى. يامغۇر يېغىشقا باشلىغان ئىدى، ئۇ پەلەمپەيدە تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ يارىلىنىپ قېلىشتىن قورقاتتى. ھەر ھالدا چاتاق چىقمىدى. ئۇ چامادانىنى ئاشخانىغا سورەپ كىردى.

— تايسا، بەك ئېغىر ئۇ، سورىيەلمەيۋاتامسەن؟ — سورىدى كارولىن.

— ياق، ھېچبىر ئېغىر ئەمەس.

چامادان تايسانىڭ بۇرۇن ئېسىدە قالغىنىدىن ئېغىر ئىدى، لېكىن بىر ئامال قىلىپ يۇرۇپ ئۇنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆزىنىڭ ھوجرىسىغا ئەكىردى.

ئۇنىڭ ھوجرىسىدىكى نەرسىلەر: كارۋات، كورپە، مۇزدەك سوغ پۇرژىنىلىق ماتراس. تايسا كورپىنى سالدى ۋە غەيرەتلىنىپ، قانداقتۇ قورقۇنچلۇق بىرەر نەرسە بولمىسۇن يەنە، دەپ قاراپ باقتى... لېكىن ئۇنىڭ كوزىگە ھېچنىمە چېلىقمىدى. ئۇ چامادانىنى ئاچتى. ھوجرا ئىچىدە كىيىپ يۇرىدىغان يېشىل كەشى چەمى چەمگە كەلتۇرۇلگەن ھالدا چامادانىڭ ئۇستىدە تۇراتتى.

تايسا هاماچىسىغا ياردەملىشىش ئۇچۇن ئاستىنقى قەۋەتكە چۇشتى. ئۇ بەدىنىنى رۇسلاپ، كونسىرۋالارنى غىزا ئىشكاۋىغا سېلىپ قويدى، بۇ چاغدا ئۇ زادى نەچچە ياشقا كىرگەنلىگىنى ئەسلىيەلمىدى — ئون ياشقىمۇ؟ ياكى ئالتە ياشقىمۇ؟ ئون توققۇز ياشقىمۇ يە؟ ئون توققۇز ياش ئۇنىڭ ئېسى يەتكەن ئەڭ چوڭ ياش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارىپىسى

چېكى، قىياس قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئاخىرقى چېكى، ئۇچى ئىدى؛ ئۇ چوقۇم ئون توققۇز ياشقا كىردى.

— ئەمدى ساڭا ئورۇن سالايلى، — دېدى كارولىن.

— ياقەي، ئوزەم سالالايمەن، ئوزەم سالاي، — دېدى تايسا. ئوي ئاستا ـ ئاستا ئىسسىشقا باشلىدى، ئىسسىق ھاۋا تورۇستىن چىقىپ، تورۇستىكى يوشۇرۇن تامدىن تارقىلاتتى... تايساغا، قانداقتۇ، قۇياش سىرلىققىنا، ئوغرىلىقچىلا ئۇنىڭ بەدىنىگە چۈشۈپ تۇرغاندەك بىلىندى.

— بۇ يەر ساڭا يارىغاندەكمۇ؟ مېنىڭچە بۇ ئوي ناھايىتى چىرايلىق، — دېدى كارولىن.

— ھىم، ھە ـ ئە، ناھايىتى چىرايلىقكەن، — جاۋاپ بەردى تايسا.

كارولىن ئىككىنچى بىر چامادانىنى يۇقۇرقى قەۋەتكە ئېلىپ چىقتى، بۇ چاغدا تايسا ئاشخانىدا تۇراتتى، ئۇ بىردىن، ئاشخانا ئۈستىلىگە قويۇپ قويۇلغان سومكىغا سەپسىلىپ قارىدى. بۇ قوپاللىراق، قېنىق كوندە ياسالغان چوڭ بىر سومكا ئىدى. تايسا بۇ سومكىغا ئاللىقانداق بىرنىمىلەرنى ئوكتەي ـ توكتەي قىلىپ سىلىپ قويغان ئىدى. ئۇ قولىغا چىققان يىرتىق كوينەكنىڭ ئەستىرىنى تېخىمۇ بەك يىرتىلىپ كەتمىسۇن دەپ، بارمىقى بىلەن ئاستا ئېچىپ ئىچىگە قارىدى. ھېچنىمە يوق ئىدى. ئۇ يەنە بارماقلىرى بىلەن ھىلىقى سىرلىق كىچىك خالتىنى ئىزدىدى... نەرسە يوق... راست، ھېچنىمە يوق ئىدى.

ئۇ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ، ھاماچىسى بىلەن بىرلىكتە ئورۇن سالدى. ئۇ ھاماچىسىغا ئوخشاشلا ئوزىنى ئاجايىپ يېنىك ھىس قىلاتتى. كىم بىلىدۇ، ئۇ تېخى ھاماچىسىنى دوراۋاتامدۇ.

ــ دۇنيادا مەن ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان يەرلەرنىڭ بىرى مانا مۇشۇ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى كارولىن. ئۇنىڭ يېشىل ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكى خۇددى ئۇندەش بەلگىسىدەك يالت ـ يۇلت قىلىپ نۇر چېچىپ تۇراتتى. تايساغا ھاماچىسىنىڭ ئېغىر ـ بېسىقلىقى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى چۈشىنىكسىز ئىش بىلىنەتتى. ئۇنىڭدا ئازاپلىنىشمۇ بولۇپ باققانمۇ؟ ھازىرمۇ شۇنداق ئازاپلىنىدىغان ئىش بارمىدۇ؟ ــ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى... تايسا ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق بىر ئايال بولۇپ يېتىشىشىنى تىلەيتتى. شۇنداق بولغاندا ئۇ زىلۋا، ئېغىر ـ بېسىق، بەدەن تۈزۈلۈشى ئۇسۇلچىنىڭكىدەك بولغان بولاتتى. ئازمايتتى، ئۆزىنى يوقاتمايتتى... يۈزىدە ھېچقانداق تارتۇق بولمىغان، چىرايىدىمۇ ھېچقانداق ئىنتىلىش بولمىغان بولاتتى؛ بۇ پەقەت ھېچقانداق ئادەمگە مۇھتاج بولمىغان ئايالنىڭ چىرايى بولۇپ، ئۇ تىنچ ۋە مۇستەھكەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغ قىلىپ كۆرسىتەتتى.

ــ ئەمدى سەن نىمىشقا يېتىۋالمايسەن؟ مەن چۈشلۈك غىزاغا قوپاي، ــ دېدى كارولىن. تايسا ياتتى. ھوجرىدا ئۆزىلا قالغان ئىدى. ئۇ ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا تۈپ ـ تۈز سوزۇلۇپ ياتتى ـ دە، دەرھال قوۋۇرغىسىنى، سوڭگىچىنى سىلىدى، ئاشۇ تومپىيىپ چىققان ئۇستىخانلار خۇددى ئۇر بەدىنىدىكى بىر بەلگىدەك ئىدى. ئۇنىڭ قاتتىق چىشلەپ تۇرغان چىشىمۇ ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بىر بەلگە ئىدى. ئۇ چوچۇپ ئورنىدا ئولتۇردى. بۇمۇ كار قىلمىدى. كاللىسىغا كېلىۋالغان گادىرماش خىياللار ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇۋەتتى... ئۇ مۇشۇ تۇرقۇم بىرەر نەرسە ئوقۇسىمۇ ھەرپلەر ئىرماش ـ چىرماش كۆرۈنۈپ كېتىپ ئوقۇيالمايدىغانلىقىنى... ئەدناسى ھېساپ دەپتىرىدىكى رەقەملەرنىمۇ تونۇيالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى....

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم يېتىشقا زورلىدى. ئۆي ئالامەت سوغ ئىدى، بىراق ھاۋانىڭ بۇنداق بولغىنى ياخشى ئىدى، ئادەمنىڭ مېڭىسىنى سەگەك قىلىپ قوياتتى. ئۇ تورۇسقا تىكىلىپ قاراپ ياتتى. بۇنداق ئۆيى بار قىزلار كۆپ ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى بوستون شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئۆيىدىمۇ ئۇنىڭ يەنە بىر ھوجرىسى، تېخىمۇ ياخشى بىر ھوجرىسى بار ئىدى. ئۇ بۇ ھوجرىلاردا تۇرغاندا، ئۇ ئۆيلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە، "ئۆزىنىڭ" كارۋىتىغا خالىغان چاغدا چىقىپ يېتىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئۇخلىشى مۇمكىن ئىدى، ئۆيلەر بولسا ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا كېڭىيىپ بارماقتا ئىدى، ئۇنىڭ دادىسى ھەرقانداق بىر كورپۇس ئۆيىنى ئىگىلىشى مۇمكىن ئىدى، تايسا بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەرقاندىقىنىڭ خۇددى قورغاندەك ئۆزىنى پۈتۈنلەي قوغداپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايتتى.

ئۇ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىلدام مېڭىپ دەرىزە ئالدىغا كەلدى.

دېڭىز ئۈستىنى تۇمان قاپلىغان ئىدى، دەھشەت باسقان نۇرغۇن بۇلۇتلار ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى. **مانا بۇ بىزنىڭ كاتتا دېڭىزىمىزغۇ**، دەپ ئويلىدى تايسا بىردىنلا. دېڭىز ساھىلى ھەم چول، ھەم قالايمىقان ئىدى: قالايمىقان بىرنىمىلەرنى — تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكىنى، دەرەخلەرنىڭ شاخ-شۇمبىلىرىنى، تاختايلارنى دېڭىز سۈيى ئۈرۈپ سايغا چىقىرىۋەتكەن ئىدى. تايسانىڭ كۆزى ياشاڭغىراپ كەتتى. قانداقتۇ بىر نەرسە سايىنىڭ نېرىسىدا مىدىرلاپ تۇراتتى، لېكىن تايسا ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. قەغەزما؟... قاتتىق، پاسكىنا بولۇپ كەتكەن بىر پارچە قەغەز گويا ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولغاندەك بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ

لەپپەڭششكە باشلىدى،...تايسا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى. ئەگەر سايدا بىرەر ئەر كىشى پەيدا بولسا، تايسا قانداق قىلاتتى؟

**ياق. مېنى گۇمران قىلىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس، —دەپ** ئويلايتتى تايسا.

چۇشلۇك غىزا ۋاقتىدا، بوران ئوينىڭ ئوپچورىسىدە گۈكىرەشكە باشلىدى. تايسا ئۆزىگە ھېزى بولغان ھالدا ئاستا ۋە ئۇزاق غىزالاندى. ئۇ ھامماچىسىنى خوشال قىلىشى كېرەك-تە. ئۇ ئۆزىنىڭ قولىغا ھېزى بولاتتى، غىزانى ۋىلكا بىلەن ئاغزىغا سېلىپ، ئاستا يەيتتى.

—تېلېفوننى ئەتە ئۇلىغىلى بولىدۇ، —دىدى كارولىن. ئۇنىڭ ئاھاڭدا خىجالەتچىلىك بار ئىدى، لېكىن بۇنىڭغا تايسا دىققەت قىلمىغاندەك قىلاتتى.

تايسا بالدۇرلا ئۇخلاشقا ياتتى. ئۇ يۇزىگە سالقىنلىتىش مېيى سۇركىدى، ئۇنىڭ پەدەز بۇيۇملىرى مونچىنىڭ بوش تەكچىسىگە تىزىپ قويۇلغان ئىدى. قىزىق، ھازىر ياز بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەرسىلىرى مۇشۇ يەردىكى مونچىدا، ئاشۇ سەل قېيىپ قالغان تەكچىدە تۇراتتى. ئۇ بىر تال ئۇيقۇ دورىسى ئىچتى-دە، كارۋاتقا چىقتى، مۇشۇ بىر تال دورا مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ دەپ ھېس قىلاتتى. ھوجرا ھەم قاراڭغۇ، ھەم يورۇق ئىدى. بوران بىرمۇنچە كولەڭگە چۇشۇرگەندەك قىلاتتى. تايسا دادىسىنى ئويلىمىدى. ئۇ ئاپىسىنىمۇ ئويلىمىدى. ئۇ ئويدىكى ھېلىقى ھوجرىنى ياكى باشقا بىرمۇنچە ھوجرىسىنى ئويلىمىدى، ئۇ ھوجرىلاردا، ھازىرقىدەك مۇشۇنداق تۇپ-تۇز سوزۇلۇپ ياتقان ئىدى. ئۇ ئەتە تېلېفون ئورنىتىلىدىغانلىقىنىمۇ ئويلىمىدى، ئۇ ئەتىنىڭ ئىشى. ئۇ ئۇنى...كىنىگ دوللىنى ئويلىمىدى...

لېكىن بۇ سوزلەر ئۇنىڭ كاللىسىدا بىردىنلا پەيدا بولدى..كىنىگ دوللى...دوللى كىنىگ...ئادەمنى چوچۇتىدىغان قىز بالا، ئۇنىڭ قۇلاقتا ياقمايدىغان كۇلكىسى ۋە سورۇن تىلەتىلىك يۇزى...

ئۇ تايسانىڭ كاللىسىنى قۇرۇق قىلىپ قويىدى. ھەممە نەرسە غايىپ بولۇپ كەتتى.

ئۇ...خىيالىغا كەلتۇرمىدى.

ئۇ...ئويلىمىدى.

تايسا بىردىنلا ئويغاندى. گويا ۋاقىت بەك كەچ بولۇپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ دەرھال ئۇزىنىڭ دىگىز بويىدا ئىكەنلىگىنى، ھاماچىسى بىلەن يالغۇز ئىكەنلىگىنى ئېسىگە ئالدى، قورقمىدى. لېكىن ئۇنىڭ يۇرىگى يەنىلا قاتتىق ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇيغۇ دورىسىنىڭ كۇچى كەتكەن ئىدى. مانا نەس باستى دىگەن، دەپ ئويلايتتى ئۇ ۋە يۇزلىنىشى شەرت بولغان زۇلمەتنى ئويلاپ ھارغىنلىق ھىس قىلاتتى. **جالاپنىڭ بالىسى. ھارامدىن بولغان. سەت.** ئۇ مىدىرلاپمۇ قويماستىن ياتاتتى، بارغانسېرى ئوغىسى قايناپتتى، ئوزىنى ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك ھىس قىلاتتى. ئۇ خىلى بۇرۇنلا ساتاگى دىگەن ئەبلەخ دوختۇرغا بۇ دورىلارنىڭ ئانچە كىرەككە كەلمەيدىغانلىغىنى ئېيتقان ئىدى.

تاڭ ئېتىشقا تېخى يەنە بىرنەچچە سائەت ۋاقىت بار تۇرۇپ پۇتۇنلەي ئويغىنىپ كەتتى... ئۇ ئەمدى بۇ ۋاقىتنى قانداق ئوتكۇزەر؟ ئۇنىڭ كاللىسى ناھايىتى سەگەك ئىدى. ئۇيغۇ دورىسى يىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كاللىسى كوپ ھاللاردا تولىمۇ سەگەك بولۇپ كېتەتتى، تايسا دەل بۇنىڭدىن خاپا ئىدى، مۇشۇنداق ئويغىنىپ كېتىشتىن خاپا بولاتتى، چۇنكى بۇ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئوزى ئەمەس ئىدى. ئۇ

ئۇرنىدىن تۇرۇپ، دەرىزە ئالدىغا يالىڭاياق كەلدى. ئەنە، ئۇنىڭ ساھىلى، ئۇنىڭ دېڭىزى. دېڭىز دولقۇنى كېچىسىمۇ تىنمايتتى، تايسا ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتلاردىمۇ، مەيلى بۇ يەردە، ياكى دېڭىز قىلچە دەخلى يەتكۈزمەيدىغان يىراق ئۆيدە ئۇخلىسۇن، ئوخشاشلا تىنمايتتى. ھالبۇكى دېڭىز ساھىلى دائىم قاقاس بولاتتى، تايسا ئۇنى كورەلمىدى، ئەلۋەتتە، ئۇ ئۇنىڭ كوزى يېتىدىغان يەردە ئەمەس ئىدى... ئەمدىلىكتە ئۇ باتۇرلۇق بىلەن قاراپ تۇرماقتا، ئۇ يەردە قانداقتۇ بىرەر ئادەمنى كورمەكچى بولغاندەك ئىدى، ئىچىدە ھېچنىمىدىن قورقمايتتى.

دېڭىز ساھىلىدە ھېچنىمە يوق ئىدى.

ئۇ ئاستا كېلىپ كارۋاتتا ياتتى. ئۇنىڭ بەدىنى بىر پاراخوت بولۇپ، ئۇ پاراخوتقا ئۇنىڭ ھاياتى، ئۇنىڭ ئېڭىدىكى ئوز بېسىلغان ئىدى، شۇڭا ئۇ ئېھتىيات بىلەن يېتىشى كېرەك ئىدى. تۇپ-تۈز بولۇپ يېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ جىددىيلىشىپ، ئۇخلاشنى كۈتۈپ ياتتى. لېكىن ئۇ، ئېھتىمال، ئۇخلىيالماس. تۈنىنىڭ كېيىنكى نىسپىدىمۇ پۈتۈنلەي ئويغاق پېتى يېتىشقا توغرا كېلەر. تايسا ئوزىنىڭ قورقۇنچ باسقان كوڭلىنى تىندۇرۇش ئۈچۈن ئېھتىياتلىق بىلەن ياتتى، ئۇ پۇت-قولىدا ئىسسىق قانىنىڭ لىپىلداۋاتقانلىقىنى، ئوزىنى بەزلەۋاتقانلىقىنى، پەس ئاۋازدا! ئىسمىنى ئاتاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، **تايسا ھېنت**—بۇ ئىسىم، خۇددى بىر تۇماردەك، ئۇ ئوزى يادىمىغا كەلمىسكەن دەپ يۈرگەن باشقا ئىسىملارنى ئۇنىڭ كاللىسىدىن نېرىراق بىر يەردە توسۇپ قويغان ئىدى... **كىنگ دوللى... بىت٧**...

ئۇ كوزىنى ئاچتى. دېڭىز ساھىلىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازمۇ بۇ؟ بۇ ئاۋاز شامالنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازىدىنمۇ چوڭ بولۇپ، ئوچۇق ئاڭلىنىپ

تۇراتتى، ئادەمنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى... ئۇ تايسانى چاقىرىۋاتامدۇ؟ لېكىن تايسانىڭ ئاڭلىغۇسى كەلمەيتتى.

دوختۇرخانىدا ئۇلار ئۇنى ئوكۇل يېڭنىسى ۋە شىلانكا بىلەن باققان ئىدى. ئۇ كۈنگە ئاشقازىنىنى بىر قېتىم يۇغۇزاتتى، ئىككىنچى كۈنى ئاندىن ئاشقازىنىغا شىلانكا بىلەن يېمەكلىك ــ بىر خىل كوك سۇيۇقلۇق يەتكۈزۈلەتتى. ئوهو، ئوسۇملۇك شىرنىسى ئۇنى يەنە بىر قېتىم بۇ يەرگە، ئۇنىڭ دېڭىزىغا، ئۇنىڭ خۇسۇسى دېڭىزى ۋە خۇسۇسى تۇرمۇشىغا شۇنىڭدەك مۇشۇ هوجرىدىكى ئۇنىڭ ئۇنتۇلماس باللىق چاغلىرى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىگە ئېلىپ كەلدى. تۇۋەندە دولقۇنلار خۇددى سايىدەك، قېتىپ قالغان سايىدەك مىدىرلايتتى. ئۇ دېڭىزنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ دېڭىزنىڭ شاۋقۇنىغا قۇلاق سالمايتتى، چۈنكى ئۇ دېڭىز دولقۇنىنىمۇ بىسىپ چۈشىدىغان باشقا بىر خىل تەرسا ۋە قوۋۇ تاۋۇشنى ئاڭلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، ئۇ تايسانى چاقىرىۋاتاتتى... تايسا، تايسا!

ــ سەن كارولىن بىلەن دېڭىز بويىغا بارغىن! ئۇ يەردە سەن ئارام ئالالايسەن! ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ھەممىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ! سەن هاماچاڭ بىلەن بىللە دېڭىز بويىغا بارغىن ــ سەن دېڭىزنى ياخشى كورىسەن ــ ئېسىڭدىمۇ؟ ــ دەيتتى تايسانىڭ دادىسى بۇرۇنقىدەكلا. ئۇ چاغدا ئاچچىق دورا يەتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن تايسا دادىسىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتقان، دادىسىغا ئامراقلىقىنى، بارلىق كىشلەرنى ياخشى كورىدىغانلىقىنى هىس قىلغان ئىدى، ئاشۇ يېشىل دورا سۇيۇقلۇغى ياكى رەڭسىز، زەھەرلىك ئىسپىرمىغا (ئۇزىنىڭ بەدىنىدە تەسىر كورسىتەلمىگەن بىر خىل سېھىرغا) ئوخشاش، بۇنداق ئامراقلىق ئۇنىڭ قەلبىگە تولغان ئىدى. راست، ئۇ دادىسىغا ئامراق

ئىدى. ئىنچىكە تۇردە ئامراق بولۇپ كەلدى. ئاپىسى بولسا زالىم
ئىدى، باش ئاغرىقى سەۋەپلىك ئۇنىڭ كوزى دەھشەتلىك بولۇپ
كورۇنەتتى، يەنە كېلىپ چىرايلىقلىقتا بۇ قىزنىڭ ئاپىسى ئەمەستەك
ئىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئاپىسى باشقا بىر ئىش ئىدى، تايسادىن
ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاپىسىنى سوراپ ئولتۇرمىغىنىمىز تۇزۇك بولار...
ھەئە، تايسا ئۇنىڭ كىشىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كورەتتى.
دېڭىزنىمۇ ياخشى كورەتتى، بۇنى ئۇلار ئۇنىڭغا سوغا قىلغان، بۇ ھوج-
رىمۇ سوغا ئىدى، دۇنيادىكى ھەر بىر نەرسە ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنت-
لىرىگە قىلغان سوغىسى بولۇپ، ئۇلارنى ساق-خاتىرجەم قىلغان.

سىرتتا، دېڭىز ساھىلىدا تايسا دەپ ئازاپ-ئوقۇبەتلىك ۋە
ھەسرەتلىك ۋاقىرىغان بىر ئاۋاز كېلەتتى...

تايسا ئورنىدىن تۇرۇپ قارىمىدى، چۇنكى ئۇ يەردە ئادەم يوقلۇ-
غىنى ئۇ بىلەتتى. لېكىن ئۇ ئۇخلىيالمايۋاتاتتى؛ ئۇ ئەنە شۇنداق
كوزىنى يۇمماستىن تاڭ ئاتقۇزدى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ
تىتىكلىشىپ قالغان ئىدى، قورقۇنچلۇق ئىشلارمۇ تۇگەپ،
روھى كوتىرىلىپ قالغان ئىدى. ئۇ كارولىنىڭ مونچىدا ئىكەنلىكىنى
ئاڭلىغاندىن كېيىنلا كارۋاتتىن سەكرەپ چۇشتى. ھاياجانلانغانلىقتىن
ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ كەتكەن ئىدى.

ئۇ سوغ سۇدا يۇيۇندى. كىيىملىرىنى كىيدى. ئۇنىڭ ھەركىتى
تېز لېكىن قوپال ئىدى، گويا ئالتە ياشلىق بالىدەك، كىيىنىۋېتىپ
تالاغا — ئاپتاپ سىنىشقا ئالدىرايتتى. لېكىن بۇگۇن ئەتىگەن كۇن
چىقمىغان ئىدى. ياكى دېڭىزنى، ئادەم بەدىنىنى ئېچىشتۇرىدىغان
دېڭىز سۇيىنى كېچىشكە ئالدىرىغاندۇ... لېكىن بۇگۇن سۇ كېچىشكە
بولمايتتى، سۇ بەك سوغاق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، تايسانىڭ

هەركىتى ئاستىلىمىدى. ئۇ ھە دەپ سىرتىمىسىنى تارتىپ، تۈگمىسىنى تۈگمىلەپ، چېچىنى ئالدىراپ-تېنەپ بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويۇپ، ئەينەككە قاراپ قويدى، لېكىن ئۇزىگە تازا سەپ سالالمىدى. ئارقىدىنلا غىزالىنىشقا كىرىشتى. ئۇ ئەتىگەنلىك چاي دەپ ئاتىلىدىغان غىزانى يېيىشى كېرەك-تە. ئاندىن كېيىن سىرتقا چىقىشى، ئۇزاق-راق نېرى-بېرى مېڭىشى كېرەك، ئېھتىمال دېڭىزنى بويلاپ يۈگرەشىمۇ مۇمكىن...

ئۇ پەلەمپەيدىن يالاڭئاياق چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، پەلەمپەينىڭ تۈگەيدىغان يېرىدە پۇتلىشىپ يىقىلىشقا تاس قالدى، لېكىن تايسا تۇتقۇنى ئىتتىك تۇتىۋالدى. بۇ چاغدا كارولىن ئاشخانىدا كوفې قاينىتىۋاتاتتى.

— تايسا، بەك ئالدىراشقۇ سەن! — دېدى كارولىن مۇلايىملىق بىلەن.

— سىرتقا چىقماقچى ئىدىم.

— ساڭا ئەتىگەنلىك چاي راسلاپ بېرەي. تۇخۇم پىشۇرۇپ بېرەيمۇ؟

تايسانىڭ ئاشقازىنى خۇددى بوشىغاندەك بولۇپ، بىرنىمە تەسىر قىلغاندەك تارتىشىپ كەتتى.

— ياق، رەھمەت، — دېدى تايسا تۇزۇت قىلىپ. ئۇنىڭ پۇت بارماقلىرى گۈللۈك خىشتا ئىسسىقتا قورۇلغاندەك بولدى، لېكىن ئۇ يەنىلا ئېھتىمال يەر سوغاق بولسا كېرەك، دەپ گۇمانلىناتتى. — مەن سىزنى ئاۋارە قىلماي، مەن چىقىپ بىرئاز ئايلىنىپ كىرەي دەيمەن.

— سىرتتا سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.

— ھە، مەن مۇشۇنداق ھاۋانى بەك ياخشى كۆرىمەن، مەن

دۇنيانىڭ مۇشۇ قىسمىغا ئامراق، ــ دىدى تايسا خوشال بولۇپ. ئۇ ئولتۇرالمايتتى. ــ بۇ يەردە ھەممە نەرسە غۇۋا ئىكەن، ھىچنىمە ئۇشتۇمتۇت كوزۇڭنى چاقناتمايدۇ. ھەممىسى تەييار قىلىپ قويۇلغان. قانچىلىك يىراق يەرگە بارمىغىن، دېڭىز يەنىلا ئوخشاش. ئادەم يوق، شەھەر يوق. ئويلەرنىڭ ھەممىسى قىشلاش ئۇچۇن ئېتىۋېتىلـ گەن. بۇ يەردە بىزدىن باشقا ئادەم يوق. بىراۋ تېلىفون ئورنىتىشقا كېلەمدۇ؟ مەن سىرتقا چىقىپ مېڭىشنى خالايمەن، يۇگرۇشنى خالايـ مەن... نەچچە مىل يۇگرەلەيمەن... بۇگۇن ئەتىگەنلا نەچچە مىل يەرگىچە يۇگرەۋېتىدىغاندەك ھىس قىلىۋاتىمەن ئوزەمنى...

ــ تۇنۇگۇن چوقۇم ناھايىتى ياخشى ئۇخلىغان بولساڭ كېرەك!

ــ ھەئە.

ــ قەدىرلىگىم، ئازراق ھارغىن كورۇنىسەن.

ھەئە، ئۇ بىردىنلا ئوزىنى ھارغاندەك ھىس قىلدى. لېكىن ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ كوزىتىش كوچىدىن بىزار بولاتتى، ئۇ قارىماققا پەرۋاسىزدەك يۇرگەن بىلەن ئوزىنى تازا چۇشىنىپ يەتكەن ئىدى. ئۇ داۋاملىق تۇردە ئاشخانىدا ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ يۇرەتتى، گەرچە مىنۇت، سېكۇنتلاپ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقان، پۇتىنىڭمۇ مۇزلاۋاتقانلىغىنى سەزگەن بولسىمۇ.

ــ ياق. مەن چىقاي. چىقىشىم زورۇر، ــ دىدى ئۇ. ئۇنىڭغا ھەتتا ئوزىنىڭ قېنىمۇ ئوزىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ــ تايسا، ئولتۇرغىن. مەن ساڭا ئازراق سۇلۇ يامىسى قىلىپ بېرەي.

خۇددى بىر قول ئۇنىڭ مۇرىسىدىن باسقاندەك ئۇ ئولتۇرۇپ قالدى. كارولىن ئۇنىڭغا سۇلۇ يامىسى قىلىپ بېرىشكە تۇتۇندى. ئاشـ خانىنىڭ ئىچىنى سۇلۇ يامىسىنىڭ ھىدى بىر ئالدي. تايساغا كالللسي

ئارقىغا قاراپ مولىلاق ئاتىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ كوزىنىمۇ غۇۋالىشىدىغاندەك بولدى. ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تايىسا خاراپ بولمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن تايىسا كوزىنى ئۇۋۇلىدى، ئاشخانىنىڭ سىرتىدا بىر ئادەمنىڭ كولەڭگۈسىنىڭ ئوتۇپ كەتكەنلىكىنى كوردى... ئۇ يەنە بىر قارىۋىدى، ئادەمنىڭ كولەڭگۈسىمۇ كورۇنمەي قالدى.

ئۇ ھاماچىسىغا **بىت V مىنى ئىزدەپ كەپتۇ، تالادا تۇرىدۇ،** دەپ ۋاقىرىشى كېرەكمۇ، قانداق!

لېكىن ئۇنىڭ قورقۇنچى تېخى بېسىلمىدى. ئەگەر بىت V سويگۇ-مۇھەببىتىنى ئېلىپ مەشەگە ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن بولسا، ئۇنى قانداقمۇ رەت قىلالىسۇن؟ ئۇنداقتا ئۇ چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن كورۇشكەن بولاتتى. ئۇلار دېڭىز ساھىلىنى بويلاپ يۈگۈرگەن بولاتتى؛ ئۇ قانداقمۇ رەت قىلالايتتى؟ ئۇ گۇمانسىراپ دەرىزىگە قاراپ تۇردى، لېكىن ئادەمنىڭ كولەڭگۈسىنى كورمىدى. ئۇنىڭ بېشى ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۈزىمۇ، ھەتتا ئۇنىڭ چېچىنىڭ تۈۋىمۇ ئاغرىغاندەك بولدى. ھالبۇكى سىرتتا ئادەم يوق ئىدى. ئەگەر بىت V ئۇنى ئىزدەپ كەلسە، ئۇ خۇددى بىت V ئېيتىپ بەرگىنىدەك ساقچىنى چاقىرغان بولاتتى. ساقچىنى چاقىرىش ناھايىتى ئاسان ئىش ئىدى. ئۇنداق قىلىش ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپ، ئۇ ئۇلارنى چاقىرىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ سۈت بىلەن شېكەرنى سۇلۇ يامىسىغا قۇيۇۋىدى، سۇلۇ يامىسىنىڭ تاتلىق تەمى، بوۋاقلارنىڭكىدەك پۇرىقى ئۇنى ئوزىگە جەلپ قىلىۋالدى. كارولىن ئۇنىڭغا كوفېي قۇيۇپ بەردى. كارولىنىنىڭ چىرايى كۈننىڭ نۇرىدا ناھايىتى يېقىملىق كورۇنەتتى، بىراق ئۇنىڭ يۈزىنى

قورۇقلار بۇزۇۋەتكەن ئىدى. بۇ پەيدىن ـ پەي قىرىۋاتقان يۈز ئىدى. بىر ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئاشۇ يۈزىگە ئامراق ئىدى، ئۇ ئوزىنىڭ يۈزىنى ئۆزىگىلا يىگىرمە يىل ياققان ئىدى، لېكىن ئۇ ھازىر ئولۇپ كەتكەن، ئولگەن ئىدى. ئەمدى قانداق؟ تاشلىۋېتىلگەن بىر ئايال مانا ئەمدى ئوزىنىڭ قىز جىيەنىگە ئېھتىيات بىلەن كوفېي قۇيۇپ بېرىۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ خۇشپىچىم بەدىنى قوي يۇڭىدا توقۇلغان قىممەت باھالىق بىر مونچا كىيىمى بىلەن ئورالغان ئىدى...

بىردىنلا، ئادەم كولەڭگۈسى يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ كولەڭگە ئاشخانا ئىشىگىدە قارىيىپ كەتتى. تايسا ئۈستەل يېنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ چىقىراپ كەتتى.

— تايسا، نىمە بولدى؟ — دىدى ئۆزىنىڭ ھاماچىسى.

بىراۋ ئىشىكنى قاقتى. بۇ — تېلېفون سىمىنى ئۈلغۈچى ئىكەن.

كارولىن ئىشىك تەرەپكە ئىتتىك ماڭدى. تايسا تىترەپ تۇراتتى، ئۇ سەنتۇرۇلگەن ھالىدا مەشكە قاراپ ئېتىلدى، ئۆزىنىڭ يوتىسى ئاغرىپ لاغىلداپ تۇراتتى. ئۇ كوزىنى يۇمغان پېتى كارولىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇ ھىچنىمىنى ئويلىمايتتى. ئۇ **ئاغرىقتىن يېشىل رەڭنى** ئېسىگە ئالدى. **يېشىل رەڭدىن ئوتلاقنى** ئەسلىدى. **ئوتلاقتىن ئويىنى** ئويلىدى. **ئوي ـ دە، ئوي، ئېخ، ئوي**، ئۇ خاپا بولۇپ بېشىنى ئېغىتىپ، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىدى. ئوي! يەنە بارمىسام نىمە بولۇپ كېتەر، كېيىن نىمە بولۇپ كېتەر؟ ئالدىنقى ئىشىك. ئالدىدىكى پەلەمپەي. گېزىت. ئېچىلغان گېزىت: بىرىنچى بېتى. لېكىن بىرىنچى بەت ئاق تۇراتتى. چۈنكى ئۇ ھىچقانداق گېزىتنى، ھەرقانداق يەرلىك گېزىتنى كورمەسلىكى كېرەك ئىدى.

...نەدىن كەلگەنلىگى نامەلۇم بىر شالىغۇن. ئالاھەزەل ئۇن ئالتە ياشتا، كىنىگ دوللى دىگەن ئىسمىلا مەلۇم... ئۇيى يوق... مۇقىم تۇرالغۇ يېرى يوق... مەشھۇر زەھەرلىك چېكىملىك چەك-كۈچى... تۇتۇلغاندىن كېيىن "قارا جەمىيەت" شەكلىدە ئولتۇرۇل-گەن...يەرگە يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئاتقاندا، ئوق مىڭىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن...

كارولىن قايتىپ كەلدى.

— ئەپسۇسكى، ئۇ سىنى چوچۇتىۋەتتى-دە، — دىدى ئۇ.

تايسا ئولتۇرۇپ، ئىنتائەتمەنلىك بىلەن سۇلۇ يامىسىنى ئىچىپ بولدى. ئۇ يەنە ئازراق سۈت قۇيدى، سۈتنىڭ ئۈستىگە ئۇششاق سۇلۇلار لەيلەپ چىقتى. ئۇ ھەر قېتىم بىر يۇتقىنىدا، ئۇنىڭ ئوز بەدىنىدە ئۇيۇپ قېتىشىۋاتقانلىغىنى، ئاشقازىنىدا ھەم قاتتىق، ھەم ئېغىر، ھەم ئىسسىق بولۇپ كېتىۋاتقانلىغىنى ھىس قىلدى. ئېھتىمال ئۇ يەردە تاشقا ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندۇ. ئېھتىمال ئۇنىڭ ئوزىمۇ قېتىپ قالار. بىر ھىكايە بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ئايالنىڭ ئوزىنىڭ كوز قارچۇغىغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتقانلىغى، نەتىجىدە كوزىنىڭ قارچۇغى قېتىپ، تاشقا ئايلىنىپ كەتكەنلىگى ھىكايە قىلىنىدۇ، بىراق بۇ بىر قورقۇنچلۇق ھىكايىدۇر، بەلكىم. قانداق بىر ھارىمى بۇنداق بىر يالغاننى توقۇپ چىققاندۇ؟ قورقىتىش ئۈچۈن بۇنداق بىر يالغاننى توقۇپ چىققۇچىلارنى ئويلاپ تايسانىڭ كۈلگۈسى كەلدى.

— داداڭدىن تېلىفون كەلسە، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سوزلىشىشىم كېرەكمۇ؟

— ياق، مەن ئوزەم توغرىلىيالايمەن. رەھمەت.

— مەنغۇ خالايتتىم...

ئۇلار بىر دەم جىم ئولتۇرۇشتى. تايسا بۇ ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئاپىسى ئەمەسلىگىنى ئويلىدى، راست ئۇنداق بولماسلىغى كېرەك — نېمىشقا ئاپام بولماي باشقا بىرسى بولىدۇ، نېمىشقا كارولىن بولمايدۇ؟ نېمىشقا ئىش شۇنچە ھاپىلا - شاپىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تازا يولسىزلىق بىلەن مەڭگۈ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان قىلىپ قارار قىلىنىۋېتىلدى؟

— ئويلاپ بېقىڭە، — دېدى تايسا ئاۋازىنى سوزۇپ، — ئادەملەرنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان بەزى ئىشلارمۇ بولامدۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئادەمنىڭ ھاياتىدا شۇنداق ئىشلاردىن ھامان بىرنەچچىسى بولىدىغاندۇ؟...بىر قېتىم مەن بىر كىتاپتا مەلۇم بىر رەسىمنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇنىڭ قانداق رەسىم ئىكەنلىگىنى دەپ ئولتۇرماقچى ئەمەسمەن، مەن شۇنىلا دېمەكچىمەنكى، ئۇ، داشۆبىنىڭ ساقلىقنى ساقلاشقا دائىر بىر كىتاۋىدا، مەن ياتقان ئۆيدىكى بىر كىتاپتا...ئۇ بىر... سىزىلغىنى بىر......بىر ئايالنىڭ...، نېمە ئۇچۇنكى... ئايالنىڭ...مەن ئۇنتالمايمەن، پەقەت ئۆلگەن ۋاقتىمدىلا ئۇنتۇشۇم مۇمكىن...ئاشۇ رەسىمنى، ئاشۇ سۈرەتنى، بىلمىدىم، قانداق تارتىۋالغانكىن...كۆزۈمنى ئالماي قاراپ كېتەتتىم...ياتاقدىشىم بولمىسىلا ئۇنىڭغا قارايتتىم...سەپسېلىپ قارايتتىم...كۆز ئۈزمەي قاراپ كېتەتتىم...

— تايسا، ئۆزەڭنى ئۇرقۇتمىغىن.

— شۇنداقلا، شۇنداقلا...شۇنداقلا بۇ ئوغۇل بالىنى مەن تونۇيمەن، بۇ بىت ۷...

— مېنىڭچە بۇ ئىشلار توغرىلىق گەپ قىلمايلى، — دېدى كارولىن. كارولىن پاك، تەمكىن ئىدى، ئۇنىڭ يۈزى مۇلايىم كۆرۈنەتتىيۇ،

قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى؛ ئۇ تايسانىڭ ئالدىدىلا ئىشكنى ئاستاغىنا يېپىپ قويدى.

— بىلمەن. توغرا ئېيتتىڭىز. ئەمدى بۇ ئىش توغرىلىق گەپ قىلماي، — دېدى تايسا ۋە ئېڭىشىپ قولىغا قارىدى. — لېكىن مەن دادامنىڭ مەن ئۇنتالمايدىغان ئىشلار توغرىلىق گەپ قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇ ھېچنېمە دېمىگەن تەقدىردىمۇ مەن ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلىشۋاتقانلىغىنى ئاڭلايمەن، ئاۋازىنى ئاڭلايمەن، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىغىنى بىلىمەن...مەن ئۆزەمنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغان ئىشلارنى ئېچىمگە لىق قاچىلىۋالغاندەك ھېس قىلىمەن. بىرقانچە يىللارغىچە مەن زادىلا ھېچقانداق ئىشنى يادىمغا ئالالمىدىم، بۇنىڭلىق بىلەن مەن ئازاپلانغىنىم يوق، لېكىن ئەمدىلىكتە خۇددى قارماق يۇتۇۋېلىۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن، بېلىق قارمىغى... ھەر بىر ئىش مېنىڭ كۆڭلۈمدە پاراكەندە تۇغدۇرىدۇ... ئالاھەزەل بۇنىڭدىن بىر يىل ئاۋال ئاپامنىڭ بىر قېتىم يىغلىغانلىغى يادىمغا چۈشتى. ئۇ بەكمۇ خاپا بولغان ئىدى. ئۇ خاپا بولدى ۋە ئەسەبىلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ يۈز-كۆزى ياشقا تولغان بولۇپ، قارىماققا ھەقىقەتەن سەت كۆرۈنەتتى...ئۇ توختىماستىن: **مەن ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيمەن!** ھېچكىمنى! دەيتتى. بىرەيلەن، بىر قىز دوستۇم ماڭا ئاپامنىڭ مەلۇم بىر ئەر كىشىنى تاشلىۋەتكەنلىگىنى دەپ بەرگەن ئىدى. بۇ ئىشنى ھەممەيلەن بىلىدىكەن، ئاپام بىلەن ھېلىقى ئەر كىشى توغرىسىدا پەقەت مەن بىر كىشىلا...لېكىن ئاپام ھېلىقى ئەر كىشىنى تاشلىۋېتىپتۇ، ئاپام ھېلىقى ئەر كىشىنى ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا: يوقال كۆزۈمدىن! دەپتۇ...چۈنكى ئاپام ئۇ ئادەمنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، ئۇنىڭغا يېقىن يولاشنى خالىمايدىكەن، ئۇنى ياكى

ھەرقانداق بىر ئادەمنى ياخشى كورمەيدىكەن، بەك چاتاق بوپتۇ... ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ چۇمپۇتۇپ قاپتىمەن...ئاشۇ چىرايلىق خوتۇن، پەرىزات دىگۇدەك ئاشۇ گۇزەل ماڭا قاراپ ۋاقىرايتتى، چۇنكى ئۇ ھىچقانداق كىشىنى ياخشى كورەلمەيدىكەن...مەن ئۇنى چۇشىنەلمىدىم. مەن ئۇ ئىشنى مەڭگۇ ئىسىمدىن چىقىرالمايمەن.

كارولىن بىرئاز خىجالەت بولغاندەك بولدى.

—مىنىڭ ئاپام غەلىتە مىجەزلىك بىر ئايال ئىدى.

—بىراق ئۇ دائىم راست گەپ قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىم، —دىدى تايسا ئالدىرىماستىن سوزۇپقىنا، —مەن ئۇنتۇمايدىغان باشقا نەرسىلەرمۇ بار... مەلۇم شەكىللەر، دائىم ئوزگىرىپ تۇرىدىغان گومبىتىرىك شەكىللەر. رەڭلەرمۇ بار. ئۇلار ساڭا ئوتقاشتەك ئىنىق تەسىر بىرىدۇ، ئۇ قەلبىڭگە چوڭقۇر ئورنىشىپ كىتىدۇ....خۇددى ئاشۇ بىر ئايالنىڭ تىنىدە ئوسۇپ كەتكەن ھىلىقى....مەن ئۇنىڭ قانداق ھىس قىلىشقا باشلىغانلىغىنى، ئۇنىڭ قانداق شەكىلدە ئىكەنلىگىنى چۇشەنمەيمەن...ئۇ چوقۇم ئوزىنىڭ ئەزاسىدا ئوسكەن غەلىتە بوۋاقتا ئوخشاش، ئاشۇ دولقۇنسىمان...ئاپامنىڭكىدەك چىقىراشلار، ئۇ نەرسە مىنىڭ قەلبىمدە، يەنە بىت V مۇ بار، ئۇ ماڭا قىلغان ئاشۇ...

تىلىفون جىرىڭلىدى.

—تىلىفوننى مەن بىرىپ ئالسام مەيلىمۇ؟—دىدى كارولىن.

—رەھمەت سىزگە، ئوزەم باراي،—دىدى تايسا. ئۇ تىلىفون تۇرۇپكىسىنى ئىلىپلا، ئوز ۋاقتىدا ئالاقىلىششقا ماقۇل بولغىنىدەك، بۇنىڭ بىت V ئىكەنلىگىنى دەرھال بىلدى. لىكىن گەپ قىلىۋىدى، باشقا بىر خىل، تىخىمۇ تووەنرەك ئاۋاز—ئوزىنىڭ دادىسىنىڭ ئاۋازى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ چىقتى.

— ئەلو، تايساموۇ؟ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟

— ناھايىتى ياخشى. بەك ئوچۇق ئاڭلىنىۋاتىدۇ.

— مەن كېنىبدى ئايرودورومىدا. ھەر ئون مىنۇتتا ساڭا بىر تېلېفون بەردىم، قوزام، لېكىن بىردىنلا تېلېفون ئۈلىنىپ قالدى — سىلەر تەرەپتە قانداق؟ بۇ يەر بەكمۇ تۇمان.

— بۇ يەردە ھاۋا يامان ئەمەس.

— ئامانمۇ سەن؟ قوزام، ئاۋازىڭدىن خېلى ئوبدانىدەك تۇرىسەن.

— ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، ناھايىتى ياخشى.

— كارولىنچۇ؟

— ئۇمۇ ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ.

— ئەتىگەنلىك چېيىڭنى ئىچتىڭمۇ؟

— ئىچتىم، ھازىر ئىچتۇق. تالاغا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەيلى دەپ تۇرۇۋىدۇق.

— ئۆيىقۇڭ ياخشىمۇ؟ ھەممە جەھەتتىن ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟

— ھەئە، ناھايىتى ياخشى.

— چوقۇم ياخشى دەم ئالغىن. مەن ئايرۇپىلان بىلەن مونترېئالغا، ئاندىن كېيىن چىكاگوغا بارماقچىمەن. بۇ بەكمۇ پەيزى بىر ھەپتە بولدى، — ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ تۇراتتى، لېكىن ناھايىتى خوشال ئىدى. تايسا تۇرۇپكىغا قاراپ كۈلدى. — قوزام، ئىسسىقراق كىيىنىۋال! زۇكامداپ قالمىغىن. كوپىرەك ئۇخلا. ھاماچاڭچۇ، قالتىس ئىشلەۋاتقاندۇ! بۇ قەدىناس يەر قانداقراق تۇرۇپتۇ؟ مەن سىلەر بىلەن بىللە بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم...

— ھەممە ئىش كوڭۇلدىكىدەك بولسۇن.

— سەن ھەممە ئىشنى راست كوڭۇلدىكىدەك ئوڭۇشلۇق بولدى، دەپ ھىس قىلىۋاتامسەن؟

— ھەئە.

ئاربلىقنى جىمجىتلىق باستى. تايسا ئۇنى ئاۋاز چىقارماستىنلا: **قارا سەن جالاپنى — نىمىشقا سېنىڭ ئاپاڭ چوقۇم سېنىڭ بىلەن سوزلىشىدۇ، نىمىشقا؟ نىمىشقا ھەممەيلەن سېنىڭ بىلەن سوزلىشىدۇ؟** دەپ ۋاقىراۋاتقاندەك ھىس قىلدى.

— دېڭىز قانداق؟ ئاپپىغىم، دېڭىز ساھىلى قانداقراق — تازىلاش زورۇرغۇ دەيمەن - ھە؟

— ھەئە، ئازراق تازىلاش زورۇركەن. بىر چىقىپ ئايلىنىپ كىرەيلى دەپ تۇراتتۇق.

— مەن سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم...بۇ ھەپتىزە ئەجەپ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئوتتى...مەن ھازىرلا ئايروپىلان بىلەن مونترەيلغا ماڭماقچىمەن، ئاندىن كېيىن چىكاگوغا بارىمەن، ئېھتىمال ئۇ يەردىن يەنە لوس ئانگېلېسقا بېرىپ قېلىشىم مۇمكىن، ئەگەر ھەممە ئىش كوڭۇلدىكىدەك بولسا...بۇ يەر خېلىلا تۇمانلىق بولۇۋاتىدۇ، سىلەر تۇرغان يەردىمۇ ھاۋا ناھايىتى ئوسالدۇ بەلكىم، شۇنداقمۇ؟

— كۈن ئېچىلىۋاتىدۇ. كۈن چىقىۋاتىدۇ.

— نىمە؟

— كۈن چىقىۋاتىدۇ.

— توغرا، ياخشى، چوقۇم ئىسسىقراق كىيىنىپ يۇر — ئوزەڭنى ئاسرا — مەن ھامماڭ بىلەن ئازراق گەپلەشسەم بولامدۇ؟

— خوش، دادا.

ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى كارولىنىغا بەردى.
تېلېفوندا قىلىدىغان گەپلەر تۈگىدى. ھازىردىن باشلاپ بۈگۈن تەھدىت بولمىغان، سىلىق ۋە يېنىك بىر كۈن بولغۇسى. ئۇ كۆلۈۋە-سىرەيتتى. ھەقىقەتەن ھاۋا سۈزۈلۈشكە باشلىدى، كۈن چىقتى. ئۇ يالاڭئاياق چىقىپ ئايلىنىپ كىرمەكچى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، دەھلىزگە قاراپ ماڭدى، بۇ چاغدا ياغاچ كۆكۈندىلىرىغا دەسسىگىنىنى سەزدى. ياخشى، خۇددى يازدىكىدەك. خۇددى بالىلىق دەۋرىدىكىدەك. كارولىن ئۇنىڭ كەينىدە ئاستا گەپ قىلىپ كەلمەكتە، لېكىن تايىسا خۇددى ھىلىلا ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ئادەمدەك ئىدى، ئۇنىڭ دىققىتى دەرھال دېڭىزنىڭ ئەڭ يىراق يەرلىرىگە قاراپ ئۇچتى — ئۇ بوران بىلەن تولغان كۆپ-كۆك ئاسمان ۋە خۇددى مۇشتتەك تۈگۈر-تۈگۈر بۇلۇت بىلەن تولغان ئاسمان ئىدى. ھەئە، دېڭىز ساھىلى ناھايىتى پاكىز بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھەممە يەر خۇددى قەھرى-غەزەپكە كەلگەندە نەرسىلەرنى پىقىرىتىپ چۆرۈۋەتكەندەك پارچە-پۇرات بىرنىمىلەر بىلەن تولغان ئىدى.
ئۇ چىغىر يول بىلەن دېڭىز ساھىلىغا قاراپ ماڭماقتا. ئۇنىڭ ئەتراپىدا چوچۇگەن قۇشلار ۋىچىر-ۋىچىر، چىرت-چىرت قىلىشاتتى. بۇ يەردە ئۇ ئالقىشقا ئېرىشمىگەن ئىدى. قۇم-شېغىل ۋە ياۋا ئوت-چۆپلەرنىڭ سېزىمى يوقلۇغىنى، تەبىئەت قىياپىتىنىڭ مەڭگۈ ساددا ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى، قېرىمايدىغانلىقىنى ئەسلەپ، ئۇ ئىختىيارسىز مېيىغىدا كۈلدى. ئۇ بۇرۇن ھەر يىلى مۇشۇ چىغىر يولدا يالىڭئاياق ماڭاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۇ چاغدىكى قىياپىتى ئەمدى قالمىغان ئىدى. ئۇ ھازىر ئىككىنچى بىر خىل قىياپەتتە يول ماڭماقتا، بۇ قىياپەت ئۇنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىنىڭ بىر ئالامىتى ئىدى.

بۇنداق قىياپەتنىڭ ھاياتىنى تۈگىتىدىغان، ئاخىرلاشتۇرىدىغان قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق ئالغا بېسىش كېرەك، ئۇ ئەمدى ئىككىنچى بۇرۇنقى قىياپەتكە قايتىپ كېلەلمەيتتى، بۇنىڭغا ھېچكىم يار ـ يولەكتە بولالمايتتى. ئاپرېل ئېيىنىڭ سوغاق بىر ئەتىگىنى ئۇنىڭ يەككە ـ يېگانە ئورە تۇرغان قىياپىتى ئۇنى تېخىمۇ جۇدەڭگۈ ۋە ئەنسىز كورسىتەتتى.

توپتىن ئايرىلغان مۇشۇك ئۇنىڭغا قاراپ كەلمەكتە. ئۇ بىرنىمە سورىغاندەك مىياڭلايتتىيۇ يەنىلا ھۇشيار بولۇپ تۇراتتى ــ ئۇ ئاچلىقتىن مىياڭلىماقتا ئىدى ــ ئۇنىڭ ئورۇقلاپ كەتكەن بېشىدا، روشەن ۋە چوڭ كوزىدە ۋە تومپىيىپ چىقىپ قالغان قوۋۇرغىلىرىدا بىر خىل سەت، يامان ۋە قورقۇنچلۇق نەرسە بار ئىدى.

ــ پىش ـ پىش ـ پىش ـ پىش، بىكە ـ بىكە، پىش ـ پىش ـ پىش ـ پىش! ــ تايسا مۇشۇكنى قىچقىرىپ قولىنى سوزدى. ــ پىش ـ پىش ـ پىش ـ پىش، دوست بولايلى كەل بۇ يەرگە!...

شۇنىسى قىزىقكى، تايسا قاراپ تۇرۇپ ئۇ مۇشۇكتىن قورقۇشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ يەنىلا مۇشۇكنىڭ يېقىن كېلىشىنى ئۈمىت قىلاتتى، ئۇنىڭ پاسكىنا بولۇپ كەتكەن ساغۇچ تۈكىنى سىلىماقچى بولاتتى.

ــ ۋاي مۇشۇكۋاي، قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ نىمە يېگۈڭ بار؟

مۇشۇك ئۇنىڭ دوستانە سوزۇلغان قولىغا ئىشەنمەي ئارقىغا داجىدى.

ــ مەن سېنى باقىمەن. ساڭا يەيدىغان نەرسە بېرىمەن، بىز دوست بولۇپ قالىمىز، ــ دېدى تايسا. لېكىن مۇشۇك بۇرۇلۇپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىن ئۆتۈپ قېچىپ كەتتى. تايسا قەدىمىنى توختىتىپ، ئىچىدە بۇ مۇشۇكنىڭ قورسىقىنى بېقىشنى چوقۇم ئىسىمدە تۇتاي، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئاللىقاچان ئېسىدىن كوتىرىلىپ كەتكەن ئىشنى يەنە

ئۇنتۇپ كېتىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئۇيەدىن چىققاندا پۇتىغا كەش كىيمىگەنلىكىمۇ بىر يېڭىلىشىش ئىدى، ئەمدىلىكتە ئۇ تىترىمەكتە. دېڭىز شامىلى قەھرى-غەزەپ بىلەن قامچىلىماقتا. ئۇ بارغانسېرى چىڭراق تۇگۇلۇپ، قۇياش نۇرىدا كوزىنى قىسىپ، دېڭىز ساھىلىنى كۆزەتمەكتە. مۇشۇنداق قۇياش نۇرى، ئېھتىمال، ئۇنىڭ ئۇچۇن زىيانلىق بولسا كېرەك. كوزنى چاقنىتىدىغان نۇر خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. خىيالىي مەنزىرە؟ موجىزە؟ ئۇ ئوك-سولغا پىقىرايتتى، ھارغانلىقتىن پۇتىنى كوتىرەلمەيتتى، ئەلاجسىزلىقتىن بېلىنى تولغاپ، ئاپپاق يورۇق دېڭىز ساھىلىنىڭ ھەممە يېرىگە كوز يۇگۇرتەتتى، بىرەر كولەڭگىنى تېپىش كويىدا بولاتتى.

لېكىن ئادەمزات يوق ئىدى.

بىت V ئەگەر تايسا رۇخسەت قىلغىنىدەك، بۇ يەرگە ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولسا، ئەمسە نىمىشقا كەلمەيدۇ؟ بالىنىتىسدا ئۇچ ھەپتە، ئۇيەدە ئىككى ھەپتە كارۋاتتا ياتتى، ئۇخلايتتى، ئويغاق ياتاتتى، تايسا ھېنتىنىڭ بەدىنىدە ياشايتتى، بىراق قۇتۇلۇپ چىقالمايتتى. بۇرۇن كۇچەپ قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ بەدىنىگە—ھاماچىسىنىڭ ھەتتا ئاپىسىنىڭ بەدىنىگە، شەھۋانى تەلۋى كۇچلۇكلۇكتە ئۇزىنىڭكىگە ئوخشاش پارتلاش نۇقتىسىغا يەتمىگەن ھەرقانداق بىر ئايالنىڭ بەدىنىگە كىرىۋالماقچىمۇ بولغان.

لېكىن ھازىرقى مەزگىل ئۇنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقان مەزگىلى ئەمەس-تە، ئۇ بۇ باسقۇچتىن ئاللىقاچان ئوتۇپ كەتكەن.

تايسانىڭ ھاماچىسى كەلدى.

— تايسا، ئەجەپ ياڭاياق چىقىپسەنغۇ؟ — ئۇ ھەقىقەتەن ھەيران بولۇپ قالدى. — ئاپپىغىم، سوغاق ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىڭ؟ قايتىپ

بېرىپ كەش كىيىپ كەلسەڭ بولامدۇ؟

— ئەپۇ قىلغايسىز، بۇنى ئويلاپ باقماپتىمەن، — دېدى تايسا ئىزا تارتىپ، — مەن پەسلىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىمەن دەپ ئاشۇرۇ-ۋەتكەن ئوخشايمەن.

ئۇ دەرھال ئويگە قايتتى. بىراۋنىڭ نىمە قىلىش كېرەكلىگىنى ئۇگەتكىنى ياخشى بولدى. قايتىپ بېرىپ كەشنى كىيىپ كېلىش كېرەك. تايسا ئىنىنىڭ ئوزىنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ كەلدى، بۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇتلا، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن بىر كولەڭگە ئۇنىڭ ئالدىدىنلا ئوتۇپ كەتكەندەك بولدى — ئۇ بۇرۇلۇپ، كۇن نۇرى چۇشۇپ تۇرغان بىر ئاق تامغا، قۇپ-قۇرۇق بىر تامغا يۇزلىنىپ تۇردى. ھېچنىمە يوق ئىدى.

— بۇ يەردە ئادەم بارمۇ؟ — ئۇ تىترىگەن ئاۋازدا توۋلىدى.

ئۇ زالدىن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ ھاماچىسىنىڭ ھوجرىسىغا بىر كوز تاشلىدى. ئەلۋەتتە، كارۋاتتا ئورۇن-كورپە سېلىغلىق ئىدى. دەرىزە قىيا ئېچىغلىق بولۇپ، ناھايىتى رەتلىك-پاكىزدەك كورۇنەتتى. پاكىز ۋە چىرايلىق بىر ھوجرا، بىر خىل رەتلىك تۇرمۇش. تايسا ئەي-نەكتىن ئوزىنىڭ جۇدەڭگۇ يۇزىنى كورۇپ، ئوزىگە قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ قويدى.

— ياق، بۇ ئويدە ئادەم يوق، — دېدى ئۇ ئۇنلۇك ئاۋازدا.

ئۇ ئاستا مېڭىپ ئوزىنىڭ ھوجرىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ نىمىشقا بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟... بىرنىمە ئالغىلى كەلگەنمۇ؟ ھاماچىسى دېڭىز ساھىلىدا مېڭىپ يۇرۇپ قۇياش نۇرىدىن ھوزۇرلانماقتا. تايسا بولسا ئوغرىلىقچە ئۇنىڭغا قارايتتى. قۇياش موللاق ئېتىپ ئوتۇپ كەتكەن يەرلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا، پۇتكۇل ئاسمان بوشلۇغى غايەت

زور بىر مۈشتىقا ئوخشايتتى. دەرۋەقە، ئاسمان بوشلۇغى سەت، قورقۇنچلۇق ۋە دىمىقتا ئىدى. رەڭگى ئاياللارنىڭ يوتىسىغا چۈشكەن كوكتەك كوپ-كوك، يېشىلسىمان كوك، سېسىق جۈيزىنىڭ پوستىدەك ساغۇچ ئىدى.

تايسا دېڭىز ساھىلىدىكى ئادەمنىڭ كولەڭگۈسىگە قاراپ، ئۇ ھامماچىسى ئەمەس، بىر ئەر كىشى — قىران بىر ئەر كىشى — ئىكەنلىگىنى، ئۇنىڭ دېڭىز ساھىلىدا خۇددى ئوزىنىڭ ساھىلىدا بىخارامان يۈرگەندەك يۈرۈۋاتقانلىغىنى ئېنىق كوردى.

بىتV ھەققىدە تايسانىڭ تۇنجى خىيالى بىتVنىڭ پىيادىلەر يولىدا مېڭىپ يۈرگەنلىگى ئىدى. ئۇ تازا ياز پەسلى بولۇپ، بىتV بېشىدا بىغىررەڭ چاچ ئوستۇرگەن، چوققىسىغا ئۇششاق توك چىققان، دوغىلاق يۈزىدىن ھەم قەتئىلىك، ھەم ئەقىللىقلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ سۇس يېشىل كوينەك كىيگەن بولۇپ، ياقىسى ئوچۇق تۇرغاچقا مەيدىسىدىكى توك كورۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاق شىمى دائىم پاكىز بولاتتى. **مېنىڭ ئىسمىم بىتV** دەپ تونۇشتۇرغان چاغدا، بۇ تايساغا يارىغان، تەقدىرىنى ھەل قىلغان ئىدى. بىتV كېلىپ كۈن نۇرىنى توسۇۋالدى. تايسا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى، ئۇنىڭ قوسىغىنىڭ يېنىدىكى يۇمشاق مايغا دىققەت قىلدى، ئۇنىڭ كۈلكىلىك، تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان ياسىنىشىغا دىققەت قىلدى، لېكىن تايسا ئۇنىڭ كۈن نۇرىنى توسقان ھالدا ئوزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىغىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ كۈلكىسى توختىدى، ئۇ ئوزىنى ئۇنتۇدى. بىت پىيادىلەر يولىدا، دالىدا قىيغىتىپ يۈرمەكتە. بىت ئاستاغىنا ئۇنىڭ يانچۇغىغا بىر نىمىلەرنى سېلىپ قويىدى، بۇ ئۇنىڭ سوغىسى ئىدى. بىت تايسانىڭ بوينىنى تىلى بىلەن يالايتتى-يالايتتى،

ئۆز ئۆزىگە دەيتتى: **مەن مەشھۇر بىر ئادەم بولىمەن. مېنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتكىن جۇمۇ.** تايسا دەرىزىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۆزىنى بىت قۇچاقلاۋاتقاندەك، تىلى بىلەن نوقۇۋاتقاندەك، بىت نەپەس ئالسا، ئۆزىنىڭ تېرىسى قاتتىق گادا-گادا بولۇپ چىقىۋاتقاندەك ھىس قىلاتتى...

ئۇ چوقۇم يېتىشى كېرەك. ئۇ تىترىمەكتە. ئەڭ ياخشىسى يېتىش، جىمغىنا يېتىش.

ئۇ چوقۇم ئۇخلاپ قالدى. خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغاچقا، كارولىن ئۇنى يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ئويغاتتى. تايسا سۇنايلىنىپ ياتاتتى، ئۇنىڭ ئۇمۇرتقىلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس ئاغرىيتتى. ئۇ يىغلاشقا باشلىدى. "ئەمدى ياخشى بولالمايدىغان بولدۇم" دەيتتى ئۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭ دادىسىدىن يەنە تېلېفون كەلدى. ئۇلار يەنىلا شۇ تەرىقىدە گەپلەشتى، بىراق مۇشۇ تۇرقۇم تايسانىڭ دادىسى مونترېئالدا خانىش ئېلىزابىي مېھمانخانىسىدا ئىدى، ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ ئايرۇپىلان بىلەن چىكاگوغا باراتتى. تېلېفون بىلەن سوزلىشىپ بولغاندىن كېيىن تايسا بىلەن كارولىن يېمەك-ئىچمەك سېتىۋېلىشقا كەتتى. ھاۋا ئىسسىق، بىراق تۇتۇق ئىدى. كارولىن ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا، تايسا داۋاملىق تۇردە دادىسىنىڭ ئاۋازىنى، تېلېفون ئاۋازى ئاستىدىكى ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇردى، بۇ ئاۋاز **سەن نېمىشقا ئۇلمەيسەن؟ سەن نېمە دەپ يەنە بىز بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن بۇ ئالەمگە قايتىپ كەلدىڭ!...** دەپ توۋلاۋاتقان ئېنىق بىر ئاۋاز ئىدى.

ئۇلار بىرئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ نەرسە-كېرەك سېتىۋالدى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە ئاستا ئۇ نەرسىلەرنى جاي-جايىغا

قويۇپ قويدى. ئۇلار يىمەك-ئىچمەك توغرىسىدا گەپلەشتى. بۇ ئىش-لار توغرىلىق گەپلەشكەن ياخشى. تۇرمۇشنىڭ ئاساسى-دە. ئارقى-دىنلا، ھەممە ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلار سەيلە قىلىپ كېلىشكە چىقتى. بۇ قېتىم تايسا پۇتىغا شىبلىت كىيىپ، بوينىغا شارپا ئورى-ۋالدى. سەيلە قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ۋاقىت چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقتى ئىدى. ئۇ ئۇخلىدى. ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن يۇيۇندى. بۇ كەچقۇرۇنلۇق يۇيۇنۇش ۋاقتى ئىدى. ئۇ سۇنى قويۇۋەتكەن چاغدا، سۇنىڭ ئىچىدىن، چاچرىغان سۇ ئاۋازىدىن چىققان مۇزىكىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. بۇنىڭ-دىن ئۇ قورقۇپ كەتمىدى. ئۇ ئىسسىق سۇدا يېتىپ دەم ئالماقتا ئىدى، تايسانىڭ تۇرقى بىلەن ئىككىنچى بىرىنىڭ يەنى بىت Vنىڭ تۇتقىلى بولمايدىغان تۇرقىنى، بۇگۈنگىچە يىراقتا ئايرىلىپ ياشاپ كەلگەن بۇ ئىككى تۇرقنىڭ قانداق قىلىپ بىر بىرى بىلەن ئامراق بولۇشۇپ قوشۇلغانلىقىنى، ئامراق بولغاندىمۇ قىل سىغمىسغۇدەك ئامراق ئىكەنلىكىنى، يۈزى بىلەن چېچىنىڭ بىر بىرى بىلەن چىرمى-شىپ كەتكەنلىكىنى، چىشلىرىنىڭ بىر بىرى بىلەن سۈركىلىشىۋات-قانلىقىنى ئويلىدى.

سۇ سوۋۇپ قالدى. ئۇ دەلدەڭشىپ ۋاننىدىن چىقتى.

ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان چېغىدا سەل قىزىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەقىقەتەن مۇزىكا چېلىن-ۋاتقانلىقىنى بايقىدى — ئېھتىمال ئۇنىڭ ھامماچىسى رادىيو قويۇپ ئاڭلاۋاتقان بولسا كېرەك. تايسا «ھەپتىلىك خەۋەرلەر»، «بەخت» ۋە «كىتاپخانىلار مەكتۇبىدىن» دېگەن كونا ژۇرناللارنى مەشنىڭ يېنى-دىكى بىر دۆۋە گېزىت-ژۇرنال ئىچىدىن ئېلىپ ئولتۇرۇپ ۋاراق-

لىغىلى تۇردى. بۇ ھوجرىدا ئوي جاھازلىرى ناھايىتى ياخشى ئىدى، قىزىل ۋە سېرىق سەپكۈنلۈك قىلىپ سىرلانغان بولۇپ، كىشىگە تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلاتتى. بۇنداق يېقىملىقلىق بارغانسېرى ئېشىپ باراتتى. بۇنداق يېقىملىقلىق سېرىق پەردە تارتىلغان دەرىزىدىن، تاشتا قوپۇرۇلغان تام مەش ئۈستىدىكى ئابىستىراكتچىلارنىڭ چوڭ سېرىق-قىزىل رەسىمدىن ساڭگىلاپ چۇشۇپ تۇراتتى. ناھايىتى نەمخۇش بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن قىلىدىغان باشقا ئىش بولمىغاندىن كېيىن، تايسانىڭ ئاپىسى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تالالاپ چىققان ئىدى. ئۇ خوتۇن ھەر ئىككى-ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بۇ ئىككى داچىنى يېڭىۋاشتىن سەرەمجانلاشتۇرۇپ چىقاتتى.

تايسا تىزىدىكى ژورناللارنى كورۇش ئۈچۈن زىھنىنى يىغماقچى بولدى. لېكىن ئوقۇغىنى مىڭىسىگە چۈشمەيتتى. ئۇ گويا سەككىز دانە نەسىللىك پورزو ئىتى بىلەن بىللە ياتىدىغان، قاپ-قارا بىشەم چېچى ئوز يولى بويىچە توۋەنگە ساڭگىلاپ، بىرنەچچە تال شالاڭ ۋە ھول چېچى پېشانىسىگە چاپلىشىپ تۇرغان ئاتاقلىق بىر كومپوزىتور توغرىسىدىكى بىوگراپىك ھېكايىنى ئوقۇغاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ كوزى قاپ-قارا ۋە نۇرلۇق، شەپقەتسىز، جانلىق ۋە دەھشەتلىك ئىدى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدا، تام بەشىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە رەڭگى ناھايىتى ئوچۇق—قىزىل ۋە سېرىق بىر ئابىستىراكت رەسىم بار ئىدى. مۇزىكا ئۇنىڭ ھەر بىر مويىغىچىلىك سىڭىپ كەتكەن ئىدىكى... ئۇ مۇنداق مۇزىكىنى ئىجات قىلىش ئۈچۈن، ناھايىتى روشەنكى،... ئادەمنى ماغدۇرسىزلاندۇرىدىغان بىر خىل مۇزىكا ئىدى.

تايسا ئوقۇيالماي كەتتى. ئۇنىڭ كاللىسى پارتلاپ، پاقىراپ-يالتىراپ تۇرغان ئۇششاق پارچىلارغا ئايلىنىپ كەتتى. بىر كۈنى

كەچتە ئۇ بىت V بىلەن چىچى سالۋاراپ پىشانىسىنى پىپىۋالغان ئىككىنچى بىر ئەر كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. بىت قولى بىلەن تايسانى ئاستاغىنا ھىلىقى ئەر كىشى تەرەپكە ئىتتىرەتتى، لېكىن تايسا پۇتىنى يوتكىيەلمەيتتى؛ مۇبادا ھىلىقى ئەر كىشى يولىۋالمىغان بولسا، تايسا چوقۇم يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى. بىت V بۇ يەردىن ئالمان-تالمان كېتىدىغان ۋاقتىدا: **ئۇ ماڭا ۋاكالىتەن سېنى ياخشى كورىدۇ؛ ئۇ مېنىڭ ئورنۇمنى باسالايدۇ. مېنى ئېسىڭدە تۇتقىن، مېنى ياخشى كورگىن، مېنى تولىمۇ ئەسكى دەپ ئويلىما!** دېگەن ئىدى. لېكىن شۇ قېتىم ئۇ قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئىككىنچى قېتىم ئۇ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلمەيلا قويدى. تايسا مەلۇم جايدىكى بىر كارۋاتتا، بىر ئويدە ياتاتتى، بىرنەچچە كۈن ئوتتى... يۈز-كوزىنى ۋە پۈتۈن بەدىنىنى ھەتتا كىرپىكلىرىنى تەر بېسىپ كەتتى...ئۇ ئوزىنى پاسكىنا قىلدۇۋەتتى، يوتىلىرى بۇلغىنىپ كەتتى، خۇددى ئوت كەتكەندەك قىپ-قىزىل بولۇپ كەتتى.

ئۇ بىر ۋاراقنى ئورۇپ، ستۇبىن ئەينەك قاچىسى توغرىسىدىكى بىر ئېلاننىغا قارىدى.

— ئەتە بىر سۈرەت ئاپاراتىنى ئېلىپ چىقساق بولغىدەك، — دىدى كارولىن.

— ھەئە، مەن ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، — دىدى تايسا.

ئۇلار ئاشخانىدا بىرلىكتە تۇتۇش قىلىپ بىر تەخسە توخۇ گوشى سېيى قورۇماقچى بولدى. بىر تەخسە گالى توخۇ قىلىپ، ئۈستىگە يېيزىنى قەلەمچە قىلىپ چاچتى. تايسا گالى سالاتنىڭ ھىدىنى ياخشى

كورەتتى، ئۇنىڭ ئۆزى شۇنداق دىگەن. ئۇلار سەي تەييارلاپ يەپ بولغاندىن كېيىن تەخسنى چايقاپ، ئاندىن كېيىن ئۇنى تەخسە يۇيۇش ماشىنىسىغا سېلىپ قويدى.

تايسا دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ، بىر توپ دەرەخنىڭ نېرىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەن دېڭىز قىرغىقىدا پەيدا بولغان بىر ئادەمنىڭ كولەڭ-گۈسىنى كوردى. بۇنى هاماچىسىغا ئېيتمىدى. ئادەمنىڭ كولەڭگۈسى دېڭىز بويىغا كەلدى، ئۇ ئاستا ماڭاتتى. ئۇ دېڭىز ساھىلىدىن نىمدۇر بىرنىمىنى ئالماقچى بولغاندەك توختاپ قالدى. لېكىن تايسا ئۇنىڭ ئەر ياكى بۇرۇلكا كىيگەن ئايال ۋە ياكى بىر بالا ئىكەنلىگىنى ئىلغا قىلالمىدى... ئۇ ئالقىنى بىلەن كوزىنى توسۇپ كۆتۈپ تۇراتتى، بىر قىز دېڭىز بويىدا جىمغىنا كۆتۈپ تۇراتتى. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان ئىدى، قۇياش نۇرى غۇۋا-خۇنۇك، ئادەم بىزار بولىدىغان پارچىلارغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ كوزىنى قاماشتۇراتتى. يىراقتا كورۇنگەن ئادەم كولەڭگۈسى خۇددى پۈتۈن بەدىنى يالتىراپ تۇرغاندەك، گويا قۇياش نۇرى ئۇنىڭ دۇمبىسى تەرەپتىن ئۇنى يورۇتۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى. **كېلىپ مېنى سىلاپ قويغىنا، مېنى يەنە بىر سىلاپ قويغىنا**. لېكىن ھىلىقى كولەڭگە تايساغا دىققەت قىلمىدى؛ ئۇ غايىپ بولۇپ كەتتى.

كەچقۇرۇن. يەنە بىر كۈندۈز ئۆتۈپ كەتتى.

ئەتىگەنىدە، دەل ئەتىگەنلىك چايدىن ئاۋال تېلېفون جىرىڭ-لىدى. ھەممە نەرسە دەل ۋاقتىدا بولاتتى. تايسا چىرايلىق، نۇرى جۇلالىنىپ تۇرغان بىر ژورنالنى ۋاراقلاپ، ئېلانلارنى ماختاپ تۇرۇپ قالغان ئىدى: **پادىشا فرانسىس ساقلاپ كەلگەن مۇز چىلىگى، چوڭ كۇمۇش پەتنۇس... كوك نورۋېگىيە تۇلكە جۇۋىسى...**

دات باسمايدىغان ئىمپۇلسلىق ھەركەت سائىتى (كۇنۇپكا بېسىپ قويۇلسىلا ۋاقىت مەلۇم قىلىنىدۇ)... بېشىغا ئالتۇن تاج كىيگۈزۈلگەن خرۇستال پاقا، يەنىلا ستۇبىنىنىڭ ئەسرى. نىمىدېگەن سويۇملۇك! تايسا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپلا سىز كىم، دەپ سوراپ ئولتۇرماستىن سوزلەپ كەتتى. ئۇ قىلچە ھودۇقمايتتى. بەلكى يەڭگىل ۋە خوشال ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى نىمىدېگەن ياخشى-ھە! ھەئە، تايسا گەپ قىلماقتا: ئىسسىق كىيىنىپ يۈرۈۋاتىمەن، ھاۋامۇ ياخشى، ئانچە تۇمان ئەمەس، ھەر كۈنى ئاخشىمى تاتلىقىنا ئۇخلايمەن... ھەئە، شۇنداق، ئۇ كارولىن ھاماچام بىلەن گەپلەشمەمدىكىنا؟

ھازىر ئۇنىڭ ئۆزى قىلىن تەنھەركەت كىيىمىنى كىيىپ ئالمان-تالمان چىقىپ كەتتى. ھاۋا ئوچۇق ۋە سۈزۈك ئىدى. شۇغىنىسى بەك يورۇق ئىدى. ئۇ كوزىنى قىسىپ يۈرەتتى؛ يولنى مەھەللە توسۇۋالغان بولغاچقا كورۇنمەيتتى. پاكار دوك سوگەتلەر... بوۋايلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان چاتقاللىق ئۇنىڭ ماڭغان ئاياق تاۋۇشىنى ئاڭلىماقتا، ئۇنىڭغا قۇلاق سالماقتا. يول بۇ يەرگە ناھايىتى يىراق ئىدى. مۇبادا بىت V ماشىنىنى ھەيدەپ پوچتا ساندۇغى بار يەرگە كېلىدىغان بولسا، تايسا ھەتتا ئۇنى زادىلا كورەلمەيتتى. ئەگەر ئۇ ماشىنىنى چىغىر يول بىلەن ھەيدەپ كەلسىچۇ؟... ئۇنداق قىلىدىغان بولسا تايسا ساقچىغا تېلېفون بەرگەن بولاتتى. تايسا ئۆزىنىڭ يۈزىنى بىت V بارماقلىرى بىلەن قانداق توسۇۋالغانلىغىنى، ئۇنىڭ نەقەدەر سويۇملۇك، نەقەدەر مۇلايىم ئىكەنلىگىنى، ئەينى زاماندا ئۇنىڭ يۈزىنى بۇ بارماقلارنىڭ مىجىپ تاشلاشقا قۇدرىتى يېتىدىغانلىغىنى ئىشارە قىلغانلىغىنى ئەسلەشنى خالىمىدى... بىت V نىڭ جۇپلىشىپ تۇرغان كىرپىكلىرىنى،

بۇدره چاچلىرىنى، قىزىق ۋە ساغلام ھالدا قۇلغىدىن ئوسۇپ چىققان ئالتۇن رەڭ چېچىنى ئەسلەش ئويىدا بولمىدى. بىتV ناخشا ئېيتاتتى، ئوز ئوزىگە گەپ قىلاتتى. ئۇ خۇددى مۇزىكىدەك جانلىنىپ كەتتى، لېكىن ھەم قۇۋ، ھەم ھاياجانلانغان ئىدى. كىنگ دوللى بىر قېتىم بىتVنىڭ تىزىغا چىقىپ، تايسانىڭ كوزىنى بىتVنىڭ كوزىگە باستۇرماقچى بولغان، كوزىنى كوزىگە ئۇدۇل قىلىپ تۇرۇپ خىقىراپ كۇلگەن ئىدى. لېكىن ئۇنىسى ئوتۇپ كەتكەن ئىش. خىقىراپ كۇلگەن ئىدى. ئەگەر ئۇ ھازىر كېلىپ قالسا، تايسا يەرلىك ساقچىغا تېلېفون بەرگەن بولاتتى، ئۇ بارمىغىنى خاتاسىز تېلېفون ئاپاراتىنىڭ نومۇر كوزىگە قويۇپ تۇرۇپ ئايلاندۇراتتى، ئايلاندۇراتتى...

ئۇ بىردىنلا بارمىغىغا قارىدى. مۇبادا ۋاقتى-قەرەلى راستلا كېلىپ قالسا، بارمىغىنى قانداق ئىشقا سېلىشى كېرەك؟ ئەگەر بىرلا بارمىغى بىلەن تېلېفون نومۇرىنى بۇرىسا، بىردىنلا قولىدىن چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى بار، ئۇنداقتا قانداق قىلغۇلۇق؟ ھە، چوقۇم ئىككى بارماق بىلەن تېلېفون نومۇرىنى بۇراشنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم.

ئۇ دېگىز ساھىلىنى بويلاپ ماڭماقتا. بېشىنى بۇراپ ئاۋۇ ئويگە قارىۋىدى، تايسا ئۇ ئويىنىڭ نەقەدەر كاتتا ۋە قۇرۇق ئىكەنلىكىنى ھەيرانلىق بىلەن بايقاپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ دۇنيادا ئادەم ئەسلىدە ناھايىتى شالاڭ ئىدى، ھېچقانداق نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. جىمجىتلىق. پەقەت شامال بىلەن چايكىلا مەۋجۇت. چايكا تايساغا خۇددى ئادەمدەك قىزىقىپ قارىشىۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن، ئادەم ئەمەس. **تايسا بەك ياخشى دەم ئالدى، بۇ دورەمكى ئاتپوسكا ئۇنىڭ سالامەتلىگى ئۇچۇن پايدىلىق بولدى،** دەيتتى كارولىن ئاشخانىدا. ئارىلىق شۇنچە يىراق بولسىمۇ، تايسا

كارولىنىڭ قىلىۋاتقان گېپىنى ئاڭلىدى، ياكى ئاڭلىغاندەك بولدى. ياخشى گەپ. راست، ئۇ بەك ياخشى دەم ئالدى.

ئۇنىڭ بەدىنى پارلاق قۇياش نۇرىدا ئۇزمەكتە. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىدىكى ھۈجەيرىلەر نۇر چاچقاندەك، ناھايىتى ياخشى دەم ئالغاندەك، ناھايىتى ساغلامدەك قىلاتتى. تايسا توپتىن ئايرىلىپ قالغان ھىلىقى مۈشۈكنىڭ ئۇزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى — دېڭىز ساھىلىنى بويلاپ ئاستا كېلىۋاتقانلىقىنى كوردى. مۈشۈك يۈگۈردى، يەنە بىردىنلا توختىۋالدى.

— كېلە، كەل، پىش، پىش، — دېدى تايسا ۋە قولىنى سوزۇپ بىلىنى ئەگدى. — مېنىڭ بىلەن دوست بولامسەن؟ سېنى ئۆيگە ئەكىرەي، قوسىقىڭغا غىزا بېرەي. — مۈشۈك ئۇنىڭغا قارىغىنىچە تۇراتتى. تايسا ئۇنىڭغا قاراپ بىر قەدەم مېڭىۋىدى، ئۇ ئارقىغا شوخشىدى ۋە مياڭلاشقا باشلىدى. — ئۇنداق قىلما، بىز دوست بولايلى. مېنىڭ بىلەن دوست بولغىن! تايسا يالۋۇراتتى. مۈشۈكنىڭ قۇيرۇغى تىترەشكە باشلىدى. تايسا ئۇشتۇمتۇت ئېتىلىپ بېرىپ مۈشۈكنى تۇتۇپ قويىنىغا سېلىۋالدى. مۈشۈك دەرھال قارشىلىق كورسىتىشكە باشلىدى. ئۇ مياڭلايتتى، تىرنىغى بىلەن تاتىلايتتى، ئالقىنىنى، قولىنىڭ دۈمبىسىنى تاتىلاپ، ھە دەپ كېيىمىنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭاتتى. تايسا چىقىراشقا باشلىدى.

— ئۇنداق قىلمىغىن، ئۇنداق قىلمىغىن، — دەيتتى ئۇ. مۈشۈك بولسا ئۇنىڭ قويىنىدا قورقۇپ تىپىرلايتتى، بىردىنلا تايسانىڭ بىر يېرى ئاغرىغاندەك بولدى-دە، ئۇنىڭ مەگزىنى تاتىلاپ يارا قىلىۋەتتى، لېكىن تايسا ئۇنى قويۇۋېتەلمەيتتى — تايسا مۈشۈككە قاراپ ۋاقىراپ-چىقىراپ پومداقلىشىپ كەتتى، ھېچقايسىسى تەن بېرىدىغاندەك

ئەمەس، تايسا چىقىراپ كەتتى ــ مۇشۇك ئاخىر قۇتۇلۇپ چىقىپ قېچىپ كەتتى. تايسا قۇياش نۇرىدا، بېشىنى سىلىپ ئۇزىگە قارىماقتا. ئۇنىڭ قول ـ بىلەكلىرىدە ئونچە يەردىن قان ئېقىپ تۇراتتى، سول يوتىسىدىكى تىرناق ئىزى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، قان ئىشتاندىن تەپچىپ چىقىپ تۇراتتى؛ يۈز ـ كوزى قان بولۇپ كەتكەن ئىدى. قانداق قىلىپ قاننى توختىتىشى كېرەك؟ ئۇنىڭغا نىمىدۇر بىرنىمە كوزىنى توسۇۋالغاندەك، كورۇش ئىقتىدارىنى بۇزۇۋەتكەندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ كورەلمەي قالدى. ئۇ ئاشۇ يەردە تۇرۇپ كۇتتى، كوزىگە پەرەز قىلماق تەس بولغان بىر خىل ئىسسىق ئاچچىق سۇيۇقلۇق قۇيۇلدى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى.

چۇشىنىش ئۇچۇن ئىنچىكىلىك بىلەن كۇزىتىش لازىم؛ ھەركەت قىلىش ئۇچۇن تىرىشىپ چۇشىنىش لازىم.

**رومان روللان**

بىلگىنىڭ كوپ بولسىمۇ، ئۇنى ئېھتىياجىڭغا ئىشلىتىشكە ماھىر بولمىساڭ ،ئۇنىداق بىلىمنىڭ ھىچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.

**پېتىرارك**

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئالولى

گ. گۇلىيا



ئۇلار بەكمۇ ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالدى. رايون مەركىزىدىكى مېھ-

مانخانا بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ يۈرگەن كىشىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى ۋە بۇ يەردە قايناق بىر مەنزىرە بارلىققا كەلدى. مۇلازىمەتچىلەرمۇ دەرھال ھەركەتكە كېلىپ، ئالدىراشلىق بىلەن موكىدەك ئۇ ياققا-بۇ ياققا چېپىشقا باشلىدى. ئۇلار زاپاس يوتقان-كورپىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقتى، ئالدىراشلىق بىلەن ساماۋارلارغا ئوت يېقىشتى، ئۈستەل چىراقلىرىنى دەرھال تۈزەشتۈرۈش ئۈچۈن مانتيورنىمۇ تېپىپ كەلدى؛ ئىسسىقراق تۇرسۇن دەپ، بەزى ئۆيلەرنىڭ دەرىزىلىرىنىڭ شامال كىرىۋاتقان يوچۇقلىرىنى زاماسكىلاپ قويۇشتى. بۇ چاغ يانۋارنىڭ قەھرىتان سوغاق كۈنلىرى بولغاچقا، ھويلىدىكى قار دەرىزە بىلەن تەڭلىشىپ قالغان ئىدى.

كۈتۈش ئىشلىرى بىلەن پايپېتەك بولۇپ باشا ھەدىنىڭ ھېرىپ ھالى قالمىدى. ئىشلار سائەت ئون بىرلە بولغاندا تۈگىگەندەك بولدى. يولۇچىلار (بۇ—مېھمانخانىغا قونۇشقا كەلگەن مېھمانلارنىڭ رەسمى نامى) كارۋاتلىرىغا چىقىپ ئۇخلىغىلى تۇردى. ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى؛ چىراقلار كەينى-كەينىدىن ئۆچۈشكە باشلىدى.

باشا ھەدە تېخىچىلا يولۇچىلارنى دەپتەرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ھېساپ-كىتاپ قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى، چۈنكى ئۇلار ئەتە ئەتىگەندىلا يولغا چىقىپ كېتەتتى. ئۇلار لېنىنگرادتىن كەلگەن بولۇپ، ھەممىسىدە سەپەردە دۈمبىسىگە ئارتىپ ماڭىدىغان سومكا ۋە چاڭغا بار ئىدى. ئۇلار ئۈستى ئوچۇق ماشىنىغا چۈشۈپ كەلگەچكە، سوغاقتىن مۇزلاپ قېتىپ قالاي دەپتۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەننىڭ ھوپپىدە ئىسسىپ كەتكەن نوۋەتچىلەر بولمىسىدىن زادى چىقىپ كەتكۈسى كەلمەيتتى...

www.uyghurkitap.com

ئەنە، ئۇ ئېھتىيات بىلەن ئىشىكنى قىقىپ، يەنە كىرىپ كەلدى.

—مەن بۇ يەردە ئازراق ئوت سىنۋالسام بولامدۇ؟—دېدى ئۇ خوشال كەيپىيات بىلەن.

—سىزنىڭ ياتىغىڭىز تېخىچىلا سوغاقمۇ؟—دەپ سورىدى باشا ھەدە.

ئۇ جاۋاپ بەرمىدى، ئۇنىڭ كوزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى، ئۇ گويا بىر نەرسىدىن خوشالدەك ئىدى. ئۇ باشا ھەدىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، جەينىكىنى ئۇستەلدىكى دۇۋەتنىڭ يېنىغا قويۇپ، ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇردى.

ئۇ بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئۇنىڭغا قارىغان پېتى سەل-پەل كۇلۇمسىرەپ ئولتۇراتتى.

باشا ھەدىمۇ دەسلەپتە دىققەت قىلمايلا سوغاققىنا كۇلۇمسىرەپ قويدى، بىردەمدىن كېيىن يەنە پەسىڭگىمدە بىرنى كۇلۇپ قويدى. لېكىن ھېلىقى ئادەم كوزىنى ئۇنىڭدىن ئۇزمەي قاراپ ئولتۇراتتى، بۇنى كورگەن باشا ھەدە ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى—بويىنى، ئېڭىكى، قۇلاقلىرى، پېشانىسى...كېيىن ئىككى مەڭزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى...ئوقۇۋاتقان خەتلەر، رەقەملەر بىر بىرىگە قوشۇلۇپ، سۇۋارىلا بىر نەرسە بولۇپ كورۇنۇشكە باشلىدى. بۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ ئىشلىگىلى بولسۇن؟

—ھەجەپمۇ ئىچىم سىقىلدى،—دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن قولىدىكى جەدۋەللەرنى بىر ياققا ئىتتىرىپ قويۇپ،—سىز نىمىشقا ماڭا مۇنچىۋالا تىكىلىپ قارايسىز؟

ئۇ يەنىلا زۇۋان سۇرمىدى. ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى ئۇۋۋىلاپ

ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كوڭلى جايىدا ئەمەستەك قىلاتتى. كورۈنۈشىدىن ئۇ قىرىق ياشـلاردا بار ئىدى، ئوزى قاۋۇل، كوزى كوكۇش، يۈزى ئاپتاپتا كويۇپ قارايغان ئىدى، بەلكىم، تۇغۇلۇشىدىن شۇنـداق قارا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ قەيىرىدۇ بىر يەرلىرى باشا ھەدىنىڭ چوقۇم ئۇرۇش ئاياقلاشقىچە كۇتمەن دەپ قەسەم بەرگەن يىگـىتىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ راستلا كۇتمەكتە ئىدى. لېكىن ئۇرۇش ئوتلىرى پەلەككە تۇتاشقان يىللار ئاللـىقاچان ئوتۇپ كەتتى، كېيىن يەنە ئون بەش يىل ۋاقىتمۇ ئوتۇپ كەتـتى. بىراق ئۇنىڭ چۈشىدىمۇ قايتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىـپ كەلگەن دىلـدارى قايتىپ كەلمىدى... ئۇزاقتىن بۇيان، باشا دىگەن بۇ ئىسىمـنىڭ ئاخىـ رىغا ئوزىچىـلا "ھەدە" دىـگەن سوز قوشۇلۇپ قالـدى، ئۇ ئوتـتۇرا ياشـلىق بولۇپ قالـغان بولـسـمۇ، دەسلەپـتە ئوزىـنىڭ "ھەدە"گە ئايلىنىپ قالغانلىغـىنى سەزمـىدى، كېـيىنچـە بولسا تۇيۇقـسىزلا ئۇ بۇنداق ئاتاشقا پۇتۇنـلەي ئادەتـلىنىپ قالـدى. ئەمدىلىكـتە بىرەر كىشى توغرىدىن ـ توغرا باشا دەپلا چاقىرىدىـغان بولـسا، ئۇ قاتتىق ئەجەپلەنمەي قالمايتتى...

ئۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرماقـچى بولغان بولسـمۇ، لېكـىن قولـى پەقەت ئىشقا بارمىدى. ھىلىقى كىشىنىڭ ئوتكۇر كوزلىرى تىـكىلىپ تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئىشلىيەلىسۇن! باشا ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئوقۇغۇچىلار دۇۋىتىنى جايىغا ئاپىرىپ قويىدى.

ــ ماڭا مۇنداق تىكىلىپ قارىمىسىڭىز قانداق؟

ئۇ گويا باشانىڭ سوزىنى ئاڭلىمىغاندەك، كوڭلىدىكى ئاللىقانداق بىر ئىشـنى ئويـلاش بىلەن ئاۋارە ئىـدى. بىردەمـدىن كېيـن ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا سورىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

— بۇ يىل قانچىگە كىرگەنسىز؟
— ھىم، بىر يەرگە بېرىپ قالدىم-دە.
— مەخپىمۇ؟
— مەخپىي بولىدىغان نىمىسى بار؟ ئوتتۇز سەككىزگە كىردىم.
— ئىشەنمەيمەن.
— قىرىق ياشقا كىردىم دېگەن بولسام ئىشىنەتتىڭىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى باشا قىزىقچىلىق قىلىپ.
— كوپ ياشىسىز، — دېدى ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن.
باشا لام-جىم دېمەستىن، پورتمالدىن پۇقرالىق كىنىشكىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ كىنىشكىنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:
— زىبمسوۋا پراسكوۋىيا ئىرالانوۋنا....توغۇلغان، ھە، جايىدا، ئوتتۇز سەككىز ياش، — دېدى-دە، كىنىشكىنى باشاغا قايتۇرۇپ بەردى.
— ئەمدى ئىشەنگەنسىز؟
— ياق، — ئۇ يەنىلا كوزىنى ئۇزمەي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ دېدى، — كوپ ياشىسىز، پراسكوۋىيا ئىرالانوۋنا. بۇ كىنىشكىنى ھەرگىز باشقىلارغا كورسەتمەڭ. ئۇنىڭغا چاپلىغان سۇرىتىڭىز ئوبدان تارتىلماپتۇ...لېكىن سىز ئوزىڭىز نىمە دېگەن چىرايلىق-ھە!
— قويىسىڭىزا، — دېدى باشا ئالدىراپ، — مەن بىلەن تولا ئېيتىشماي، ئوزىڭىزنى بىر دەپ بېقىڭا...
— مېنىڭ كىنىشكام ئەنە ئالدىڭىزدا تۇرۇپتۇ، — دېدى ئۇ، — مەن بىر رەسسام، لېكىن كىنىشكامدا بۇ يوق. مېنىڭ يۈرىگىم سىزگە بولغان مۇھەببەت بىلەن تولۇپ تاشتى، بۇ مۇھەببەتنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن... بۇ نەرسە مېنىڭ كىنىشكامغا زادىلا

يېزىلمىغان...ھە، سىزنىڭ ماۋۇ قولىرىڭىز...قەدىمقىلارنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، خېنىملارنىڭ قولىغا ئوخشاش ئالتۇن قول...

ئۇ ئىتتىك قولىنى تارتىۋېلىپ، ئۇستەلنىڭ ئاستىغا-تىزىنىڭ ئۇستىگە قويۇۋالدى.

—ئادەتتىكى قول بۇ. كۈن بويى تەرلەپ-پىشىپ ئىشلەش، يۇيۇش-پاتلاش بىلەن ئاۋارە...

—مەن سىزنىڭ رەسىمىڭىزنى سىزىپ بەرسەم قانداق؟—دېدى رەسسام ئارقىدىنلا،—بۇنداق كوزنى كورمىگىلى ئۇزاق بوپتىكەن. كوزىڭىزدىن غەمكىنلىك، ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدۇ، يەنە بەخت نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ. ئىشەنمەمسىز؟ راستىلا بەخت نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ.

ئۇ بېشىنى چايقىدى.

—قاراڭ، باشا، مەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بۇ يەرگە كەلگىچە يول ئۇستىدە بىرمۇنچە يېزىنى كوردۇم، بۇ يېزىلارنىڭ قانداق يېزا ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ مەسىلەن، مارومورۇچكا. ئالولمۇ بار تېخى. بۇ ئىسىم—ئالولى—نىمە دىگەن يېقىملىق-ھە؟

—ھەئە،—دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاپ بېرىپ. رەسسامنىڭ كوزىڭىزدىن غەمكىنلىك ۋە بەختىيارلىق چىقىپ تۇرىدۇ دىگەن باياتىنقى گېپى بىلەن ئۇ بەكمۇ قورۇنۇپ قالغان ئىدى. ”ھاراقنى كوپرەك ئىچىپ قويغان بولسا كېرەك،—دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە،— بولمىسا ئەتەي مېنىڭ بۇ تومپاي تۇرقۇمنى مازاق قىلغان بولىدۇ. قىرىق ياشقا كىرىپ قالاي دىدىم، مەندە گۇزەللىك نىمە قىلسۇن؟ شەلا كوز دىگەن نىمە قىلسۇن؟“

رەسسام يەنە يۇمشاق ۋە سەمىمى بىر ئاۋازدا سوزىنى داۋاملاش-

www.uyghurkitap.com

تۇردى:

— مەن ئاشۇ يېزىلاردىن ئۆتۈۋاتقاندا، كېلىشكەن ئايالغا مۇشۇنداق ئىسىم قويۇلسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلىغان ئىدىم. — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھازىرلا بۇ يەردىن كېتىدىغاندەك ئىشىك ئالدىغا كەلدى. — ئەگەر مەن سىزگە ئات قويىدىغان بولسام، ئالولى دېگەن ئاتنى قوياتتىم...

— نېمە؟

— ئالولى... قاراڭ، سىز نېمە دېگەن چىرايلىق. چىرايىڭىز شۇنداق يېقىملىق، شۇنداق ئاق. كۆزىڭىز خۇددى كۆك ياقۇتقا ئوخشايدۇ. چېچىڭىز شۇنداق قويۇقكەنكى، ئۈچ قىزنىڭكىنى بىر قىلسىمۇ بۇنچىلىك بولمايدۇ. قاراڭ، سىزنىڭ چېچىڭىز نېمە دېگەن پۇزۇر. سىز مېنى ھېچنەرسىگە دىققەت قىلمىدى دەپ ئويلامسىز؟ ئۇنداق ئەمەس، مەن ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ بولدۇم. ئەگەر كېلىشكەن ياش بىر خېنىمنىڭ سۈرىتىنى سىزىدىغان بولسا، سىز كوكۇلدىكىدەك بىر ئۈلگە بولىسىز. راست، بۇنىڭغا شامال كىرمەيدۇ.

— ئاغزىڭىزغا كەلگەننى دەۋەرمىسىڭىزا. دۇنيادا مەندەك ئادەممۇ گۈزەل سانىلامدۇ؟

— قەسەم قىلىپ بېرەي، ئالولى، سىز ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن گۈزەل، خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلىدىغان ئورمانلىقتىكى پەرىگىلا ئوخشايسىز، بىرنى سۆيۈپ قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلسىڭىز، بولامدۇ؟

— نېمە؟ نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدى باشا ھەدە ۋەھىمە ئىچىدە پىچىرلاپ.

دەل مۇشۇ چاغدا، 5-نومۇرلۇق ئۆيدىكى يولۇچى ئايال قايناقسۇ

ئالغىلى كىرىپ قالدى. رەسسام ئىلاجسىز مەيۇس ھالدا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

يولۇچى ئايال قايناقسۇنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

باشا ھەدە نوۋەتچىلەر بولمىسىدە ئۆزى يالغۇز قالدى، لېكىن ئىشلىگۈسى كەلمىدى. ئىختىيارسىز ھالدا رەسسام ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋالدى، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ خىيالدىن قۇتۇلالمىدى... ئۇ زادى نىمە دىمەكچى؟ ئاغزىغا كەلگىنىچە جويلۇۋاتامدۇيا؟ ئەمما ماڭا يالغان-ياۋىداق گەپلەرنى قىلىشتىن مەقسىدى نىمە؟ ئەتە ئۇ مېڭىپ كەتسە، ئارىلىق ئۆزىرىدۇ-دە، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە كورۇشۇش ناتايىن..."مەن نىمە دىگەن ھاماقەت،—دىدى ئۇ ئوز ئۆزىگە،— مەن نىمىشقا بۇنچە ئەستايىدىل بولۇپ يۈرىمەن... ئۇ ماڭا چاقچاق قىلىۋاتقاندۇ، مەن بولسام... لېكىن، بەلكىم، ئۇنىڭ گەپلىرى راست بولسىچۇ؟ تۇرقىدىن قارىغاندا، ئۇ ئاق كوڭۇل، سەممىي ۋە ئىشەنچلىك ئادەمدەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ دىگەنلىرى زادى راستمۇ، يالغانمۇ، بىر تەكشۇرۇپ باقايچۇ."

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ ئىتتىك يۈگۈرۈپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ، ئۆزىنىڭ ياتىغىغا كىردى، بېشىغا گۈللۈك بىر ياغلىقنى چىگدى، يەنە ئۆزى بىلەن بىللە تۇرىدىغان ئايالنىڭ پەدەز بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېلىپ، يۈز-كوزىگە ئۇپا-ئەڭلىك، كالپۇكلىرىغا قىزىل سۈرتتى، ئاندىن ئەينەككە شۇنداق بىر قارىدىكى، باشا ھەدە ياشلىق ئۇرغۇپ تۇرغان بىر يۈزنى، نۇر چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ شەلا كوزنى كوردى... مانا ئۇ قېرى ئەمەسكەنغۇ!

يېرىم كېچە بولاي دەپ قالدى. يەنە يېرىم سائەت ئۆتۈپ،

سائەت دەل ئون ئىككى بولغاندا، ئېلېكتىر ئىستانسىسى توختىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ نوۋەتچىلەر بولمىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ، ھىلىقى قاتتىق سافادا يېتىپ ئارام ئالىدۇ...

ھەي ي ي، ئۇ رەسسام ئىمىشقا ئۇنىڭغا شۇنچە ئەجەپلىنىپ قارايدۇ؟ يەنە ئىمىشقا ئۇنىڭغا ھىلىقىدەك گەپلەرنى قىلىدۇ؟

ئۇ نوۋەتچىلەر بولمىسىگە يەنە كىرىپ كەلدى، بۇ قېتىم ئىشىكنىمۇ تاقىمىدى. ئۇ گويا باشادىكى ئۆزگىرىشنى سەزمىگەندەك ئىدى. ئۇ مۇنۇ گەپنىلا قىلدى:

— ئالولى، مەن سىزنى يەنە بىر قېتىم كورۇۋالاي دەپ كەلدىم. سىز مەندىن رەنجىمەڭ.

ئۇ جاۋاپ قايتۇرماقچى ئىدى، لېكىن گېپى گېلىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قېلىپ، گەپ قىلالماي قالدى. ئالدى بىلەن، بۇ ئادەم ھازىر يېرىم كېچە بولۇپ قالغانلىغىنى، بۇ يەردە يەنە تۇرۇۋېرىشى مۇۋاپىق ئەمەسلىگىنى بىلىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ھازىر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلىغان ئىدى... ئەمما باشا بۇ گەپلەرنى دىمىدى...

— سىز مېنى چۈشىنەلمەيۋاتىسىگىز كېرەك، ئالولى، — دىدى رەسسام غەمكىن ھالدا، — مەن كوپ ئايالالارنى كورگەن، لېكىن سىز... ياق، مەن كوڭلۇمدىكىنى سىزگە ئۇقتۇرۇپ بېرەلىگۇدەك سوز تاپالمىدىم. سىز، ئالولى، سىز بۇرۇنلا تۇرمۇشتا چىقىپ بولغانغۇ دەيمەن؟

ئىمىشقىدۇ باشانىڭ ئاغزىدىن يوسۇققىدا لېكىن ئىككىلەنگەندەك تەلەپپۇزدا: "ھە، ھە — ئە" دىگەن گەپ چىقىپ كەتتى.

— هىم ... ئىش هامان شۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئاچچىققىنا كۈلۈپ قويۇپ، — مەن بەكمۇ كېچىكىپ كەپتىمەن، ئالولى... بىراق... ماڭا ئۇنداق ئەمەستەك...

باشا ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغىنىنى بىلەن، ئاۋازىدىن قاتتىق قايغۇ، ھەسرەت ئىچىدە قالغانلىقىنى سەزدى. ھەي ي ي، باشا نىمىشقا ئۇنىڭغا يالغان گەپ قىلىدۇ؟ ئۇ قىلچە يوشۇرماستىن ئۇنىڭغا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتىشى، ئوزىنىڭ تېخى مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى كورمەي، ئومۇر بويى كۈتۈش بىلەن ئوتۇپ، كۈتۈش داۋامىدا ياشلىق باھارىنى ئوتكۈزۋەتكەنلىكىنى، ئوزىنىڭ ئىلگىرىكى قىزلىق ھوسنىدىن ئەسەرمۇ قالماي، ھازىر مۇشۇنداق بىر... باشا... ھەدە... بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىشى كېرەك ئىدى... ئۇ مۇشۇلارنى دىمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمىدى...

ئۇ ھودۇقۇپ قالدى، تىلى گويا ئۇنىڭ ئوزىنىڭ ئەمەستەك ئىدى. بۇ چاغدا رەسسامۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئوڭايسىزلىنىپ قالغان ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ سادىدا ئايالنىڭ كېلىشكەن تۇرقىغا بىردىنلا ئىچى كويۇپ كېتىپ، ئوزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى.

ئۇ باشانىڭ يېنىغا كېلىپ سەل ئېگىشىپ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ دېدى:

— مەن سىزدىن ئوتۇنۇپ سورايمەن... بىلىشىڭىز كېرەك، مەن سىۆنى ئۇزاققىچە كورەلمەيمەن...

— سىز نىمە قىلماقچى؟ — دېدى باشا ئەجەپلەنگەن ھەم ئەندىشە قىلغان ھالدا.

— قولىڭىزغا بىرنى سويۇۋالسام، ئالولى...

باشا يا ماقۇل، يا ياق دەپ جاۋاپ بەرگىچىلىك ئۇ ئۇنىڭ قولىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرىسى

سويۇۋالدى. گەرچە بۇنداق قىلىشنى باشا خالىمىسىمۇ...

— سىز ئۆزىڭىز ئالولى!... ئاڭلاۋاتامسىز؟ ئالولى!

ئۇ ئىتتىك مېڭىپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، كاپ قىلىپلا ئىشىكنىڭ تۇتقىسىنى تۇتۇپ سەل تۇرۇۋالدى-دە، ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپلا چىقىپ كەتتى.

باشا ھودۇققىنىدىن خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپلا تۇرۇپ قالدى ۋە تاكى رەسسامنىڭ ئاياغ تاۋۇشى كارىدوردىن ئاڭلانغاندا ئاندىن ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك ھوشىنى يىغىپ، بېرىپ ئىشىكنى ئوبدان ئەتتى، ئاندىن گۈپپىدە ئۆزىنى سافاغا تاشلىدى.

ئۇ ياتاتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئوتتەك قىزىپ كەتكەن ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن چىراقلار ئۆچتى.

ئەتىگەندە پۇقرالىق كىنىشكىسىنى ئېلىۋېلىش ۋە ياتاق پۇلى تاپشۇرۇش ئۈچۈن نۆۋەتچىلەر بولمىسىغا كەلگەن يولۇچىلار كۆلۈ-شەتتى، توختىماي ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشاتتى. ئەمما بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھىلىقى ئادەم كورۇنمەيتتى، خېلى ۋاقىت ئوتۇپ كەتكىچىمۇ كورۇنمىدى. ئۇ ھەممىدىن كېيىن كەلدى.

— ئالولى، — دېدى ئۇ، — سالام سىزگە!

باشانىڭ چىرايى تاتارغان ئىدى، بۇ ھال ئۇنى تېخىمۇ جەزبىلىك ۋە يېقىملىق قىلىپ كورسەتتى.

ئۇ گەپمۇ قىلماستىن ئۇنىڭغا كىنىشكىنى ئۇزاتتى، ياتاق پۇلىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئارتۇق پۇلنى قايتۇردى.

— سىز ماڭا قانداق قارايسىز؟ — دېدى باشا ئاستاغىنا، — ئېچە-

گىزدە مېنى ئىللاۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟

— سىزنى نېمىشقا ئىللايمەن، ئالولى؟ — دەپ ئەجەپلىنىپ سورىدى ئۇ.

— مېنىڭ قولۇمغا سويۇپ قويغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟

باشا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىۋالغان ئىدى.

رەسسام دېدى:

— سىز نېمە دېگەن چىرايلىق، نېمە دېگەن جەزىبىلىك. سىزنى ئالولى دەپ چاقىرىش كېرەك. بىز ئۇزاقتا قالماي كورۇشىمىز، ئالولى. سىز مېنى سەۋرچانلىق بىلەن كۇتەلەمسىز؟

باشا ئۇنىڭ ماشىنىغا چىقىپ بولغان بۇرادەرلىرىنىڭ ئۇنى توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئىتتىك قەدەم تاشلاپ ئۇلار تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

باشا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ پەلەمپەيدە تۇرۇپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. بۇ چاغدا ماشىنىغا ئوت ئالدۇرۇلغان ئىدى، رەسسام يۇگۇرۇپ بېرىپ ماشىنىغا چىقىۋالدى. ئۇ ماشىنىغا چىقىپ بولۇپ، كەينىگە ئورۇلۇپ خوشاللىق بىلەن توۋلىدى:

— ئالولى! ئالولى! ئالولى!

سائەت توققۇزدا مېھمانخانا مۇدىرى ئىشقا كەلدى. مۇدىر ئۇنىڭ دەرىزە ئالدىدا سىرتتىكى ئاپپاق قارغا تىكىلگىنىچە مىدىرلىماي تۇرغانلىقىنى كوردى. بۇنداق ئاپپاق قارغا ئىسسىق ئويدىن قارىغاندا، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ كوڭلى يايراپ كېتەتتى.

— باشا ھەدە! — مۇدىر ئۇنى چاقىردى.

ئۇ گويا بۇنى ئاڭلىمىغاندەك تۇراتتى.

لېكىن ئۇ ئاستا ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. ئۇ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان ئىدى ۋە ئۇنىڭ يېشى ھازىرلا ئېقىپ چۈشىدىغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاپپاق يۈزلىرىگە ئۇپا سۈرتۈلگەن، يۇمۇقلۇق تۇرغان كالپۇكلىرى قىپ-قىزىل بويالغان ئىدى... قويۇق چاچلىرى باشقىچە بىر ئىسكەتتە ياسالغان. پۇتىدا يېپ-يېڭى ئاياغ، نېپىز پايپاق بار ئىدى، بۇ پايپاق نېپىز بولغاندىمۇ بەك نېپىز ئىدى. ئۇنىڭ كىيىملىرىمۇ ئادەتتىكىدىن باشقىچە ئىدى... بويىنىغا ھاۋارەڭ شارپا ئارتىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ بويىنى باشقا چاغلاردا چىڭ يوگەكلىك تۇرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ھازىر بولسا قويغان ئوپكىدەك سۈزۈك ۋە ئاپپاق بويىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭدا ھىلقى شارپىنىڭ كوكۈش نۇرى ئەكس ئېتەتتى.

مۇدىر ئىختىيارسىز ھالدا داڭقېتىپ قالدى. ئۇ بۇ كېلىشكەن گۈزەل چوكاننىڭ ۋۇجۇدىدىن باشا ھەددىنى تېپىشقا تىرىشاتتى. گەرچە باشا ھەددىنىڭ چىرايى، پۈتۈن تۇرقى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى ئوچۇقلا باشقا بىر كىشى بولۇپ قالغان ئىدى، بۇ يەردە ھېچ كۆرمىگەن بىر ساھىپجامال تۇراتتى. مۇدىر يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورگاندىن يوتكىلىپ كەلگەن بولۇپ، دۇنيادا ئادەمنى ئازدۇرىدىغان موجىزىلەرمۇ بولىدۇ دېگەنگە زادى ئىشەنمەيتتى. لېكىن شۇ تاپنىڭ ئوزىدە ئۇ نىمە قىلىشىنى بىلمەي پۈتۈنلەي مەڭدەپ قالدى، چۈنكى ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدا ھەقىقەتەن موجىزە پەيدا بولغان ئىدى...

— يولداش زېمسوۋا، بۇ سىزمۇ؟ — دېدى ئۇ.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

— كىم سىزنى بوزەك ئەتتى، يولداش زىمسوۋا؟

مۇدىر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

لېكىن ئۇ — ياش ۋە گۈزەل ئالولى بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى — دە، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى...

مۇدىر پېشانىسىنى ئېرتىۋېتىپ، تېلېفون ئۇرماقچى بولۇپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدىيۇ، دەرھال بۇ نىيىتىدىن ياندى. ئۇشتۇمتۇتلا ئۇنىڭ كوزى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىدىن يىرتىۋېلىنغان بىر ۋاراق قەغەزگە چۈشتى، بۇ قەغەزگە "ئالولى" دىگەن بىر سوز توپە-توپىلەپ جىق يېزىۋېتىلگەن ئىدى.

"بۇ ئايال قالتىس ئىكەن، — دەپ ئويلىدى مۇدىر زادى نىمە سىر بارلىغىنى بار كۈچى بىلەن بىلمەكچى بولغاندەك ھېلىقى قەغەزگە سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ، — مىنىڭ ئاغىنىلىرىم ئىچىدە بويتاقلاردىن يەنە كىم باردۇ؟ بۇ شەيتان مومايچە ياسىنىۋاپتىكەن — دە!" ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، سىرلىق ئەمما يېقىملىق بۇ ئىسىمنى "ئالولى!" دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ تاشلىغانلىغىنى بىلمەي قالدى.

**ئاپتور ھەققىدە** گېورگى دمىترىيېۋىچ گۇلىيا (1913 — يىلى تۇغۇلغان) سوۋېت ئىتتىپاقى گرۇزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى. 50 — يىللاردا ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى، مەسىلەن، «ساكىندا باھار» (1949 — يىلى ستالىن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن)، «سويۇملۇك شەھەر»، «كاما» قاتارلىق پوۋېستلىرى، «گۇلخان»، «قىساسكار»، «لېنوچكا»، «توروق ئات» قاتارلىق ھېكايىلىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى مەملىكىتىمىزدە نەشر قىلىنغان. گ. گۇلىيا ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمىيىتى ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، «ئەدەبىيات» ژورنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى.

گ. گۇلىيا ھىكايىمۇ يازغان، يۇمۇرلۇق فېلىيېتونلار، ئوچېرك ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنىمۇ يازغان؛ لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ھىكايىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. «ئالولى» ئۇنىڭ لىرىك ھىكايىلىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە ئەسەرلىرىدىن بىرى دەپ قارالماقتا.

(«سوۋېت ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ
1981 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەرجىمە قىلغۇچى: خوجائابدۇللا ئوسمان.
تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: نۇرمۇھەممەت دولەتى.

ئائىلە ئۇچۇنلا ياشاش ھايۋانلار ئارزۇسىدۇر، بىر كىشى ئۇچۇنلا ياشاش پەسكەشلىكتۇر، ئۆزى ئۇچۇنلا ياشاش نومۇسسىزلىقتۇر.

**ن. ئوستروۋسكى**

# رېچكوپىتا يۈز بەرگەن ۋەقە

## گ. گۈلىيا

رېچكوپتىن كەلگەن بىرنەچچە ئايال دادامنى ئىزلىشتۈرۈۋەتتى.
— مەن ئۇلارنى چۈشەنمەيمەن، — دېدى دادام ئاغرىنغان هالدا
ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئانامغا، — ئۇلارنى چۈشەنمەيمەن... چۈشە-
نىشىنىمۇ خالىمايمەن!
ئانام ئادەتتىكىدەك، ئۇنى تېچلاندۇرۇشقا تىرىشاتتى:
— دمىترى، مېنىڭ ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغۇم كېلىدۇ... ئۇلار
ناهايىتى ئازاپلىنىۋاتىدۇ...
— ئازاپلىنىۋاتىدۇ؟ — دېدى دادام بىر تال تاماكىنى قولىغا
ئېلىپ، لېكىن نىمشقىدۇ سەرەڭگىسى يېقىلمىدى، — مەن ئۇلاردىنمۇ
بەكرەك ئازاپلىنىۋاتىمەن... نەدە چىققان سەرەڭگە بۇ؟
— نەم تارتىپ قالغانمۇ نىمە؟
— ۋاي تاڭەي، زادىلا يېقىلمايدۇغۇ...
ئانام كېلىپ يېقىۋىدى، دەرهال يېقىلدى.
دادام ئەمدى ئاچچىقلىنىپ كايىشقا باشلىدى:
— ياق، سەن ئويلاپ قارا، ئۇلار نىمە دەپ كېلىشتى؟ يۈرد-
گىنىڭ چوڭلۇغىنى دىمەمدىغان! مەن جىنايەتچىنىڭ شىرىكى بولۇشنى
خالىمايمەن! ئۇلار، تۇققىنىمىز (ھىمات بولالايدىغان تۇقىقان!)
بولغاندىن كېيىن نىمىنى خالىساق شۇنى قىلىمىز، دەپ ئويلامدى-

www.uyghurkitap.com

كەن؟! شۇ خىيال بىلەن ماڭا ئاشۇ تەلەپنى قويۇپ كەپتۇما؟! ئۇلارنىڭ غەرىزى نىمە؟!

ئانام بىر ئىستاكان سوغاق سۇ ئېلىپ كەلدى، دادام سۇنى بىراقلا ئىچىۋەتتى، لېكىن بۇنىڭ بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئاچچىقى بېسىلمىدى. ئۇ خۇددى قەپەزگە سولاپ قويغان شىردەك، ئۆينىڭ ئىچىدە يوغان قەدەم بىلەن ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ماڭاتتى، تاماكىنى قاتتىق شورايتتى، ئاچچىقى بىلەن بۇرۇتىنى تولغايتتى. ئۇ تېمەن ۋە قاۋۇل ئىدى، گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇ بۇرۇن چۈشكەن رەسىمگە ئوخشاشلا ئىدى...

— بۇ نىمە گەپ! — دېدى ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ، — ماڭا مۇشۇنداق تەلەپنى قويۇپ كەلگىنىنى قارىمامدىغان! ئۇلار مېنى قانداق ئادەم دەپ ئويلىشىدۇ؟!

رېچكوپتىن ئېلتىماس قىلىپ كەلگەنلەرگە قارىتا ئانامنىڭ ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بار ئىدى.

— دىمترى، — دېدى ئۇ، — ئۇلارغا چوڭ كېلىشمەسلىك كەپتۇ، ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

— چۈشىنىشكە؟ — دېدى دادام چېكىپ بولمىغان تاماكىسىنى دەرىزىنىڭ سىرتىغا تاشلاپ. سىرت ئىسسىق بولۇپ، يارقىن كۈن نۇرىغا چومۇلگەن ئىدى، ئابخازنىڭ قويۇق دەرەخلىرى ئۆيگە سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى، كوپ ـ كوك ئاسمان شامالسىز، جىمجىت ئىدى.

— مېنىڭ بۇ قاتىللىنى چۈشىنىشىم كېرەكمۇ؟

— قاتىللىنى ئەمەس، — دېدى ئانام ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — ئۇنىڭ ئويىدىكىلەرنى چۈشىنىش كېرەك. ئۇلار گۇناسىز.

دادام تاماكىدىن يەنە بىر تال تۇتاشتۇردى ۋە يوغان قەدەم

بىلەن ئۆيدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىۋېتىپ، ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى:

—يارىدەم قىلىڭ... ئۇنىڭدا گۇنا يوق... ئۇ ئۆزى خالاپ قىلغان ئەمەس...ئۇ قەستەن قىلغان ئەمەس... تاسادىپى بولۇپ قالدى... دېيىشىدۇ. زادى قانداق بولغانلىقىنى كىم بىلسۇن!—ئۇ بىردىنلا ئانامنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى-دە، ۋاقىراپ سورىدى:—مەن كىمنى قۇتقۇزۇشۇم كېرەك ئىكەن؟ ماڭا قىسقىچىلا ئىزاھات بېرىشكە مۇمكىنمۇ؟

—سالۇماننى.

—مەن نىمە ئادەم—پاقچى باشلىقىمۇ؟

—ياق.

—ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىمۇ① ئەمىسە؟

—ئۇمۇ ئەمەس.

—قىزىق گەپ، ئۇنداق بولسا، ئۇنى مەن قانداق قۇتقۇزىدىكەنمەن؟ نىمە ھوقۇقنى ئىشلىتىپ قۇتقۇزىدىكەنمەن؟ ئۇنداق ھوقۇقنى ماڭا كىم بېرىپتىكەن؟

ئانام دادامنىڭ تەگقىسلىقتا قېلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئەپۇ سورىغاندەك بوش ئاۋازدا دېدى:

—ئۇلار سىزنىڭ بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇشىڭىزنىلا ئىلتىماس قىلىدىكەن.

—كىمگە؟

—بىلمەيمەن... ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىدۇ بەلكىم؟

---

① 1946 - يىلى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىگە ئۆزگەرتىلگەن.

—بۇ قانداق ئىش؟ — دېدى دادام ئاچچىغى بىلەن، — مەن بېرىپ مىشاغا بۇيرۇق چۈشۈرۈشۈم كېرەكمۇ؟

—بۇيرۇق چۈشۈرمەيسىز، ئۇنىڭدىن ئوتۇنۇسىز.

—دىمەك، ياماندىن نەپرەتلىنىدىغان مەن دىمترى، گۇلىيا ئەمدى لىكتە كومىسسارنىڭ قېشىغا بېرىپ: "مىشا، ئۇ قاتىلنى قويۇۋەتسىڭىز" دەپ يېلىنىپ يالۋۇرۇشۇم كېرەككەن-دە. شۇنداقمۇ؟

—شۇنداق ئوخشايدۇ، — دېدى ئانام.

—خوپ، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ دىمەك، ئۇنىڭدىن كېيىن مىشانىڭ بىر بۇيرۇغى بىلەنلا قاتىل سالۇمان ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا تۈرمىدىن چىقامدىكەن؟

—ھەئە، ئۇلار شۇنداق ئويلايدىكەن.

دادام چېكىپ تۈگەتمىگەن تاماكىسىنى يەنە دەرىزىدىن ئاپتاپ چاقناپ تۇرغان تالاغا تاشلىۋەتتى، ئۇ ئىككى قولى بىلەن پېشانە-سىنى ئۇۋۇلىغىلى تۇردى: يەنە ئۇنىڭ باش ئاغرىغى تۇتۇپ قالغان ئىدى.

مەلۇم بولغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىش مۇنداق بولغان ئىكەن: ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى سالۇمان ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپتۇ؛ كەلگەن مېھمانلار ئىچىدە ئىلگىرى قاراقچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن بول-سىمۇ، لېكىن توۋا قىلغاندىن كېيىن ھوكۇمەتنىڭ كەڭچىلىك قىلىشىغا ئېرىشكەن سىبىا ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىكەن. ئىچكەن ھاراقلار ئۆزىنى كورسەتكىنى تۇرغاندا، ئەرلەر گەپ تالىشىپ قاپتۇ. سالۇمان تامغا ئېسىقلىق تۇرغان بېردەنكىنى ئېلىپ ئاتقان ئىكەن، ئوق ھىلىقى ئىلگىرى ئىككى قولى قانغا بويالغان قاراقچى دېيىلگەن ئادەمگە تېگىپتۇ. بۇ سۇيىقەست بىلەن ئەمەس. پۇتۇنلەي سە-

ۋەنلىك بىلەن بولغان ئىش ئىكەن. باشقا يەرگە ئاتسەن دىگەن ئوق ئۇنىڭغا تېگىپ كېتىپ قاپتۇ...

ــ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈپ بولدى، ــ دىدى دادام غەزەپ بىلەن، ــ ئەمدى كېلىپ مېنى ئىزدىگىنى نىمىسى؟ مەن جىنايەتچىگە شېرىك بولۇشنى خالىمايمەن، چۈنكى قاتىل ئۈچۈن گەپ قىلىش ئۇنىڭغا شېرىك بولغانلىق بولىدۇ.

ئانام بار كۈچى بىلەن دادامنى ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا ئۈندەيتتى. ئانامنىڭ قارىشىچە، ئىش ناھايىتى ئاسان ئىدى: ئاياللار كېلىپ سىزگە ئىلتىماس قىلدى، سىز ئۇلارغا پىسەنت قىلمىسىڭىز، بۇ...

دادام دەرىزىنىڭ سىرتىغا بىر قاراپ قويۇپ، ساپ ھاۋادىن بىر نەپەس ئالدى ۋە دۇنيادىكى بارلىق ھەققانىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان سۈپ-سۈزۈك ئاسمانغا قارىدى...

ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ــ دىدى دادام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ مېنىڭ گېپىم قانچىلىك رول ئوينار؟ بەلكىم ئۇلارنىڭ ئويىچە مەن ھەممە ئىشقا...

ــ ھە، توغرا، ــ دىدى ئانام خوشال بولۇپ، ــ بېرىپ دەپ بېقىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن نىمە بولسا بولار. سىز بىرنەچچە ئايالنىڭ سىزگە ھال ئېيتىپ يىغلاپ كەلگەنلىگىنى، ئۇلارنىڭ باللىرىنىڭمۇ ئويدە يىغلىشىپ قالغانلىغىنى ئېيتىڭ...

ــ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنى نىمە دىگۈلۈك؟ ــ دەپ سورىدى دادام ۋاقىراپ.

ــ بۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇقتۇ!

ــ ئۆزى "قورقۇنچلۇق" دەپ تۇرىدۇ، يەنە تېخى مېنى بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ئانام: رېچكوپلۇقلارنىڭ ئىلتىماسىنى نەزەرگە ئېلىپ، خەلق كومىسسارىغا دەپ بېقىش كېرەك؛ مۇشۇنداق قىلسا بولىدى... ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن... كورۇنۇشتە بولسىمۇ دەپ باققان تۈزۈك... بۇنىڭغا ھېچقانداق مەسئۇلىيەتمۇ كەلمەيدۇ... دېگەن قاراشتا چىڭ تۇراتتى.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى دادام، — مېنىڭ گېپىم نېمىگە ئۆتىدۇ؟ كىممۇ بىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدۇ؟ قانۇن دېگەن قانۇن-دە! كىممۇ مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمنى قانۇندىن ئېشىپ چۈشىدۇ دەپ ئويلايدۇ؟

— ھەببەللى، — دېدى ئانام، — ئۇلار ئەنە شۇنداق ئويلىغان...

— قۇرۇپ كەتسۇن ئاشۇلار! كىشىلەرنىڭ مەن ئۈچۈن، مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىم ئۈچۈن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئەقلىدىن ئازغانلىق بولىدۇ! بۇ ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق، دەل شۇنداق! مەيلى مەن نەگە بارسام باراي، نېمە دېسەم دەي، بۇنىڭ نەتىجىسى بەربىر نۆلگە تەڭ بولىدۇ...

ئانام ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىدى (بولمىسا، پۈتۈنلەي ئەكسىچە نەتىجە كېلىپ چىقاتتى)، ئۇ ھە دەپ مۇنۇ گەپلەرنى تەكرارلايتتى: كۆڭۈل ئۈچۈن بولسىمۇ خەلق كومىسسارىغا دەپ باقساق ئىش تۈگەيتتى! رېچكوپلۇقلار، دىمىترى ئاۋارە بولۇپ، كىشىلەرگە ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ نەتىجە چىقمىدى، دېيىشەتتى...

دادام يۇمشىغاندەك قىلدى: كۆڭۈل ئۈچۈن بولسىمۇ، بېرىپ بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلىش كېرەكتۇ، بەلكىم؟ ئەلۋەتتە شۇنداق، بەربىر، ھېچكىممۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشنى خالىمايدۇ، سالۇمان سوتقا تارتىلىشتىن چوقۇم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، خۇددى قەرزدار

قېچىپ قۇتۇلمىغاندەك. بۇ بەئەينى ئىككى يەردە ئىككى توت دېگەن-دەكلا ئىش...

ئانام دادامنىڭ يۇمشاپ قالغانلىغىنى كورۇپ، ئۆزىنىڭ گېپىنى زېرىكمەي تەكرارلىدى:

— سىز مىشاغا دەپ بېقىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەقدىردە پۇتۇلگىنى بولار. رېچكوپلۇقلار سىزنىڭ هورۇنلۇق قىلمىغانلىغىڭىزنى، خەلق كومىسسارىغا بىرەر ئېغىز بولسىمۇ گەپ قىلغانلىغىڭىزنى بىلىپ قالسىلا بولدى...

دادام ئەمدى ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باش-لىدى، ئۇ پۇتۇن دىققىتى بىلەن تاماكىدىن چىقىۋاتقان ئىسقا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئانامنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئويىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىشمۇ ئەمدى شىرغا ئوخشاش ئەمەس، بەلكى ئۇزاق يول ماڭغانلىقتىن هېرىپ هالى قالمىغان ئادەمدەك بولۇپ قالغان ئىدى...

ئىش دادامنىڭ تېز پۇكۇشى بىلەن ئاياقلاشتى.

— ماقۇل، — دېدى ئۇ، — ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىغا[1] بېرىپ، مىشاغا دەپ باقاي. لېكىن، لېلىيا، بىلىشىڭ كېرەك، بۇنىڭ هەممىسى بىكار ئاۋارىچىلىق. قانۇن، نىملا بولمىسۇن، قانۇن-دە.

ئانام سوهبەتنىڭ نەتىجىسىدىن بەكمۇ خوش بولدى-دە، ئالدىراپ بازارغا كەتتى.

ئەتىسى دادام ئىشتىن يېنىپ كەلگەندە، نىمە ئۇچۇندۇ چىرايى

---

[1] 1946 - يىلدىن كېيىن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىگىگە ئوزگەرتىلگەن.

www.uyghurkitap.com

تۇتۇق ۋە غەمكىن كورۇنەتتى، بەلكىم، ئاللىقانداق بىر ئىش ئۇچۇن قايغۇرۇۋاتسا كېرەك.

ئانام دەرھال شىرەگە داستىخان سالدى، دادامدىن بىرەر گەپمۇ سورىمىدى. دادام گېلىنى قىرىپ قويۇپ، قاپىغىنى تۇرگىنىچە گەپ قىلماي ئولتۇراتتى. چوقۇم ئاللىقانداق بىر كوڭۇلسىز ئىش يۈز بەرگەندەك ئىدى. لېكىن ئۇ قانداق ئىش بولغىيتى؟

بىز شىرەنىڭ چورىسىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئانام ھەر بىرىمىزگە بىر تەخسىدىن شورپا ئۇسسۇپ بەردى، ئاندىن:

— ئوبدان ئۇن ئۇچراپ قالدى، قېنى بۇ ئۇماچنى تېتىپ بېقىڭلار، — دېدى قورۇنغان ھالدا.

بۇنداق چاغدا گەپكە ئارىلىشىۋېلىشقا بولمايدىغانلىغىنى بىلگەچكە، ئۇكام بىلەن ئىككىمىز ئاۋازىمىزنى چىقارماي ئولتۇرۇپ تاماقىمىزنى يەۋاتاتتۇق. بىز دادامنىڭ چىرايىغا تەشۋىشلەنگەن ھالدا قاراپ-قاراپ قوياتتۇق. كىچىك سىگنالىم تانىيە قاتلىنىدىغان جوزىسى بار بالا ئورۇندۇغىدا ئولتۇرۇپ بىر نىملەرنى دەۋاتاتتى، ئۇمۇ كەيپىياتنىڭ ئادەتتىكىگە ئوخشىمايۋاتقانلىغىنى سەزگەن بولسا كېرەك، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرغىدەك كەپسىزلىك قىلمايتتى...

گوش نان يەۋاتقاندىمۇ، شورپا ۋە ئۇماچ ئىچكەن چاغدىكىگە ئوخشاش، دادام يەنىلا گەپ قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇماچ ئوخشاپتۇ يا ئوخشىماپتۇمۇ دېمەيتتى، شورپا تۇزلۇق بولۇپ قاپتۇ يا ئۇنداق بولماپتۇ دېگەن گەپنىمۇ قىلمايتتى. قىسقىسى، بۇگۇنكى چۇشلۇك تاماق جىمجىتلىق ئىچىدە يېيىلدى دېيىشكە بولاتتى، بۇنداق جىمجىتلىق ۋولودە بىلەن ئىككىمىز جىدەل تېرىسىپ، خوشنىلار بىزنىڭ ئۇستىمىزدىن داتلاپ كەلگەندىمۇ بولمايتتى.

بىز دادامنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويىماسلىقىقا تىرىشاتتۇق: مىشىلدىتىپ بۇرنىمىزنى تارتمايتتۇق، ھەم بىر بىرىمىز بىلەن چىمدىشمايتتۇق، شورپىنى داستىخانغا توكۇۋەتمەيتتۇق، تانىيەنى ئەركىلىتىپ ئويناتمايتتۇق، قاچا-قۇچىلارنىمۇ بىر بىرىگە ئۇرۇۋەتمەيتتۇق. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، بىز ھەممىمىز يۇۋاشلىشىپ قالغان ئىدۇق.

تاماقتىن كېيىن، دادام گىلاس قىيامى قۇيۇلغان چاينى ئىچىپ بولۇپ، يوتىلىپ قويدى. بۇ ھال چۇشلۇك تاماق ئاخىرلاشتى، باشقا ئىشلار توغرىسىدا ئانچە-مۇنچە سوزلىشىشكە بولىدۇ دېگەننى بىلدۇرەتتى. ئانام دىققەت قىلىشقا باشلىدى، بىزمۇ دىققەت قىلىشقا باشلىدۇق.

— تازا چاتاق بولدى، — دەپ گېپىنى باشلىدى دادام، — يەنى چاتاق شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، نېمە دېيىشىمنىمۇ بىلمەيمەن. ئىش مانا شۇنداق.

ئۇ توختاپ قالدى. ئانام ۋىلكىنى بىر چەتكە قويۇپ قويدى، بۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەن ئانام قورقۇپ كەتكەن ئىدى.

دادام گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا مۇھىم ئىشلارنى سوزلىگەندەك، ئۇ بىر خىل ئاھاڭدا ئوچۇق ھەم تەپسىلى سوزلەيتتى:

— ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىغا بېرىپ، كومىسسار مىشانىڭ ئىشخانىسىدا بار-يوقلۇغىنى سورىغان ئىدىم، كېلىشكەن بىر ئايال كاتىپ ماڭا: ”دمىترى ئىوسىفوۋىچ، مەن ھازىر بېرىپ خەۋەر قىلاي، سەل تەخىر قىلىپ تۇرسىڭىز“ دېدى. ئۇنىڭ كىملىگىنى مەن بىلمىدىم، لېكىن ئۇ مېنى تونۇيدىكەن. مەن ھاسامنى كىيىم

ئاسقۇچ قويۇلغان بۇلۇڭغا قويۇپ، شلەپەمنى ئىلغۇچقا ئېلىپ قويۇپ، ئولتۇراي دەپ تۇرۇشۇمغا مىشا چىقىپ قالدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە مەن بىلەن قول ئېلىشىۋېتىپ: "دىمىترى ئۇسىد-غۇۋىچ، نىمىشقا بۇ يەردە تۇرىسىز؟ نىمىشقا مېنىڭ ئىشخانامغا كىرمە-دىڭىز؟" دېدى. مەن: "خەۋەر قىلماي تۇرۇپ كىرگۈم كەلمىدى" دېدىم. ئۇ ئايال كاتىپقا مېنى ساقلىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن بىرنەچچە ئېغىز كايىپ قويۇپ، ئاندىن مېنى قولتۇقلىغان پېتى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ تۇرقى سەل ئۆزگىرىپتۇ: چىرايى بىرئاز سار-غىيىپ، يۈزىدىكى قورۇقلارمۇ كۆپىيىپ قاپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېشى ئانچە چوڭ ئەمەس. ئۇ يەردە ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن بىرنەچچە كىشى بار ئىكەن، ئۇلار شۇ زامات كېتىشتى. ئۇ مېنى كىرىسلوغا ئولتۇرغۇزۇپ، شامالدۇرغۇچنى ئېچىپ قويدى ۋە مەندىن شامال تەگسە مەيلىمۇ دەپ سورىدى. بۇ چاغدا ئۆزەم تەرلەپ تۇرغان بولغاچقا، شامالدۇرغۇچ ئەڭ ياخشى يەرگە قارىتىپ قويۇلسا دېدىم. مىشا ساڭا سالام ئېيتتى، بالىلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ سورىدى، ئەڭ ياخشىسى، سىلەرنى بىرەر داچىغا ئاپىرىپ قويساق بولاتتى دېدى. ئۇ ماڭا ئابخاز ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ خەلق كومىسسارىياتىغا مېنىڭ «ئابخاز تارىخى» دېگەن كىتاۋىمنى نەشر قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. مەن بۇ خەۋەرنىڭ نەدىن كەل-گەنلىكىنى سورىسام، ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، خەلق كومىسسارى بولغاچقا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ، بىز بىر پەس كۆلۈشتۇق، بىردەم تاغدىن-باغدىن پاراڭ سېلىشتۇق. مەن ئۇنىڭ قانچىگە كىرگەنلىكىنى سوراپ، ئېسىمدە قالغىنى خاتا بولمىسا، ئۇنىڭ ئوتتۇزلارغا كىرگەنلىكىنى دېسەم، "ئوتتۇز بىرگە

كىردىم» دېدى مىشا. ئۇ چەسنىچە كېيىنگەن بولسىمۇ، يېنىغا ناگان ئېسىۋاپتۇ. ئۇ يەنە كودورى دەرياسىغا يامغۇردىن كېيىن سەل كېلىپ كېتىپ، ئادىبۇبژىدا بىر ئادەمنىڭ سۇدا ئۆلگەنلىكىنى دەپ بەردى. ئۇ ھېلىقى ئۆلگەن كىشىنىڭ ئىسمىنى دېۋىدى، لېكىن مەن ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن، تېخى ياشلا كىشى بولسا كېرەك...

دادامنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ چاغدا مىشاغا بىر يەردىن تېلېفون كەلگەن ئىكەن، مىشا تېلېفوندا ئۇ ئادەم بىلەن بىرنەچچە قاراقچىنىڭ ئورمانلىقتىن چىقىپ ھوكۇمەتكە ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقى توغرىلىق سۆزلىشىپتۇ. ئۇ ئۇلارنى سۇخۇمىغا ئاپىرىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ بىر تال مويىغىمۇ تەگمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. خەلق كومىسسارى مىشا دادامغا بەزى كىشىلەرنىڭ چار پادىشا زامانىدىن باشلاپلا ئورمانلىقتا يوشۇرۇنۇۋېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى؛ ئۇلارنىڭ قۇتقازغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ قالغانلىرىنى قاتتىق جازالاش لازىملىقىنى، ھوكۇمەتكە ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىرىنىڭ بولسا ئۆتمۈشىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

دادام بىر ئىستاكان سوغاق سۇ ئىچەي دېۋىدى، مەن ۋولودە ئاشخانىدىن سۇ ئېپچىقىپ بېرەي دەپ ئولتۇرسام، ئۇ مەن بىلەن قېرىشىپ بارغىلى ئۇنىمىدى. نەتىجىدە سۇنى ئانام ئېپچىقىپ بەردى (ئاشۇنداق ئەھۋال بولۇپ قالغاندا دائىم شۇنداق بولاتتى).

دادام تېزلا گەپنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قىسمىغا ئۆتتى:

—"دمىترى ئىوسىفوۋىچ، سىز بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كېلىپ قالدىڭىز؟"—دەپ سورىدى مىشا. مەن بۇ ھەم سەت، ھەم ئۈمىتسىز بولغاچقا ئاغزىمنى ئېچىشتىن ئۇيۇلۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم.

ئاندىن رىچكوپتا يۈز بەرگەن ئىشنى دەپ بەردىم، يەنە سالۇماننىڭ خوتۇنى ۋە ئىنگىچە ـ سىڭىللىرىنىڭ بىزنىڭكىگە كېلىپ، مېنىڭدىن خەلق كومىسسارىغا دەپ بېقىشنى يىغا ـ زارە بىلەن ئۆتۈنۈپ قىلغانلىقىنى دېدىم. ئۇ: "ئۆلگۈچى كىم بولىدۇ؟" دەپ سورىۋىدى، مەن ئۇنىڭ قىلمىشىغا توۋا قىلغان سېپىا ئىسمىلىك بىر باندىت ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم... ئۇ: "بۇ ئادەمنى مەن بىلمەن..." دېدى. قىسقىسى، مەن ئۆزەم بىلىدىغان ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى دېدىم. مىشا: "سالۇمان قېچىپ كەتتىمۇ، ياكى قولغا ئېلىندىمۇ؟" دەپ سورىغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى، ئۆزى ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقىنى ئېيتتىم. مەن ئۆزەرە ئېيتىشقا باشلاپ، رىچكوپتىن كەلگەن بىرنەچچە ئايالنىڭ گېپىنى يىراقلىمغانلىقىم ئۈچۈنلا كەلگەنلىكىمنى بىر تاغار گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ، قانۇنغا خىلاپ كېلىدىغان ھەرقانداق تەدبىرنى قوللانمىسىڭىز دېدىم. "ئۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ كونكرېت تەلىۋى نېمىكەن؟" دەپ سورىدى مىشا. مەن، بۇ ئىش مەقسەتلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار سالۇماننى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىكەن، دېدىم. يەنە، بۇنداق قىلىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى، بۇنى ئۆزەمنىڭمۇ بىلىپ تۇرغانلىقىمنى ئېيتتىم. لېكىن مىشا كۈلۈپ قويدى ۋە: "دمىترى ئيوسىفوۋىچ، بۇ يەرگە كېلىپ ئاۋارە بوپسىز، بۇ ئىشنى ماڭا تېلېفوندا ئېيتىپ قويسىڭىزلا بولاتتى. مەن سىزنىڭ تەلىۋىڭىزنى يەردە قوياتتىممۇ؟" دېدى ـ دە، تېلېفوننى ئېلىپ، كۆربا دەيدىغان بىر يولداش بىلەن سۆزلەشتى، ئارقىدىن يەنە رېيبا دېگەن بىرەيلەنگە تېلېفون بەردى، ئاندىن يەنە كىمگىدۇ بىرسىگە تېلېفون بەردى ۋە: "ئۇ ئادەمنى دەرھال قويۇپ بېرىڭلار" دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ ماڭا: "دمىترى ئيوسىفوۋىچ،

سز ئويىڭزگە يېتىپ بارغىچە، سالۇمان قاشانىڭ يېنىدا سىزنى كۇتۇپ تۇرىدۇ“ دېۋىدى، ”نىمە؟ — دەۋەتتىم مەن، — بۇ سالۇماننىڭ ماڭا كېرىگى يوق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئويىگە كەتسۇن، مېنىڭ ئۇنى كورگۇم يوق!...“ شۇنداق قىلىپ، ئۆزەمنىڭ كوچىغا قانداق چىقىپ قالغانلىغىنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. مەن شۇنداق خىجىل بولۇپ كەتتىم، خۇددى مەن ئۇنىڭ شىرىگىدەك...

دادام ھىكايىسىنى ئېيتىپ بولۇپ، يەنە سۇ ئىچمەن دېۋىدى، بۇ دورەم سۇنى ۋولودە ئېپچىقىپ بەردى.

— لېلىيا، — دېدى دادام ئانامغا قاراپ، — ئىش سېنىڭ كوڭلۇڭدىكىدەك بوپتۇما؟

دادام ئانامنىڭ جاۋاۋىنى كۇتمەيلا شىرەنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ئۇچۇن بالكونغا چىقىپ كەتتى. ماڭا ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى قىينىلىشۋاتقاندەك سېزىلدى...

دادام بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئانامغا سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۇ ئىشلارغا سەن ھەيران بولمامسەن؟

(«سوۋېت ئەدبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1981 ـ يىلىلىق 4 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەرجىمە قىلغۇچى: خوجائابدۇللا ئوسمان.
تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: نۇرمۇھەممەت دولەتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# بىر دانە ئاتكرىتكا

(فېلىيېتون)

**ي. ساداۋنىكاس**



مەن دېڭىز بويىدا خاتىرجەم دەم ئېلىۋاتاتتىم. ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولغان بىر جۈمە كۈنى بىردىنلا ئەتە باشلىقىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكى ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

تەبىكى، ئالدى بىلەن ئويلىغىنىم تېزرەك سوغا ـ سالاملىقلار دۇكىنىغا بېرىپ ھەم ئەرزان، ھەم غەيرىرەك بىر نەرسە ئېلىپ، ئۇنىڭغا تازا قاتۇرۇپ يېزىلغان بىر تەبرىكنامىنى قوشۇپ مېنىڭ ھىلىقى قەدىردان خوجايىنىمغا ئەۋەتىپ بېرىش بولدى.

دۇكاندا ئادەم تىقما ـ تىقماق ئىدى، مەن ئادەتتە چىڭىقتۇرۇپ يۈرگەن بىلىگىمنى ئىشقا سېلىپ، كىشىلەرنى نېرى ـ بېرى ئىتتىرىپ يۈرۈپ پوكەي ئالدىغا كەلدىم. لېكىن ئەرۋايىم ئۇچۇپ كەتتى، بۇ دۇكاندا غەيرىرەك نەرسە تۇگۇل، ئەرزانراق نەرسىمۇ يوق ئىدى.

بايا بۇنداق غەيرىرەك نەرسىلەر كىچىك بولغانسېرى قىممەت بولىدىكەن دىسە. دەل مۇشۇ چاغدا، ئوزەممۇ ئۇقماي قالدىم، قانداقتۇ رەنجىگەن بىر ئىش يادىمغا كەلدى. ئېسىمدە، بىر قېتىم باشلىقىم قىتىغرلىق قىلغانلىقتىن دىرېكتور مېنىڭ ئىسمىمنى مۇكاپاتلىنىدىغانلار تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋەتكەن ئىدى.

"سەندەك بىر قاقۋاشقا تەبرىكنامە ئەۋەتسەممۇ چوڭ ئىش." — مەن ئاشۇنداق نىيەتكە كەلدىم.

مەن پوچتىخانىغا كىلىپ، چوڭ بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ، ھېچنىمىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا "قەدىرلىك دىرېكتۇر" دىگەن خەتلەرنى يازدىم.

باشلىنىشىغۇ يامان ئەمەس باشلاندى، شۇغىنىسى ئاخىرىغا گەپ تاپالماي قالدىم.

بۇ يەردە، مەن ھەر كۇنى راھەتلىنىپ ئاپتاپ سىنىمەن ۋە يېڭى-ساپ دېڭىز ھاۋاسىدىن بەھىرلىنىمەن، قانداقتۇ، مۇشۇ تاپتا ۋە مۇشۇ چاغدا مېنىڭ ھىلىقى باشلىقىم قەدىرلىكمۇ، سويۇملۇكمۇ ئەمەس بولۇپ تۇيۇلدى. بۇلا ئەمەس، مېنىڭ ئېسىمدە ئۇ تازا بىر كوكەمە، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان بىر نىمە ئىدى.

قاراڭلا ئۇنىڭ رەئىس مۇنبىرىدە ئولتۇرغان ئاۋۇ تەلەتىنى! ئىككى كوزىنى ئىززەت-ھورمەت بىلەن دوكلاتچى قىلغۇچىغا تىكىپ، خۇددى چوڭقۇر ئويغا پاتقاندەك بىر بارمىغى بىلەن كاللىسىنى تىرەپ ئولتۇرىدۇ. ئەزبىرايى خۇدا، ئاشۇ كاللىنىڭ ئىچى قۇرۇق، خۇددى ئۇزاق يىل كومۇپ تەييارلانغان ۋوتكىنىڭ كورۇپكىسىغا ئوخشاش.

ھېچنىمە يوق، قۇرۇق دەپ قارىمىغىن، بۇ كاللا سېنى كۇرمىڭ قېتىم دەشنامغا ئۇچراتقان ۋە ئوسال ھالغا چۇشۇرۇپ قويغان!

شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن ئۇنى تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلىمەسكە جۈرئەت قىلالامسەن؟ ۋاييەي، ئۇ دىگەن بۇنىچىلىك ئىشلارغا كەلگەندە قىلنى قىرىق يارىدۇ.

مېنىڭ كوزۇم يەنە جىددىلىك بىلەن پۇكەينىڭ ئۇستىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا قاراشقا باشلىدى. ھەببەللى، مانا چارە دىگەن! ئەۋرىشكە جازىسىدىكى ئالا-يېشىل، چىرايلىق ئاتكرىتكىلارغا كوزۇم چۈشتى. ھە، مانا، مانا ئەمدى قۇتۇلدىغان بولدۇم.

"تۇغۇلغان كۈنىڭىز مۇناسىۋىتى بىلەن سىزنى تەبرىكلەيمەن، سىزگە..." دەپلا بىر دانە ئاتكرىتكا ئەۋەتىش ھەممىدىن ئاسان، بۇ ھەم ئەرزان، ھەم يارىشىملىق بولغاچقا تەسىرمۇ كورستەلەيدۇ تېخى. دىمەك ھەرتەرەپتىن بولىدۇ.

مەن مۇشۇ ياخشى نىيىتىمنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەل باغلاپ، ئانچە دىققەت قىلىپ ئولتۇرمايلا بىر ئاتكرىتكا ئاپتىمەن. مەن دەرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ (ئۇستەللەرنى دەم ئېلىۋاتقانلار ئىگەللەپ كېتىپتىكەن) بىرنەچچە ئېغىز قىزغىن گەپلەرنى يېزىپ، ئاخىرىغا كېلىشتۇرۇپ ئىمزايىمنى قويدۇم. ئەمدى ئۇنى پوچتا ساندۇقىغا تاشلايدىغان چاغدا، خۇددى خۇشلىنىشۋاتقاندەك، ئاتكرىتكىدىكى سۈرەتكە بىر كوز تاشلىدىم. ۋاييەي، ۋاي خۇدايىمەي! يېڭى يىل ئارچىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان شامنىڭ سۈرىتىكەن ئەمەسمۇ! بۇ قانداقمۇ بولسۇن، بۇرادەر! بۇ ئاتكرىتكىنى يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن بىراۋنى تەبرىكلەشكە ئىشلەتسىمىغۇ بولار، لېكىن... مېنىڭ دىرېكتورۇم گۇمانخور، خۇراپى ۋە يەنە كېلىپ خۇشاللىنىش بىلەن ئاچچىغلىنىشقا كەلگەندە تايىنى يوق ئادەم-دە.

ياق، بۇنىسى مۇۋاپىق كەلمەيدۇ... ئۇنىڭ گۇمانىنى تۇغدۇر-

ماسلىق كېرەك... تۇرلۇك يىغىنلاردا ئۇ ھامان سىنىڭ ئاغزىڭغا قاراپ ئولتۇرىدۇ، گويا سىنىڭ ئۇنىڭغا دارىتىملايدىغان ياكى تەئەددى قىلىدىغان گەپىنى قىلىشىڭنى كۇتۇپ تۇرغاندەك. سەن ئۇنىڭغا "شەرق" دىسەڭ، ئۇنىڭغا ھامان "غەرپ" دەپ ئاڭلىنىدۇ. سەن ئۇنىڭغا مەن توگە ئەمەس دەپ ھەرقانچە چۇشەندۇرسەڭمۇ، لېكىن ئۇ سىنى توگە دەپ قاراپ، يېڭىنىڭ كوزىدىن ئوتكۇزمەي زادى قويمايدۇ.

ياق، خۇدايىمەي،... ئۇنىڭغا ھەرگىز شامنىڭ سۇرىتى چۇشۇرۇل-گەن ئاتكرىتكىنى ئەۋەتكىلى بولمايدۇ، ئۇ ئۇزىچە ماڭا تاۋۇتنى ئىشارە قىلىپتۇ دەپ قالىدۇ...

ئەمدى مەن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئاتكرىتكا تاللاشقا كىرىش-تىم. مەن بەكمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇزاق تاللىدىم. ئاخىر بىرنى ياراتتىم، ئۇنىڭغا ئايدىڭدا دەرەخلىقتىكى بىر بوش يەردە تۇرغان جۇرنىڭ سۇرىتى چۇشۇرۇلگەن ئىكەن... ئويلاپ بېقىپ، بۇنى تازا مۇۋاپىق بولدى دەپ قارىدىم...

جۇر — ئادەمگە زىيان يەتكۇزمەيدىغان يۇۋاش ھايۋان. ئىتائەت قىلىش ۋە ھورمەتلەشنىڭ ئىپادىسى، ئۇنىڭدا قانداقمۇ ئىككى بىسلىق ئۇقۇم بولسۇن؟

مەن پورتمالىمنى چىقىرىپ، بىرنەچچە كوپىك ئالماقچى بولدۇم. بۇ چاغدا بىر ئوي مېنى خۇددى توك تەپكەندەك چوچۇتۇۋەتتى: بۇ جۇر ئۇنىڭ ھىلىقى ئايال كاتىۋىغا بەكمۇ ئوخشايتتى! قاراڭلا، ئەنە ئۇنىڭ مۇلايىم مەڭزى، قوچاقلارىنىڭكىدەك كوزى، كىرپىكى... شۇدە... بۇنى ئۇ سىزىپ قالمىسۇن! ئېھ، بۇسىمۇ بولماي قالدى...

مەن يېڭىۋاشتىن ئاتكرىتكا تاللاشقا كىرىشتىم، تاللىغاندىمۇ تازا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باش قاتۇرۇپ تاللىدىم-دە...

ئاخىر بىرىنى ياراتتىم: ئۇنىڭدا سىزىلغىنى ۋاكۇئۇم بوشلۇغىدا لەيلەپ تۇرغان بىرنەچچە رەڭلىك جىسىم بولۇپ، ھەم خرۇستال ئەينەككە، ھەم قەھرىۋاغا ئوخشايتتى. بۇنىسى ھەقىقەتەن باشقىچە ئىشلەنگەن ئىدى ۋە يوسۇندىنمۇ چىقمايتتى...

"ماڭا كېرىكى مانا مۇشۇ، — دەپ ئويلىدىم مەن ئىچىمدە، —

مەلۇمكى، مەيلى تىزگىنلەش نەزىرىيىسى بولسۇن ۋە مەيلى ئېلېك-
ترو-ماگنىت ئىلمى بولسۇن، ئۇ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيدۇ.“
لېكىن، قوغدىنىش تۇيغۇسى مېنىڭدە يەنە رول ئوينىدى، مۇبادا
ئۇ بىردىنلا مېنى: سەن مېنى تولۇق ئالى مەلۇماتلىق ئەمەس
دىمەكچى بولسەن، دەپ تۇرۇۋالسا ئۇ ھالدا قانداق قىلىمەن؟
ئەنە شۇ تەرىقىدە توپ-توغرا بىر سائەت ئاۋارە بولدۇم، كال-
لامنۇ قوچىلىپ كەتتى. گۇناسىز بىر ئاتكرىتكىغا كوزۇم چۇشسىلا،
كاللامغا دەرھال خىلمۇ-خىل قىياس ۋە ئەندىشىلەر كېلىۋالاتتى.
مەن ئاخىر بىر ئاتكرىتكىنى تاپتىم: ئۇنىڭدا تىپ-تىنچ دېڭىز،
ئۇپۇق تەرەپتىن كوتىرىلىۋاتقان دولقۇن غۇۋا كورۇنۇپ تۇراتتى،
ئەگمە كوۋرۇكنىڭ ئارقا تەرىپىدە پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياش، — بۇ
بالىتىق دېڭىزىنىڭ كەچقۇرۇندىكى كورۇنۇشى ئىدى... بۇ ھېچقانداق
گۇمان تۇغدۇرمايدىغان بىر كورۇنۇش ئىدى. بۇ قېتىم مەن ئانچە
ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئىمزا قويۇپ، خەت ساندۇغىغا تاشلىۋەتتىم.
مەن يېنىكلىگەندەك بولۇپ بىر نەپەس ئالدىم-دە، يەنە دېڭىز
بويىغا قايتىپ كېلىپ، تىنچ-خوشال، غەم-غۇسسىسىز دەم ئېلىش
تۇرمۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋەردىم.
لېكىن، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىدارەمگە قايتقىنىمدا، مېنى كۇتۇۋ-
ۋالغىنى ھىلىقى باشلىغىمنىڭ قەھرى-غەزەپكە كەلگەن كوزى بولدى.
ئۇ مېنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كورۇشمىدى، بەلكى غەزەپ بىلەن
چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ: ”بابا سەن مېنىڭ ئەملىمدىن خۇددى
ئاشۇ قۇياش پاتقاندەك تېزرەك چۇشۇشىمنى تىلەيدىكەنسەن-دە؟
ياخشى گەپ، قېنى كورىمىزغۇ!...“ دېدى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىمدىن بىر قاپاق سوغ سۇ قۇيۇلغاندەك

ئۇيغۇر كىتابلار تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولدى.

نەدىن بىلەي، مەن دەم ئېلىۋاتقان كۈنلەردە مېنىڭ باشلىغىم قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش يەپتىكەن ئەمەسمۇ؟!

ئېھ، خۇدايا پەرۋەردىگارا، ئادەمنىڭ كاللىسىدا يىراقنى كۆرەرلىك نەقەدەر كەم بولىدۇ-ھە!

ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزەمگە مۇنداق مۇقەددەس بىر ماددا بەلگىلىدىم: كىم، قاچان ۋە قانداق ئىش بولسۇن، ئىككىنچى ھېچكىمگە ھەرگىز ئاتكىرىتكا ئەۋەتمەيمەن.

(«سوۋېت ئەدەبىيات-سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ
1981-يىللىق 2-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرمۇھەممەت دولەتى.
تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: خوجائابدۇللا ئوسمان.

# توي ۋاقتىدىكى كۈتۈلمىگەن سوغا

(فېلىيېتون)

ئو. خانىيېۋ



تېخى يېقىنغىچە، بىراۋ ئىئوناسنى تىلغا ئېلىپ قالسىلا، زويا خۇرسىنغان هالدا:

"ئىئوناس؟ ھېلىقى توخۇ-ئوردەك مۇتەخەسسىسمۇ؟... ۋاييەي، ئۇنىڭ پوبىداسى بولغان بىلەن ئوزى ئىنتايىن تېتىقسىز بىر ئادەم..." دەيتتى.

لېكىن مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ ئىئوناسقا بولغان

پوزىتسىيىسى بىردىنلا ئۆزگىرىپ قاپتۇ. بىر قېتىم زويا كوچىلىدا كېتىۋېتىپ ئەنئۇناسنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، نىمە ئۈچۈندۇر ئالاھىدە ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپتۇ.

ئەتىياز كىردى، ئالى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىش باشلاندى. گەرچە زويا ئەتراپىدىكى ئىشلارغا ئانچە كۆڭۈل بولمەي قالمايدىغان قىز بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجانلانماقتا ئىدى، چۈنكى ئۇ دوختۇر بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ پىكرىچە، ھازىر ئۇنىڭ قىلماقچى بولغىنى مۇنداقلا بىر رەسمىيەت — دولەتلىك ئىمتىھان ئارقىلىق "دىپلوم" دەپ ئاتىلىدىغان كوك تاشلىق بىر دەپتەرگە ئىگە بولۇش ئىدى.

بىراق، ئىككىنچى قەدەمدىچۇ؟ ئىككىنچى قەدەمنى قانداق بېسىش كېرەك؟ زويانىڭ كاللىسىغا ئويلىغان لايىھە كەلدى، بىراق مەنزىرە ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خۇنۇك بولۇپ ئوتۇپ كەتتى. ئوھو، ئۇ پىيلىنىشدىسقا تەقسىم قىلىنىپتۇ! ئۇ يەردە رەڭگا-رەڭ ئېلېكتىر چىراقلىرىدا ئىشلەنگەن ئېلانلارمۇ، تىياتىرخانىلارمۇ يوق ئىدى. شۇ سەۋەپتىن زويا پىيلىنىشدىسقا بېرىپ خىزمەت قىلغىچە ۋىلنيۇستا① قېلىپ، تىنچىقسىز بىر ئەرگە تەككەن ياخشى، دىگەن قارارغا كەلدى.

ئۇ ئەنئۇناسقا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى. ئۇزىنىڭ پوبىداسى بار بۇ كىشىگە كەلسەك (ئېبىتقاچ كېتەي، شەھەر مەركىزىدە ئۇنىڭ بىر يۈرۈش يېڭى ئويىمۇ بار ئىدى)، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى

---

① لىتۋان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى.

بىر دىن-بىر كوڭۈلسىزلىك زويانىڭ ئۆنىڭغا ئۆزاقىقىچە سوغ مۇئامىلىدە بولغانلىغى ئىدى.

زويانى ئەتراپتىكى بىر رايونغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ۋە خىز-مەتكە تەيىنلەش خېتىگە ئىمزا قويۇشقا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ رەت قىلدى.

— مەن ۋىلنيۇستىلا خىزمەت قىلىشىم مۇمكىن، بۇنى بىلىپ قويۇشۇڭلار كېرەك، — دىدى ئۇ سۇمبۇل چاچلىرىنى چايقاپ. — مەن تۇرمۇشقا چىقماقچىمەن!

لېكىن ئۇ بۇ قېتىمقى سوھبەت توغرىلىق ئىئوناسقا زادىلا ئېغىز ئېچىپ باقمىدى. ھەتتا زويا خىزمەتكە نەگە تەقسىم قىلىنغانلىغى توغرىسىدا سوز ئاچقان چېغىدا ئىئوناسقا مەيۇسلەنگەن ھالدا:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاشۇ نەس باسقان پېبلىشدىس دىگەن يەرگە بارماي بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ! — دىدى.

— نىمە؟ ئۇ يامان ئەمەس يەرغۇ! — دىدى ئىئوناس كۇلۇمسىرى-گەن ھالدا. زويا ئۆنىڭ تەلەپپۇزىدىن يا چاقچاق قىلىۋاتقانلىغىنى، يا ئەستايىدىل گەپ قىلىۋاتقانلىغىنى بىلمەي قالدى.

ئۆزاققا بارماي توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلدى. توي زىياپىتى قىزغىن ۋە خوشال ئۆتتى. ئىئوناس بولغۇسى خوتۇنىنىڭ ھوكمىنىڭ تامامەن ئەكسىچە ئىدى: بايا ئۇ تېتىقسىز ئادەم ئەمەسكەن. ئۇ ھەزىل-چاقچاقلار بىلەن ۋە ھەر بىر "گوركى"①غا خوشاللىق

① سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر خىل ئادەت، توي ۋاقتىدا مېھمانلار تويى بولۇۋاتقان قىز-يىگىتكە قاراپ "گوركى" دەپ توۋلىسا، ئۇلار بۇنىڭغا بىر بىرىنى سويۇپ جاۋاپ بېرىشى كېرەك.

بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ ئولتۇردى.

دەل مۇشۇنداق قىزغىن ۋە خوشال كەيپىيات ھوكۇم سۈرۈۋاتقان پەيتتە، يان تەرەپتىكى ئۆيدىن تېلېفون جىرىڭلىغان ئاۋاز كەلدى. ئىئوناس ئالمان-تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ شۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. كىشىلەر قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن ئۇنىڭ باش-ئۇچى يوق بىرنەچچە ئېغىز گېپىنى ئوچۇق ئاڭلىدى:

— رەھمەت، رەھمەت سىزنىڭ تەبرىكىڭىزگە! ياق، نىمىشقا كىچىككەن بولىدىكەن؟...ھە، قارار بولدى...بۇ بەك ياخشى بوپتۇ!... نىمە؟ ئۇما؟ ئۇ ئەلۋەتتە ئىنتايىن خوشال بولىدۇ-دە.

ئۇ مەمنۇن ھالدا ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلدى.

— دوستلار! — دېدى ئىئوناس ئىگىز پۇتلۇق رۇمكىغا ھاراقنى تولدۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— ھازىر مەن كوپچىلىككە چوڭ دېسە چوڭ ئەمەس، كىچىك دېسە كىچىك ئەمەس بىر خوش خەۋەرنى ئېيتماقچىمەن: يېقىن ئارىدا زويا ئىككىمىز...

— شىرىن ئاي ساياھىتىگە چىقامسىلە؟ — خىزمەتداشلاردىن بىرى توۋلىدى.

كىمدۇ بىرى باشلاپ چاۋاك چالغىلى تۇرۇۋىدى، ھىلىقى خىزمەتدىشى يەنە ئۈنلۈك توۋلىدى:

— ئەمىسە ھەممىمىز ئالاھىدە بىر رۇمكا كوتىرىدىكەنمىز-دە!

شۇنداق قىلىپ، مەرىكە ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم قايناق يېڭى دولقۇن كوتىرىلدى.

ئەتىسى ئىئوناس ئەتىگەن تۇرۇپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

زويا ئوزى يالغۇز يېڭى ئۆيىنى تۇنجى قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى.

بۇ ناھايىتى چوڭ ئۆيدىن بويتاق ياتقاندىكىدەك بىر خىل ۋەيرا-نىلىق چىقىپ تۇراتتى. ئەمدى بۇ يەردە چوقۇم ھەقىقىي راھەت باشلىنىدۇ. ماۋۇ ئۆينى مېھمانخانا قىلىش كېرەك، تېلېفوننى مەشەگە يوتكەپ چىقىش لازىم. مونچىغا يەنە بىر ئەينەك ئېسىش كېرەك...بۇ تامىلارغا بولسا گىلەم تارتىش كېرەك.

ئىئوناس ئۇزاققا قالمايلا چوڭ بىر سومكىنى كوتىرىپ قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئايالىدىن تېچلىق-ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن دىدى:

— ئەمدى تەييارلىق كورسەك بولار!

— تەييارلىق؟ — زويا چوچۇگەن ھالدا ئۇنىڭ سوزىنى بولۇۋەت-تى، — راست، ئالدى بىلەن سورايچۇ، ئاخشام سىز دىگەن شىرىن ئاي ساياھىتى زادى قانداق گەپ؟

— شىرىن ئاي ساياھىتى؟ ھە، ئۇ چاقچاق ئەلۋەتتە، مەن بىر ئېغىر چاقچاق قىلىپ قويدۇم...قىسقىسى، بىز راستىلا تېزرەك يىغىشتۇرساق بولىدۇ...ئوي قۇشلىرى مۇتەخەسسىسمىكىن، مىنىستىر-لىكتىن يېڭىدىن كەلگەن بىر باشقارما باشلىقى بىز ئولتۇرغان مۇشۇ ئويدە ئولتۇرماقچى.

— بىزنىڭ ئويدە ئولتۇرىدۇ؟ بىزچۇ؟

— باشقىدىن بىر يۇرۇش ئوي بەردى — پىبىلىشىدىستا.

ئەمدى ئىش ئايدىڭ بولدى، ئۇنىڭ بۇ سوزلىرى چاقچاق ئەمەس ئىدى!

— پىبىلىشىدىس! — دەپ توۋلاپ كەتتى زويا، — پىبىلىشىدىس!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئەلۋەتتە!... سىز ماڭا ئاشۇ يەرگە تەقسىم قىلىندىم دېيىشىڭىز بىلەنلا مەن قارار قىلدىم: ئىككىمىز بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ تۇرالمايمىز، شۇ سەۋەپتىن مەن رايكومغا ئىلتىماس يېزىپ،... تويى ۋاقتىدا سىزگە كۈتمىگەن بىر سوغا تەقدىم قىلىشنى ئۈمىت قىلىپ يۈرەتتىم... تۈنۈگۈن كەچتە بىزنىڭ پارتىگىمىزنى سىزمۇ ئاڭلىغاندۇرسىز بەلكىم؟ رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى ماڭا تېلېفون ئارقىلىق ئىلتىماسىمنىڭ تەستىقلانغانلىقىنى ۋە مېنى پىيلىشدىسقا بېرىپ بىر كولخوزنىڭ

رەئىسلىگىنى ئۇتەشكە كورسەتكەنلىگىنى ئېيتتى.
كۈتـمـىگەن بۇ ئۆزگىرىشـتىن زويانىڭ ئاغزىـغا گەپ كەلـمەي قالدى. ئۇنىڭ چىشىنىڭ ئارىسىدىن بىرلا سوز چىقتى:
— پىبلىشدىس!...
— هەئە! ئۇ يەر دوختۇرغا بەكمۇ مۇهتاجمىش!
زويا دەلدەڭشىپ، ئوزىگە ئىگە بولالمىـغان هالـدا بىرىپ لوڭقا جازىسىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، لوڭقىمۇ پۇلاڭلاشقا باشلىدى.

(«سوۋېـت ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژورنـلىنىڭ
1981 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەرجىمە قىلغۇچـى: نۇرمۇهەممەت دولەتى.
تەرجىمىنىڭ تەهرىرى: خوجائابدۇللا ئوسمان.

كىتاپـنى مۇلاهىزە قىلماستىنـلا ئوقۇش يىگەن تاماقـنى هەزىـم قىلمىغان بىلەن باراۋەر.

**بورك**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# مانكا

## يۇ. كازاكوۋ

### 1

ۋازىنچى يېزىسى بىلەن زوروۋچا يېزىسىنىڭ ئارىلىقى ئوتتۇز ساژېن* كېلەتتى، ئوتتۇرىدا يول يوق بولغاچقا، مۇخ، ئوت-چۆپ ھەتتا موگۇ ئۈنۈپ كەتكەن بىر چاتقاللىق ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. مانكا بەزىدە: ئەگەر مەن ھەر كۈنى پوچتا خەت-خالتىلىرىنى يۈدۈپ مۇشۇ يولدىن ماڭمىسام بولسام، بۇ يەرنى ئاللىقاچان ئوت بېسىپ كەتكەن بولاتتى، كېيىن بىرەر كىشى بۇ چاتقاللىققا كىرىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىزىپ قالمىغىنىنى كورەي قېنى، دەپ ئويلايتتى.

مانكا يېتىم قىز ئىدى.

— دادام دېڭىزدا بوراندا قېلىپ تۈگەپ كەتكەن، — ئۇ مۇشۇ گەپنى قىلىۋېتىپ يەرگە قارىدى، تىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كالپۇكلىرىنى يالاپ قويدى، — ئىككىنچى يىلى ئانام ئوزىنى ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ بەكمۇ ئازاپ تارتتى! ئۇ بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى ئويىدىن چىقىپ كېتىپ، مۇز توڭقان دېڭىز يۈزىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا يۈگۈرۈپ يۈ-

---

* بىر ساژېن 2.13 كىلومېتىر كېلىدۇ. — تەرجىماندىن.

رۇپ، بىر كاچكۇلنىڭ ئالدىغا كەلگەندە كىيىملىرىنى سىلىپ يوگەپ مۇزنىڭ ئۇستىگە قويىدى ـ دە، ئوزىنى كاچكۇلغا تاشلىدى...

مانكا قىزىرىپ كېتىپ، ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـــ ئانامنىڭ مىجەزى غەلىتە ئىدى...

مانكا دىگەن بۇ قىزنىڭمۇ مىجەزى غەلىتىرەك بولۇپ، باشقىلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ جىمغۇرلۇغى، كۇلگەن ـ كۇلمىگەننىڭ ئارىلىغىدا تۇرۇشى، يەرگە قاراپ تۇرىدىغان كوكۇش كوزلىرى كىشىلەرگە سىرلىق، چۇشەنگىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. توت يىلنىڭ ئالدىدا يۇرتداشلار ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ هازىسىنى ئاچقان چاغدا، مانكا ئاۋال سوغاق چىراي بىلەن هە دەپ ئوزىنىڭ پۇتىغا قاراپ تۇرغان، كېيىن بىردىنلا بېشىنى كوتىرىپ، هازىغا كەلگەنلەرگە مەيۇسلۇك بىلەن ئەدەپسىزلەرچە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىغان. ئۇنىڭ كىشىنى ئەجەپلەندۇرىدىغان غەلىتە قارىشىدىن ئەرلەر ئوڭايسىزلىنىپ قۇرۇق يوتىلىپ قويغان، ئاياللار چوچۇپ يىغىسىنى توختىتىپ، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئىدى.

مانكا پوچتالىيونلۇق قىلغىلى ئىككى يىل بولدى. ئون يەتتە ياشلىق بۇ قىز ئالاهەزەل ۋلادىۋوستوكقا بارغۇدەك مۇساپىنى بېسىپ بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئوزىنىڭ خىزمىتىنى قىزغىن سويەتتى. ئويى بەكمۇ ئاددى بولۇپ، قۇپ ـ قۇرۇق، زېرىكەرلىك ۋە چولدەرەپ قالغان ئىدى: ئۇلاغ ـ قارا يوق ئىدى، ئۇزۇن يىل تاشلىنىپ قالغانلىقتىن، لاپاسنىڭ ئۇستى ئېچىلىپ قالغان، مەشكە ئوت يېقىلمىغىنىغىمۇ يېرىم يىل بولۇپ قالغان ئىدى.

مانكا جۇدەڭگۇ ۋە بويلۇق كەلگەن بولۇپ، پۇتلىرى ئۇزۇن،

مېڭىشلىرى چاققان ئىدى، ھېرىش دىگەننى بىلمەيتتى. بىر ياز ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چاچلىرى ئاپتاپتا سارغايدى. بىلەك ۋە پاقالچاقلىرى ئاۋال قىزىرىپ، كېيىن قارايدى، ئىڭەكلىرى چىقىپ، يۈزلىرى قوشۇقتەك بولۇپ قالدى، ئەمما كۆزلىرى تېخىمۇ كۆكىرىپ، قاراشلىرى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى.

سۇ ئۈسۈملۈكلىرىنىڭ ئۇدۇل تەرەپتىن ئاستا چىقىۋاتقان دېڭىز شاملى ئېلىپ كەلگەن ئىنتايىن كۈچلۈك پۇرىقى دىماققا كىرىپ، كىشىدە تاتلىققىنا ۋە چۈچۈمەل بىر نەرسە يېگەندەك بىر سېزىم پەيدا قىلاتتى. غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىك-كىچىك ئېرىقلارنىڭ سۈيى بوراندا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن سىرىق كۆپۈكلىرىنى چاچرىتىپ شىرىلداپ ئاقاتتى. ئېرىقنىڭ بويىدا يەتتە-سەككىزىنچى ئايلاردا چىرايلىق قىزىل گۈللەر ئېچىلىپ كېتەتتى، مانكا ئۇ گۈللەرنى ئۈزۈپ، يوغان-يوغان گۈلدەستە قىلىپ باغلايتتى. بەزىدە ئۇ قىشتا بوراندا قىڭغىيىپ غەلىتە ئىسكەتتە كىرىپ قالغان شەمشادنىڭ سايىسىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى ياۋا جۇخار گۈل ۋە كۆكۈش مىۋە باغلىغان قارا ئارچا شېخى بىلەن بېزەپ، ئۆزىنى يېڭى كېلىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى.

پوچتا خەت-خالتىلىرى ئاز چاغلاردا، ئۇ يېنىك قەدەم تاشلاپ، خۇشال-خۇرام ۋە ئەركىن-ئازادە ماڭاتتى. لېكىن بەزىدە پوسۇلكا، باسما ماتېرىيال، ژۇرنال قاتارلىقلار كۆپ بولسا، مانكا بۇ نەرسىلەر لىق بېسىلغان ئېغىر بىر سېۋەتنى يۈدۈپ ماڭاتتى.

— قانداق، قىز چاق؟ — دەيتتى پوچتىخانا باشلىقىنىڭ ئاۋازىنى كېرىپ، — يۈدۈپ ئاپىرالامسەن؟ بىرەر ئات تېپىپ بېرەمسىزمۇ يا؟

— چاتاق يوق... — مانكا غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن جاۋاپ

بىرىۋېتىپ قىزىرىپ كېتەتتى ۋە مۇرىسىنى ھەركەتلەندۈرۈپ، سېۋەتنى توغرىلاپ يۈدۈۋالاتتى.

بىرەر سائەتتىن يول يۈرە-يۈرمەيلا ئۇنىڭ بەللىرى تېلىپ ئاغرىپ، پۇتلىرى بارا-بارا ئېغىرلىشىپ كېتەتتى. لېكىن مۇشۇ كۈنلەردە بېلىقچىلىق مەيدانىدىكى كىشىلەر مانكانى كورسە قانداق خوشال بولاتتى-ھە! ئۇلار تەنتەنە قىلىپ سەكرىشەتتى، شاتلىققا چومەتتى، زاكاز ھوججىتىگە قول قويغاندا خەتنى شۇنداق ئەستايىدىل يازاتتى، شۇنداق ئېچىلىپ-يايراپ كۈلۈشەتتى، بۇنداق كۈنلەردە بېلىقچىلار مانكانى قانداق ياخشى كورەتتى-ھە!

—كېلە، قىزچاق، —دەپ توۋلىشاتتى كىشىلەر، —سېۋىتىڭنى قويۇپ تۇر، ھېچۋەقەسى يوق، ئۇلگۇرىسەن...ئولتۇرۇپ بىز بىلەن بىر بېلىق شورپىسى ئىچكىنە!...مىتىكا، قوشۇقتىن بىرنى ئەكەل!

چاچلىرى ساغۇچ كەلگەن مىتكا ئۇچقاندەك بېرىپ ئامباردىن بىر قوشۇق ئېلىپ چىقىپ، لوڭگە بىلەن ئۇنىڭ ئېرتىۋېتىپ، شەيتانلىق قىلىپ تازا بىر ئېگىلىپ سالام قىلىپ قويۇپ مانكاغا سۇناتتى.

—لوسوس بېلىغى، ئۇنىڭغا بېلىقتىن چىقراق بېرىڭلار! —دەپ توۋلىشاتتى ئەتراپتىكىلەر.

مانكا قىزىرىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، بېلىق شورپىسى ئىچەتتى، شورپىنى ئوتلىغاندا ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشاتتى. بېلىقچىلارنىڭ غەمخورلۇق ۋە مېھرىۋانلىقلىرىنى ئۇ مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى.

بىراق، ئۇنىڭ ئۇچۇن يەنىلا گېزىت ۋە خەت-چەكلەرنى سېۋەتكە سېلىپ يۈدۈپ مېڭىش راھەت ئىدى: سېۋەتنىڭ تاسمىسى مۈرىسىنى ئاغرىتمايتتى، يول بويى ھەممە مەنزىرىنى قانغىچە كورۈ-

www.uyghurkitap.com

ۋالالايتتى، ھەممە ئىشنى پۇخادىن چىققىچە ئۇيلىنۋالالايتتى. زوروۋچا يېزىسىغا بارغىچە مانكا ئۈچ بېلىقچىلىق مەيدانىغا خەتخالتا ئېلىپ باراتتى. ھەر قېتىم بېلىقچىلار ئۇنى توت كوزى بىلەن كۈتەتتى، ئۇمۇ بېلىقچىلارنى ئۇمىتسىز قويمايتتى: ۋاقتىدا يېتىپ بېرىپ، ئازراق چاي-پاي ئىچىۋېلىپ، يېڭىلىقلارنى سوزلەپ بېرىپ، خەت-چەك ۋە پوسۇلكىلارنى تاپشۇرۇپ بېرەتتى، كەچقۇرۇنلۇغى زوروۋچا يېزىسىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە قوناتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ يەردىن يەنە ۋازىنچى يېزىسىغا قايتاتتى.

## 2

ۋازىنچى يېزىسىغا ھەممىدىن يېقىن بېلىقچىلىق مەيدانى ۋورونىيە دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ يەردە ئەسلىدە توت بېلىقچى بىلەن بىر ئاشپەز ئايال بار ئىدى، ياز پەسلىدە ئاق كېچە باشلانغاندا، پېرفىلى ۋولودكىن ئىسىملىك بەشىنچى بېلىقچى كەلدى.

ئۇنىڭ چېچى قارا بولۇپ، قىسقا قىلىپ قويۇۋالغان ئىدى، ئۇنىڭ كىچىك يۈزىدىن ساغلاملىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئەتىيازدا ھەربى سەپتىن بوشانغاندىن كېيىن، ئۇيىدە ئىككى ئايچە تۇردى، ئەسلىدە شەھەردىن بىرەر خىزمەت تاپماقچى بولغان بولسىمۇ، كۇتۇلمىگەندە بىردىنلا لىنكا (يېزىدىكى بۇ ھەممىدىن چىرايلىق، شوخ قىز ئۇچۇن يىگىتلەر كۇلۇپتا نەچچە قېتىم بىر بىرى بىلەن ئۇرۇشقان ئىدى) بىلەن تېپىشىپ قالغاچقا، قېيىقىلىش قاراۋىغا كەلگەن ۋە ئۇزى تەلەپ قىلىپ ۋورونىيە بېلىقچىلىق مەيدانىغا كېلىپ بېلىقچى بولغان ئىدى.

ئۇ بېلىقچىلىق مەيدانىغا ئېلىپ كەلگەن گارمۇننى ھەممىشە غەم-

غۇسسىسىز ھالدا دېڭىزغا قاراپ چېلىپ ئويناتتى. ئۇ ھەممە ۋاقىت ناھايىتى خوشال يۈرەتتى، ئەسكەر ۋاقتىدىكىگە ئوخشاشلا ھوشيار ۋە چەبدەس ئىدى. ئىشنىڭ ئېغىرىنى قىلىشنى خالايتتى. لېكىن كۈن كەچ بولۇشى بىلەنلا ساقلىنى قىرىپ، ھەربىچە چاپىنىنىڭ ياقىسىغا ئاپپاق ئىچ ياقا تۇتۇپ، ئوتۇكىنى مايلاپ پار-پۇر پاقىرىتىپ، شەپكىسىنى سىڭايان كىيىپ يېزىدىكى كۇلۇپقا بېرىۋېلىپ، تاڭ يورۇغاندا ئاندىن قايتىپ كېلەتتى، ھەر كۈنى شۇنداق قىلاتتى.

ئۇ ياش بولغاچقا قاۋۇل ئىدى، تانسىغا چۈشسە ئەپچىل، خۇش خۇي، يېنىك ۋە چاققان ئوينايتتى، ھېرىش-چارچاش دېگەننى بىلمەيتتى؛ ئاغزى ئېپچىلدىغان بولسا، گەپنى ئاياپ قالماي، ئاچچىق ۋە تىكەندەك سوزلەرنى قىلاتتى. مانكا كۇلۇپتا ئۇنىڭ بىلەن دوقۇرۇ-شۇپ قالىدىغان بولسا، ياكى ئۇنىڭغا گېزىت ۋە خەت ئاپارغاندا بىردىنلا قىزىرىپ كېتىپ، يەرگە قارىۋالاتتى. كېچىلىرى، ئۆز ئۆيىدە ياكى زوروژچا يېزىسىدا بولسۇن، ئۇ پېرفىلىنى ئويلاپ ئۇزاقلارغىچە ئۇخلىيالمايتتى، ئۇنىڭ تۇرقى ۋە سوز-ھەركەتلىرىنى كوز ئالدىغا كەلتۇرۇپ، يۈزلىرى ئوتتەك قىزىپ كېتەتتى، ئۆزىنى پېرفىلى بىلەن بىللە دەرىزىسى دېڭىزغا قاراپ تۇرىدىغان، ھەممە نەرسە تەل قىلىپ قويۇلغان ئېگىز يېڭى كەپىدە تۇرغان قىلىپ خىيالىغا كەلتۇرەتتى. ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئۇ تېچ ياتماي، ھە دەپ تىزىنى تامغا ئۇرۇۋالاتتى، جويلۇپ بىر نىمىلەرنى دەيتتى.

بىر قېتىم، ئۇ زوروژچا يېزىسىدا قونۇپ قالغاندا، ئىسسىق ھەم دىمىق بىر كەپىدە ئۇخلىدى. ئۇ ئۆيدە يەنە ياغاچچىلار ئەتىرىدىدى-كىلەردىن يەتتە-سەككىزەيلەن بار ئىدى. تاڭ ئاتاي دېگەندە، مانكا پېرفىلىنى چۈشەپ قالدى. سەھەر ۋاقتىغا ئاز قالغاندا كورگەن

www.uyghurkitap.com

بۇ چۈش ئۇڭىدا بولغاندەك ئاجايىپلا بىر چۈش بولۇپ، كىشىنىڭ ئۇياتقۇسى كەلگۈدەك ئىدى، مانكا چوچۇپ ئويغىنىپ كېتىپ، كوكۇش كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ياتقان يېرىدىن ئىتتىك بېشىنى كوتىرىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئويغانغاندىن كېيىن ئۇ يۈرىگىنىڭ دۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقانلىقىدىن باشقا ھېچنىمە سەزمىدى.

يەردە ۋە ئۇزۇن بەندىگىدە ئۇخلاۋاتقان ياغاچچىلار خورەك تارتىۋاتاتتى، هوردالىغان دەرىزىنىڭ سىرتى قىزغۇچ ئاق كېچىنىڭ قوينىدا ئىدى. مانكا بىردىنلا ئوزىنىڭ پېرفىلىنى ياخشى كورۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئوكسۇپ-ئوكسۇپ يىغلىۋالدى: ئۇ ئوزىگە ئېچىندى، ئوزىنىڭ تېخىچە كىچىك بالىغا ئوخشاش ياداڭغۇ، ئاجىزلىقىغا ئېچىندى، چىرايلىق لېنكاغا ئوچلۇگى كەلدى، ئەمدى مەن تۈگەشتىم، ئومۇر بويى دەرتتە ئوتىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپ، تىترەپ كەتتى، پەقەت تاڭ يورۇغاندىلا ئاندىن قاتتىق ھاردۇق يېتىپ، يۈز-كوزلىرى ياش يۇقى پېتى ئۇخلاپ قالدى.

مۇشۇ ئەتىگەندىن كېيىن، ئۇ بىلىقچىلىق مەيدانىغا يېقىن بارسىلا، ئىچكى سىرىم ئاشكارا بولۇپ قالمىغىدى، دەپ قورقىدىغان، بېلىقچىلارنىڭ قوپال كۇلكىسىنى ئاڭلىغۇسى كەلمەيدىغان، پېرفىلىنى كورسە پۈتۈن ئەزايى جۇغۇلداپ تىترەپ كېتىدىغان، ئۇنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىسا ئەس-ھۇشىنى يوقىتىپ قويىدىغان ۋە لەۋلىرى قۇرۇپ، يۈرىگى سەل-پەل ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ دائىم ۋورونىيە بېلىقچىلىق مەيدانىدىن ماغدۇرسىزلانغان، پۇت-قولى بوشاشقان هالدا چىقاتتى-دە، بارا-بارا قەدىمىنى تېزلىتەتتى، كېيىنچە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئورمان ئىچىگە كىرىپ، قۇرۇپ قالغان ئاپپاق مۇخ ئۈستىگە ئوزىنى ئېتىپ، پۇخادىن

چىققىچە يىغلىۋالاتتى، بۇنىڭغا خوشاللىق، مۇھەببەت، ياڭغۇزچىلىق سەۋەپ بولاتتى، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان باشقا سەۋەپلەرمۇ بار ئىدى. ئۇ ئورمانلىقتا بىرنەچچە قېتىم كۆلۈمسىرەپ ۋە ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپ قىلىپ يالغۇز ئايلىنىپ يۈردى.

بەزىدە ئۇ دېڭىز بويىغا بېرىپ، تاش ئۈستىدە ئاپتاپ سىنىپ تۇگۇلۇپ ئولتۇراتتى، چايكىغا، كوپ-كوك دېڭىزغا قاراپ تۇرۇپ گەۋدىسىنى ئىغاڭلىتىپ قويۇپ: "چايكىلار، ھەي چايكىلار... مېنىڭ مۇھەببىتىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويساڭلارچۇ!" دەپ ئاستا پىچىرلايتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئاللىقاچان دۇنيادىن كەتكەن مومىسىنى چۈشىدە كورگەندەك بولۇپ، ئۇ ئېيتىپ بەرگەن چوچەكلەرنى يادىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ زار-زار يىغلاۋاتقانلىغىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتى، بۇ چاغدا، ئادەمنى قاغايدىغان غەلىتە سوزلەر ئاڭلىنىشقا باشلايتتى، ئۇ ئاستا دەيتتى: "مەن-خۇدانىڭ قۇلى مانىكا، دۇئا قىلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، دۇئا قىلىپ ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم... نۇرغۇن ئىشىكتىن چىقىپ، نۇرغۇن ھويلىدىن ئوتۇپ، ئادەمسىز دالىغا كەلدىم...ئۇمۇ كېسەل بىلەن چىرمىلىپ، جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ، ئىچى قىزىپ گېلىدىن ھىچنەرسە ئوتمەيدىغان، جىم تۇرالمايدىغان، ھاياتمۇ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالسىكەن ئىلاھىم!" قورقۇنجىدىن مانىكانىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، يۈرىگى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، قولىنىڭ ئالقانلىرىدىن تەر چىقىپ كېتەتتى، بۇ چاغدا پېرقىلى ئۇنىڭغا بەكمۇ يېقىن، بەكمۇ چىرايلىق ئەمما قول يەتمەيدىغاندەك بىلىنەتتى.

تىپ-تىنچ دېڭىز خۇددى كوك تاۋاردەك پاقىرايتتى، گويا نەپەس ئېلىۋاتقاندەك ئاستا كوتىرىلىپ، پەسىيىپ تۇراتتى. نېپىز بىر پارچە

ئاق بۇلۇت كۈننىڭ يۈزىنى توسۇۋالغان ئىدى، بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قالغان كۈن بەئەينى غۇۋا پاقىراپ تۇرغان چىكىتكە ئوخشايتتى. كۆپ-كۆك دېڭىز قولتۇغىنىڭ ئۈستىدىن چۇشۇپ تۇرغان يەلپۈگۈچ شەكلىدىكى كوكۇش نۇردا پاقىراپ تۇرغان سۇ كوزنى قاماشتۇراتتى، دېڭىز سۇيى كوتىرىلگەندە، دېڭىزنىڭ يۈزىدىن تۇمان كوتىرىلگەندەك بولاتتى. نىمدىگەن گۈزەل، كوڭۇللۇك، چەكسىز ئىللىق ياز كۈنلىرى...

## 3

ياز ئۆتۈپ كەتتى، مانىكا تېخىمۇ توخۇ يۈرەك بولۇپ قالدى. سېنتەبىرنىڭ بىر كۈنى ئۇ بېلىقچىلىق مەيدانىغا يېقىن بارغاندا، ئۇشتۇمتۇتلا ھۇشيارلىق بىلەن قەدىمىنى توختىتىۋالدى. شۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، ئەتىگەندىن باشلاپلا يامغۇر يېغىپ، بوران چىققىلى تۇرغان ئىدى، دېڭىزدا توختىماي دولقۇن كوتىرىلەتتى. تاڭ سەھەر ۋاقتىدا بوشراق ئۆتكۈنچى يامغۇر يېغقۇدى، كەپىلەر شۇ زامات قاراڭغۇلىشىپ، كۈز كۈنلىرىگە ئوخشاپ قالدى، دەرىزىنىڭ ئەينەكلىرىدە سۇس ئېقىش نۇر ئەكس ئېتەتتى. شۇ كۈنى دېڭىزنىڭ بويىغا سۇ ئۇرۇپ چىقىرىپ قويغان دېڭىز ئوتلىرى بەكمۇ كوپ ئىدى، سايازلىقتا چىقىپ قالغان قىپ-قىزىل خەيىجي، قوڭۇر رەڭلىك ئۇششاق بېلىقلارمۇ كوپ ئىدى.

تۇنۇگۈن كەچقۇرۇن چارباقتا① نۇرغۇن لوسوس بېلىقى چۇشكەن

① چارباق — سېۋەتسىمان بىر خىل بېلىق تۇتۇش ئەسۋاۋى، دېڭىز ئاستىدىكى قاتتىق يەرگە قوزۇق قېقىپ، بۇ قوزۇققا بىرقانچە چارباق باغلاپ قويۇلىدۇ، بۇنداق چارباققا چۇشۇپ قالغان بېلىق چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن ۋازىنچى چېركاۋىنىڭ بايرىمى بولۇپ قالدى، شۇڭا، ئۆيلىرىنى سېغىنىپ كەتكەن بېلىقچىلار بېلىقلارنى پونكىتقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەچ پار مۇنچىدا تازا بىر يۇيۇنۇۋېلىپ، ئۆيلىرىگە بېرىپ بىر كېچە تۇرۇپ بايرامدا ئويىنىۋېلىش ئۈچۈن، بېلىقلارنى يوغان ياغاچ كېمىگە قاچىلاپ ھەممىسى يولغا چىقتى.

پېرفىلىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى؛ ئاخشىمى ئۇ كۇلۇپقا بېرىپ، گارمون ئاڭلىدى، ئۆزىمۇ ئانچە-مۇنچە چالدى. ئاندىن گارمۇننى تاشلاپ قويۇپ، گازىر چاقچاق كانىيىنى كېرىپ قىزىق گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى؛ كېيىن ئۇ يەنە باشقا يىگىتلەر بىلەن بىللە كوچىغا چىقىپ ئازراق ھاراق ئىچتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايلىق قارا كۆز-لىرى خۇمالاشتى، ئاۋازىمۇ سەل بوغۇلدى. ئۇ بارغانسېرى قىزىپ كېتىپ، يىگىتلەر ۋە قىزلارنى ئىتتىرىۋېتىپ دەلدەڭشىگەن پېتى دائىرىنىڭ ئىچىگە كىردى، ئورۇق كەلگەن يۈزىنى ئاسمانغا قارىتىپ، كۆزلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن يېرىم يۇمۇۋېلىپ، غاچىلداپ تۇرغان خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن پۇتىنى يەرگە بوش ئۇرۇپ قويۇپ سەت ناخشىلارنى ئېيتقىلى تۇردى، بۇنىڭ بىلەن، يىگىتلەر قاقاقلاپ كۈلەتتى، قىزلار ناز بىلەن تىللايتتى.

ئۇ پۈتكۈل ئاخشامدا لېنكاغا ئاچ بۆرىدەك ئەمما دەككە-دۈككە ئىچىدە قادىلىپ يۈردى. ئۇ ھەر بىر ھەركىتىنى لېنكانى كۆرسۇن دەپ قىلاتتى. زالدىكىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇزۇن بەندىڭلارنى تىزىش ۋە كىنو بېلىتى سېتىشقا باشلىغاندا، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن لېنكانى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى، ئۇنى گازىر شوپۇگى بىلەن تولۇپ كەتكەن سېسىق كارىدورغا تارتىپ ئاپىرىپ، كۈچەپ تامغا تاقىۋېلىپ، ئالغايلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن

ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، بارغانسېرى تاتارغان ھالدا ئاستا دېدى:

—جۇر، سېنىڭكىگە بارىمىز...سەن نېمىشقا ماڭا بۇنداق قىلىسەن؟ جۇرە، ئۇيدە بىردەم ئولتۇرايلى...

—ئۇيدە قاچانلا بولمىسۇن تويغىچە ئولتۇرۇۋالىمەن،—لېنكا سوغاققىنا ئەمما چاققانلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇردى پېرفىلىغا قاراپمۇ قويماي، ئۇ قولىغىنى دىك تۇتۇپ، كۇلۇپتا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى تىڭشاۋاتاتتى.

—بارغىڭ كەلمەيۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟—دېدى لېنكادىن كېلىۋات-قان ئۇپا بىلەن چاچ مېيىنىڭ خۇشبۇيىنى پۇراپ تۇرغان پېرفىلى ھەيۋە قىلغان ئەمما ئىلاجسىز قالغان تەلەپپۇزدا يالۋۇرۇپ،—سەن باشقا بىرىنى تېپىۋالدىڭ؟ ئۇ بىر ماتروس، توغرىمۇ؟ ئۆزەڭگە ھېزى بول، پۇشايمان قىلىپ قالمىغىن يەنە! قاراپ تۇر، كوزەڭنىڭ سۇيىنى ئېقىتىدىغان ۋاقتىڭ كېلىپ قالدۇ...

—قويۇۋەت مېنى!—لېنكا پەس ئاۋازدا ۋاقىرىدى ۋە قىلچە تەكەللۇپ قىلماي بىرلا كۆچەپ ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ بوشىنىپ چىقتى-دە، كەينىگە قاراپمۇ قويماي، ئىشىكنى جاققىدا يېپىپ يەنە كۇلۇپقا كىرىپ كەتتى. پېرفىلى ئۇنىڭ كوتىرىلىپ تۇرغان كوكسىنىڭ كىشىنى شۇنچە مەپتۇن قىلىدىغانلىغىنى، قولىنىڭ شۇنداق يوغان ئەمما تويىماس ئىكەنلىگىنى، يۈزىنىڭ شۇنداق چىرايلىق ئەمما رەھىمسىز ئىكەنلىگىنى، يول ماڭغاندا ساغرىسىنىڭ پۇلاڭلىشى كىشىنىڭ نومۇسىنى كەلتۇرگۇدەك، جەلپ قىلارلىق ئىكەنلىگىنى مۇشۇ چاغدىلا سەزدى.

ئۇ ھېچقانچە چىراق يوق، قاراڭغۇ كوچىغا چىقىپ، كىشىنى روھلاندۇرىدىغان سوغاقنىڭ قويىنىغا كىرىپ قالدى، ئۇ ئىچىدە ھەم

ئۇيۇلاتتى، ھەم ئوچلۇگى كېلەتتى، ئاچچىغىدىن تىترەيتتى. ئۇ چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىپ، شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ. تاختايلىق پىيادىلەر يولىنى ئېغىر قەدەملىرى بىلەن دۈكۈلدىتىپ دەسسەپ ئويىگە قايتتى. ئويىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ ئانىسىنىڭ توسقىنىغا قارىماي، بىر بوتۇلكا ۋوتكا، بولكا ۋە چوشقا مايلىرىنى ئېلىپ دىگىز بويىغا بېرىپ، بېلىقچىلىق كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ئىككى سائەت مېڭىپ، بېلىقچىلىق مەيدانىغا قايتىپ باردى.

ئۇ كەپىگە كىردى، كەلگىچىلىك كېمنى بەك كۆچەپ ھەيدىگەنـ لىكتىن، پۈتۈن بەدىنى قىزىپ قۇرۇپ كەتكەن ئىدى، ئۇ چىراقنى ياندۇرغاندىن كېيىن، ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا ۋوتكىدىن بىر رۇمكا قۇيدى، ئۇنى ئىچىپ بولۇپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، كوزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، يېزىچە ياساتمىغانلىقتىن ئوسۇپ كەتكەن يىرىك چاچلىرىنى مىجىقلاپ پاخپايتىۋەتتى، ئاندىن سىرتقا چىقىپ بىر ياغاچنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. ئۇ خۇدىنى يوقاتقان ھالدا قاراڭغۇ، سوغاق دىگىز يۈزىگە ئۇزاقىقىچە تىكىلدى، ئۇ يىراق ـ يىراقلارغا قارايتتى، ياز كېچىسىدىكى غايەت يوغان، قىزغۇچ قۇياش ئۇپۇق سىزىقىدا مىدىرلايتتى، كوكۇش شىمالىي قۇتۇپ نۇرى توختىماي تەۋرىنىپ، سەل ـ پەل پاقىراپ قويۇپ، ئاخىردا زېرىككەندەك يوقاپ كېتەتتى.

ئەتىگەندە، بېلىقچىلىق مەيدانى ئىنتايىن جىمجىت بولغاچقا، مانكانىڭ تېنى ئەيمىندى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ كەپىگە كىرـ گەندە، پېرفىلى ئوزىنىڭ بۇلۇڭدىكى كارۋىتىدا پۇتلىرىنى ئۇزىتىپ، بولجۇڭ گوشلىرى چىڭ مەيدىسىنى ئېچىۋېتىپ، پاختىلىق جىلتكىـ سىنى بېشىغا يوگەپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئېچىلغىنىنى ئاڭلاپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇيىقۇلۇق كوزلىرى بىلەن مانىكاغا بىر قاراپ قويۇپ، قولى بىلەن يۇزىنى سىلىدى.

ــ ھە، كېلىڭ... ــ دىدى ئۇ غەمكىنلىك بىلەن، شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قامالىلىدى، ــ خەت بارمۇ؟

ــ يوق... ــ مانكا ئۇزۇن بەندىڭدا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىزا تارتىپ پۇتىنى يىغىۋالدى ۋە قاتتىق بىر نەپەس ئالدى.

ــ يوق؟ ئۇنداق بولسا نىمە ئەكەلدىڭىز؟

ــ گېزىت، ــ مانكا بىرنى يوتىلىۋېتىپ، كالپۇگىنى يالاپ قويدى.

ــ گېزىت! ــ پېيرفىلى دىمىقتا بولۇپ دەرىزىنىڭ تېشىغا قاردى. ــ بوران چىقىدىغان بولدى! چارباقنى ئەگىتىپ قالمىسا بولاتتىغۇ... يېزىدىكى خەقلەرنىڭ بىزنىڭ ئولە ـ تىرىلىشىمىز بىلەن نىمە كارى؟ ھەممىسى كېتىپتۇ بۇ ئىتلارنىڭ، تېخى كوڭۇل ئېچىشقا كەتكىنىنى دىمەمدىغان!

ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇ ئىچىشكە تۇڭنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە سۇ ئىچىۋېتىپ قورۇنۇپ ئولتۇرغان مانىكاغا بېشىدىن ئايىغىچە قاراپ چىقتى.

ــ سىز نىمىشقا بۈگۈن سەل... ــ ئۇ دۇدۇقلاپ سورىدى، ئاندىن بېشىنى كوتىرىپ سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى.

ــ سەل نىمە بوپتىمەن؟ ھېچقانداق ئەمەسقۇ... ــ مانكا گويا پىچىرلىغاندەك پەس ئاۋاز بىلەن بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ ۋىللىدە قىزىرىپ كېتىپ يەرگە قارىۋالدى ۋە توختىماي تىزىنىڭ ئۇستىدىن كوڭلىگىنى سىلاشقا باشلىدى.

ــ سىز تېخىچە يالغۇز ئوتۇۋاتامسىز؟

ــ يالغۇز...
ــ يالغۇزلۇق نىمە دىگەن زېرىكىشلىك، ــ دىدى پېرفىلى دەرىـ
زىنىڭ سىرتىغا كوز تىكىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە
يوق ئىدى.
ــ ئوتۇپ كېتىۋاتىمەن... ــ مانكا يېنىككىنە قولىنى سىلكىپ يوتىـ
لىپ قويىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ تۇڭنىڭ يېنىغا بېرىـپ سۇ ئىچتى.
ئۇ ئوزىنىڭ ھىلى پېرفىلى سۇ ئىچكەن كورۇشكىدا سۇ ئىچىـۋاتقانلىـ
غىنى ئويلاپ، ئىنتايىن خوشال بولۇپ كەتتى.
ــ مەن ماگاي ئەمدى، ــ ئۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن شۇنداق دىدىيۇ،
لېكىن يەنە ئولتۇرۇپ، ھودۇققان ھالـدا پېرفىلىـغا قارىـدى؛ ئەمما
پېرفىلى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى، چۇنكى ئۇ خىيال بىلەن دەرىزىـ
نىڭ سىرتىغا قارىغان پېتى جىم تۇراتتى.
ــ بوران چىقىـدىـغان بولـدى! ــ دىـدى ئۇ پـەس ئاۋازدا، ــ
ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بېرىدىغان بۇ نىمىلەرنى قارا! بۇگۇن ئۇچ بال
شامال چىقىدۇ دەيدۇ تېخى...
مانكامۇ سىرتقا قاراپ، قارىيىپ كەتكەن دېڭىز سۇيىـنىڭ قىرغاققا
ئۇرۇلۇۋاتقانلىغىنى كوردى، قۇرۇتۇش مەيدانىـدا بوراننىڭ گۇكىرەـ
ۋاتقانلىغىنى ئاڭلىدى. دېڭىز دولقۇنىـلىنىپ ئاق بۇژغۇنلارنى چاچرىـ
تاتتى، ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلار بارغانسېرى قېلىنلاشماقتا ئىدى.
ــ بوران چىققىلى تۇردى، ئۇلار بولسا كوڭـۇل ئاچقىـلى كەتـ
تى! ــ دەپ يەنە بىر قېـتىم تەكرارلىدى لېنـكانى ئەسـلەپ بەكـمۇ
كوڭلى يېرىم بولغان پېرفىلى يوغان ئاۋاز بىلەن، ئاندىن پەردىـنىڭ
كەينىگە ئوتۇپ، سۇ ئوتمەيدىغان ئىشتان ـ چاپاننى كىيگىلى تۇردى.
ــ نەگە بارىسىز؟ ــ دەپ سورىدى مانكا قورقۇپ كېـتىپ، ــ سىز

نەگە بارىسىز؟ ۋاي جېنىمەي، جاندىن تويدىڭىزمۇ؟

— نەگە باراتتىم! چارباق تېخى دېگىنىزدا، ئۇنى ئېلىپ كېلىش كېرەك! — پېرفىلى غودۇڭشىغان پېتى چىقىپ كەتتى.

مانكا سەل ئاغزىنى ئېچىپ، سىرتتىكى بورانغا قولاق سالدى، ئاندىن سىرتقا قاراپ، ھىلىقى بولۇتنىڭ باياتىنقىدىن تېخىمۇ كوپە-يىپ كەتكەنلىكىنى كوردى-دە، ئىتتىك سىرتقا چىقىپ، پېرفىلىنى قوغلاپ كەتتى. بوران ئۇنىڭ باش-كوزىگە ئۇراتتى. ئۇ پېرفىلىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ يوغان ياغاچ كېمىنىڭ ئالدىدا بىرنىمە بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى.

— ھە، نىمە بولدى؟ — پېرفىلى نارازىلىق بىلەن كەينىگە ئورۇ-لۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى ۋە ئۇ جاۋاپ بېرىپ بولغىچە ئىتتىرىش ياغىچى بىلەن كېمىنى سۇغا ئىتتىرگىلى تۇردى.

— مەنمۇ ئىتتىرىشىپ بېرەي، — دېدى مانكا مۇرىسى بىلەن كېمىنى ئىتتىرىۋېتىپ.

— ھە، بۇ يەردە ئويۇن بولۇۋېتىپتىمۇ؟ سىز دېگەن تېخى يەسلە-دىكى بالا! — دەپ قاتتىق ۋاقىرىدى پېرفىلى كېمىنى سايازلىقتا ئىتتىرىپ كېتىۋاتقاندا، — ئويگە كىرىپ كېتىڭ!

— ياق! — دېدى مانكا ئاق پۇسمىلاق قوللىرى بىلەن كېمىنىڭ قىرغىقىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، — مەن نىمىشقا يارىمايدىكەنمەن؟ دېگىنىز-نىڭ قانداقلىقىنى بىلمەمدىكەنمەن يا؟

— خوپ، چىقىڭ ئەمسە! — دەپ تۇيۇقسىزلا خوشاللىق بىلەن ۋاقىرىدى پېرفىلى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئاندىن چىشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ يەنە بىر توۋلىدى: — چىقىڭ!

مانكا بىر ئىرغىپلا چاققانلىق بىلەن كېمىگە چىقتى-دە، ئوزىنى

تۇتۇۋالالماي ئالدى ـ كەينىگە دەلدەڭشىپ بېرىپ كېمىنىڭ قۇيرۇغىدا
توختىدى. قىزىرىپ كەتكەن پېرقىلى بېلىگىچە كەلگەن سۇدا كېمىنى
كۆچەپ بىر ئىتتەردى ۋە بىرلا سەكرەپ كېمىنىڭ گىرۋىگىگە ئارتى-
لىپ چىقىپ مەيدىسىنى چاپلاپ تۇرۇپ، يەنە بىر سەكرىدى ـ دە،
كېمىنىڭ ئىچىگە چۈشتى، پالاقنى قولىغا ئېلىپ كېمىنىڭ بېشىنى
توغرىلاپ، دولقۇنغا قارشى ھەيدەپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن،
ئۇلار بىر كوتىرىلىپ چىقىپ، بىر چۈشۈپ، قىرغاقتىن ئىككى يۈز
مېتىر ئىچكىرىگە چارباق باغلاپ قويۇش ئۈچۈن قېقىپ قويغان قارا
قوزۇق ياغاچقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مانكا كۆچەپ تۇرۇپ كېمىنى
ھەيدەشكە ياردەملىشەتتى، لەۋلىرىگە چاچرىغان تۇزلۇق دېڭىز سۈيىنى
ھە دەپ يالاپ قوياتتى. ئۇنىڭ چاچلىرىنى بوران ئۇچۇرۇپ پاخپاي-
تىۋەتكەن ئىدى. ”بېشىمغا ياغلىق چىگىۋېلىش ئېسىمدىن چىقىپ
قاپتۇ! ـــ دىدى ئۇ ئىچىدە، ـــ ئاپلا، سۇدا ئولدىغان بولدۇق ـ دە!
ۋايجانەي، نىمىدىگەن قاتتىق بوران بۇ!“ ئۇ پېرقىلىنىڭ تازا قاڭ-
قايغان، قەتئىلىك، سالماقلىق چىقىپ تۇرغان، چارچاشتىن قىزىرىپ
كەتكەن يۈزىگە ئىچكى ھىسسىياتى ئىپادىلىنىپ تۇرغان كوزلىرى
بىلەن قارايتتى.

ئىككىيلەن بىرىنچى چارباققا بېرىپ، دەرھال قوزۇقلارنى يۇلۇش،
چارباقنى تارتىۋېلىش، كېمىگە بېسىش ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلدى،
ئۇلار بارغانسېرى يېقىنلاپ تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇلۇتقا قاراشقىمۇ
پېتىنالمايتتى. مانكا بىردەم چارباقنى تارتىشىپ بېرەتتى، بىردەم
ساپلىق بىلەن كېمىدىكى سۇنى سىرتقا چىقىراتتى، ئۇزاق ئوتمەي،
ھارغانلىقتىن ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى سىقىراپ ئاغرىشقا باشلىدى،
چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن كوينىگى بوراندا ئۇچۇپ، سوغاق-

تىن قىزىرىپ، كوكىرىپ كەتكەن، ئىنچىكە، ساغلام يوتىسى ۋە هاۋارەڭ تورسىگىنىڭ پوچقىغى كورۇنۇپ قالاتتى. مانكا بۇنىڭدىن بەكئىزا تارتاتتى، لېكىن كوينىگىنى تووۋەنگە تارتىپ قويغۇدەكمۇ ۋاقىتچىقىرالمايتتى. ئەمما پيېرفىلى ئۇنىڭغا قارىمىغان ئىدى؛ قوزۇقلاربەكمۇ چىڭ قېقىۋېتىلگەن بولغاچقا، ئۇ ئۇنى قايتا-قايتا لىڭشىتاتتى، بارغانسېرى ئىگىزلەپ كېتىۋاتقان دولقۇندا كېمە قاتتىق لەپپەڭشىپتۇرغانلىقتىن، ئىتتىك-ئىتتىك ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى.

ئالاهەزەل ئون بەش مىنۇت ئوتكەندىن كېيىن، ئۇلار چارباغلارنىڭ هەممىسىنى چىقىرىپ بولۇپ، كېمىنىڭ بېشىنى كەينىگەياندۇرۇپ قىرغاققا قاراپ ماڭدى. كېمە قۇمغا يېتىپ قالدى. پيېرفىلىبار كۇچى بىلەن پالاقنى ئىشقا سېلىۋېتىپ، دېڭىز يۈزىدە بارغانسېرىيېقىنلاپ كېلىۋاتقان بورانغا قارايتتى. مانكا ئارقىسىغا قاراشقا جۇرئەت قىلالماي، قىرغاققا قاراپ ئولتۇرۇپ، كېمىنى هەيدەشكە ياردەملىشەتتى، كېمىدىكى سۇلارنى سىرتقا چىقىراتتى.

— توختاڭ! — دەپ قاتتىق ۋاقىرىدى پيېرفىلى، — قىرغاققا بارالمايدىغان بولدۇق؛ تورنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ كېتەيلى، بۇ يەردىن سۇ ئېقىتىپ كېتەلمەيدۇ.

ئۇلار تورلارنى تاشلىشىغىلا، شاقىراپ كوتىرىلىپ كەلگەن سۇئۇنى يوگەپلا قىرغاققا ئاپىرىپ قويدى، ئۇلار كېمىنىڭ بېشىنى كەينىگە ياندۇرۇپ، يەنە دېڭىزنىڭ ئىچى تەرەپكە كەتتى. مانا ئەمدىمانكانىڭ ئالدى دېڭىز تەرەپكە بولۇپ قالدى-دە، قورقۇنچىدىنجېنى چىقىپ قالاي دېدى. يىراقتا، نە ئاسمان، نە بۇلۇت، نە دېڭىزنىپەرق ئەتكىلى بولمايتتى، بۇلارنىڭ هەممىسى قوشۇلۇپ قاپقارا كورۇنەتتى. تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا تۇمان كوپۇپ، كېڭىيىپ،

تارىلىشقا باشلىدى. قاپ ـ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، تاغ چوققىلىرىدەك يوغان دولقۇنلار قاتتىق سوغاق چىقىرىپ، ئادەمنى قورقىتىپ پار ـ پۇر قىلاتتى. بۇ ئىككىيلەن تەلۋە بورانغا قارىماي، كېمىنى بار كۈچى بىلەن ھەيدەپ، ئىككىنچى چارباق بار يەرگە كەلدى. پېرفىلى پالاقنى ھەر بىر ئۇرغاندا، بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە ئىغاڭلايتتى، مانگا ئىككى بىلىگى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك ھىس قىلاتتى...

پېرفىلى ئاخىر قوزۇقنى تۇتۇۋېلىپ لىڭشىتىشقا باشلىدى، كېمە قاتتىق چايقىلاتتى، ئۇ داۋالغۇپ تازا كوتىرىلىپ، بېشى ئىگىز، ئايىغى پەس بولغاندا، پېرفىلىنىڭ بېشى بىلەن قولى سۇنىڭ ئىچىدە قالدى. مانكانىڭ قورققىنىدىن كوزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، ئۇ پېرفىلىنىڭ ساغرىسى، كېرىلىپ تۇرغان پۇتلىرى ۋە ھول بولۇپ كەتكەنلىكتىن پاقىراپ تۇرغان ئوتتۇگىنىلا كورەلىدى. پېرفىلى قوزۇقنى كۈچەپ بىر تارتىۋىدى، قوزۇقنىڭ يۇلۇنۇپ چىقىشى بىلەن تەڭ ئوزىمۇ ئوڭدىسىغا چۈشتى ۋە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چارباقنى تارتىپ چىقىرىۋالدى. بۇ چارباقتا بىرنەچچە لوسوس بېلىغى، يەنە بىرنەچچە ئۇزۇن ـ چاسا ياباشا بېلىغى بار ئىدى، لېكىن بۇلارغا قاراشقا ھېچكىمنىڭ چولىسى يوق ئىدى.

ئاخىرى ھەقىقى بوران يېتىپ كەلدى، دېڭىزدا دەھشەتلىك دولقۇن كوتىرىلىپ، بوزغۇنلار ئەتراپقا چاچراشقا، سۇ مۇنچاقلىرى ھاۋادا ئۇچۇشقا باشلىدى، قىرغاق تەرەپتىن ھۇ ـ ھۇ ـ ھۇ قىلغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى: سۇ گويا بېلىقچىلىق مەيدانىنى بېسىپ كېتىدىغاندەك، قىرغاق تەرەپكە شاقىراپ ئۇرۇلاتتى. دېڭىز بارا ـ بارا جىگەررەڭ بولۇپ قالدى. ئىككىنچى يۇرۇش چارباقلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك تارتىۋېلىنىپ، كېمىگە سېلىنغان، پەقەت ئۈچ تەرەپتىكى چارباقلا

قالغان ئىدى، مۇشۇ چاغدا كېمە دولقۇن بىلەن تەڭ كۆتىرىلىپ ئۆرە دىگۈدەكلا بولۇپ قالدى-دە، ئارقىدىنلا يانتۇ بولۇپ، كومتۇرۇلۇپ كەتتى، بۇنىڭ تېگىدە قالغان مانكانىڭ قۇلىغى پۈتۈپ، ئۆزى قاقىلىپ تىنالماي قالدى.

مانكانىڭ كۆز ئالدى قاپ-قاراڭغۇ، ئۆزىنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق ئىدى، ئۇنىڭغا يورۇقلۇق، ھاۋا كېرەك ئىدى، پېرفىلى كېرەك ئىدى، لېكىن بېشى بولسا كېمىنىڭ گىرۋەكلىرىگە ئۇرۇلاتتى، پۇتى چوكۇپ كېتىۋاتقان چارباقتا ئىلىنىشىپ قېلىپ تۇۋەنگە سورەيتتى. "ۋاي خۇدايىمەي، — دەيتتى ئۇ، ئۇنىڭ بېشى لوقۇلدايتتى، — ۋاي-جان، ۋاي ئانا، مەن تۇگىشىدىغان بولدۇم، ۋايجان، تۇگەشتىم!..."

ئىمدۇر بىر نەرسە ئۇنىڭ پۇتىغا ئۇرۇلۇۋىدى، ئۇ ئۇنى تېپىۋىتىپ، كېمىنىڭ گىرۋىكىگە چىڭ ئېسىلدى ۋە يۈزىنى كېمىنىڭ تېگىگە چاپلاپ تۇرۇپ (بۇ يەردە بېلىقنىڭ پۈرىقى ئارىلاشقان ئازراق ھاۋا بار ئىدى)، ھوڭگىرەك ئېيتىپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ چاغدا، كۈچلۈك بىر قول ئۇنىڭ پۇتىنى سىيپلاپ كېلىپ، يوتىسىدىن كۈينىگى بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ، كۈچەپ پەسكە تارتتى. مانكا ئاغزىغا سۇ كىرىپ قاقىلىپ كېتىپ، تېپىرلاپ، تولغىنىپ كەتتى، لېكىن ھېلىقى قول ئۇنى يەنە چىڭ تۇتۇۋېلىپ، كۈچ بىلەن يۇقۇرىغا ئىتتىرىپ كېمىنىڭ كۆپ زەخمىلەنگەن ۋە دومبىيىپ تۇرغان يان تەرىپىگە چىڭ باستى، ئاندىن شارت قىلىپ تۈكۈرگەن پېرفىلىنىڭ بولجۇك گوشلىرى چىققان، ئۇمۇرتقا سۆڭىكى چىقىپ تۇرغان دۈمبىسى كورۇندى، ئۇ كېمىنىڭ قوسىغىغا يامىشىپ چىقتى، ئارقىدىنلا مانكانىمۇ تارتىپ چىقاردى.

— سىز ئىمىشقا كېمىنىڭ تېگىدە تۇرىسىز، قاپاقۋاش! — پېرفىلى كېمىنىڭ يېپىشقاق تېيىلغاق قوسىغىنى مەككەم تۇتۇپ تۇرۇپ،

مانكانى چىلڭ قۇچاقلىۋېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىغىغا بەختىيار ھالدا ۋاقىرىدى: — چىلڭ تۇرۇڭ! بىز ھازىر قىرغاق تەرەپكە لەيلەپ كېتىۋاتىمىز، چوقۇم قىرغاققا بېرىۋالىمىز!

مانكا قاتتىق چايقالغانلىقتىن يوتىلەتتى، كوزىگە ياش كېلىۋېلىپ ھېچنىمنى كورەلمەيتتى، نەم ۋە تۇزلۇق دېڭىز بورىنى ۋە كوپۇك دەستىدىن نەپەس ئالالمايتتى. ئۇ بىر قولى بىلەن كېمىنىڭ قوسىغىنى چىلڭ تۇتقان، يەنە بىر قولى بىلەن پېرفىلىنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان بولۇپ، مىدىرلاشقىمۇ جۇرئەت قىلالمايتتى، توڭۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئۇيۇشۇپ قالغان ئىدى.

— ھېچگەپ يوق! — دەپ كۇچەپ توۋلىدى پېرفىلى خوشال ھالدا، ئۇنىڭ ئوتتۇكى كېمىگە تېگىپ تېيىلىپ تۇراتتى. — ياشىغان بىلەن، دېڭىز بويىدا تۇرمىغان ئادەم جاپانى بىلمەيدۇ!

دېڭىز خۇددى غايەت يوغان، يىرتقۇچ ياۋا ھايۋانغا ئوخشاش ھە دەپ ھوكىرىمەكتە. ئۇ يەنە ئۇچىسىغا كېمىنى كومتۇرۇپ ئارتىۋالغان ياۋا ھايۋانغا ئوخشاش، بىر كوتىرىلىپ، بىر پەسلەپ، كېمىنى قىرغاققا ھەيدەيتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، كېمە شاقىراپ قىرغاققا ئۇرۇلۇۋاتقان دولقۇنلار ئارىسىدا لەپپەڭشىپ ئۇچۇشقا باشلىدى، كېمىنىڭ دۇپ-دۇگىلەك قوسىغى قاراڭغۇدا پار-پۇر قىلاتتى. دولقۇن كېمىنى ئېگىز كوتىرىپ قىرغاققا ئاتتى-دە، بۇژغۇنلارنى چاچرىتىپ پارچىلىنىپ كەتتى، بۇ چاغدا كېمە بۇژۇلداپ تۇرغان كوپۇكلەر بىلەن يوگىلىپ ئاستا-ئاستا كەينىگە يېنىپ، ئارقىدىنلا، كېيىنكى دولقۇندا يەنە كوتىرىلىپ قىرغاققا ئېتىلماقچى بولغاندەك، ئۇچقاندەك يېنىپ دېڭىزغا كىرىپ كەتتى.

بىردىنلا ئەتراپ جىمجىت بولۇپ قالدى، ئارقىدىنلا دولقۇن

كەينىگە يانغان شاقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئارقا تەرەپتىن پويىز گۈدۈگىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ھۇ-ھۇ-ھۇ قىلغان ۋە بارا-بارا كۈچىيىپ كېلىۋاتقان بىر ئاۋاز كەلدى. پىرفىلى شۇنداق كەينىگە قارىۋىدى، قولى بوشاپ كېتىپ، كېمىدىن سىرىلىپ چۈشۈپ كېتىشكە تاسلا قالدى: دەھشەتلىك بىر دولقۇن پار-پۇر قىلىپ تۈرۈلۈپ، مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. كېمە تېخى كوتىرىلىپ چىقمىغان ئىدى، ھېلىقى دولقۇننىڭ سوقۇشى بىلەن ئۆكتۈرۈلۈپ قىرغاققا ئۆرۈلدى-دە، گۈلدۈرلەپ بېرىپ سايازلىققا چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، مانكا ئۆزىنىڭ سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، يۈز-كوزلىرى، دۈمبىسى ۋە جەينەكلىرىنىڭ سايازلىققا ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى، پۇت-قولىنى بىرسىنىڭ تارتىپ سورەۋاتقانلىقىدىن باشقا ھېچنىمىنى سەزمىدى.

مانكا قىرغاقتا ھوشىغا كەلدى. پىرفىلى ئۇنىڭ بېشىنى ئاستا يولەپ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. مانكا خىجىل بولۇپ، ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى-دە، قوپۇپ ئولتۇرۇپ، كوينىكىنى تارتىپ پاچاقلىرىنى يېپىپ قويدى. ئۇ كوڭلى ئېلىشىپ، بېشى قايغاندەك، كوزلىرى قاراڭغۇلاشقاندەك ھېس قىلدى.

— ھەرنىمە بولسا ھايات قالدىڭىز! — دېدى پىرفىلى خۇشال بولۇپ، — سىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا...

ئۇ قۇمدا تەستە مېڭىپ كېمىنىڭ يېنىغا كەلدى، كېمە خۇددى جانلىق نەرسىدەك، كوپۈكلەر ئارىسىدا چايقىلىپ، پاقىرايتتى. پىرفىلى كىندىكتىن ئاشقىدەك سۇغا كىرىپ كېمىنىڭ ئاغامچىسىنى تۇتۇۋېلىپ، قىرغاققا سورەپ باردى. بۇ چاغدا سۇ لاي ئارىلاش ئاق كوپۈكلىرىنى چاچرىتىپ شار-شۇر قىلىپ كەينىگە يانغان ئىدى. ئۇ يەنە سۇ كېچىپ بېرىپ، ھېلىقى چارباقلارنى تۇتۇۋالدى، ئىگىشكەندە

www.uyghurkitap.com

سايازلىقتا دۇم چۈشكىنى تاس قالدى، ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترەيتتى، ئۇ چارباقلارنىمۇ قىرغاقتا ئاپىرىپ قويىغانىدىن كېيىن، ھاسىراپ-ھومدەپ كەينىگە ياندى، پۇتىدىكى ئوتۇگى كولۇپ-كولۇپ قىلىپ بىر بىرىگە ئۇرۇلاتتى، سۇ بولۇپ كەتكەن ئىتەكلىرى بوراندا ئۇچۇپ پالاق-پالاق قىلاتتى. ئۇ قايتىپ مانكانىڭ يېنىغا كەلگەنىدە، مانكا تېخى ئورنىدىن تۇرالماي ئولتۇراتتى.

— ھىم، سىزنىزە! — دىدى پېرفىلى قەستەن ئەيىپلىگەن تەلەپپۇزدا ھاياجانلىنىپ، — كېرەك يوق، كېرەك يوق... كېلىڭ، قولىڭىزنى بوينۇمغا ئوتكۈزۈڭ، مەن سىزنى كوتىرىپ ماڭاي! — دەپ توۋلىدى ئۇ ھودۇققان ھالدا ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ئېڭىشىپ تۇرۇپ.

لېكىن مانكا يۈزىنى ئۇ ياققا ئورۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، مەس بولۇپ قالغاندەك دەلدەڭشىپ كەتتى، ئۇنىڭ تاتارغان يۈزىدە ئەپۇ سورىغاندەك بىر تەبەسسۇم بار ئىدى. ئۇلار تەكمۇ-تەك مېڭىشتى. پېرفىلى قولىنى ئۇنىڭ بېلىدىن ئوتكۈزۈپ مېڭىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا مانكانىڭ مۇرىسى ناھايىتى ئورۇقتەك بىلىندى. ئۇ قەدىمىنى بىردىن-بىردىن ئالاتتى، ئوتۇگىدىن شالاپ-شۇلۇپ قىلغان ئاۋاز چىقاتتى؛ ئۇ بارغانسېرى جانلىنىپ، دېڭىزغا ھە دەپ قاراپ قويىاتتى، خوشال بولاتتى، بىردەم گەپ قىلىپ، بىردەم كۈلەتتى، ئوزىدىن كۈلەتتى، مانكادىن كۈلەتتى، بوراندىن كۈلەتتى، گويا ھىلى تېخى كېمىنىڭ قوسىغىغا ئېسىلىۋالغان، بوغۇق ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىغان، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالغان، دولقۇنغا قاراپ ھەيران قالغان ھەم قورققان ئۇ ئەمەستەك ئىدى.

www.uyghurkitap.com

## 4

ئۆيگە كېلىپ، پېرفىلى مەشكە ئوت ياقتى، ئۇچىسىدىكى ھۆل كىيىملەرنى يوتكىدى، مانكاغا ئۇزۇن شىم، ئورە ياقىلىق پوپايكا ۋە كالتە چاپان ئېپچىقىپ بەردى، ئاندىن دالانغا چىقىپ، تاماكىنى تازا شوراپ چەككەچ، تىترەۋاتقان، ھەممە يېرى زەخىملەنگەن قوللىرىغا قاراشقا باشلىدى.

—ئاز قالدىمۇ، يا يەنە ساقلاپ تۇرامدىمەن؟—دىدى ئۇ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن.

—ۋاي مانا، ھازىرلا بولىدۇ!—مانكا ھودۇقىقان ھالدا جاۋاپ بېرىپ، ئالدىراشقا باشلىدى، ئۇچىسىغا چاپلىشىپ قالغان كوينەكنى بىلەن رۇباشكىسىنى كۈچەپ تارتىپ، سېلىپ تاشلىدى. قۇرۇق كىيىملەرنى كىيىدىغان چاغدا، ئۇزۇن شىم كىيىپ ئادەتلەنمىگەن بولغاچقا، پۇت-قوللىرى قولاشماي قالدى، ئۇ ئالىيىپ قاراپ قويدى، ئاندىن ئەمدىلەتىن كوتىرىلىپ چىقىۋاتقان كوكسىنى سىلاپ قويۇپ، تازا بىر تىنىۋالدى.

—بولدىمۇ؟—پېرفىلى دالاندا تۇرۇپ يەنە توۋلىدى.

—ئەمدى كىرىڭ!—دەپ قورۇنغان ھالدا جاۋاپ بەردى مانكا.

ئۇ ئەرەنچە كىيىم كىيىۋالغاچقا، بەكمۇ خىجىل بولۇپ، يەرگە قاردىغان پېتى ھول كىيىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئىتتىك سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، سىقىپ، يېيىشقا باشلىدى.

—ھەي!—دىدى پېرفىلى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ،—مەيەرگە كېلىڭ! ھازىر ئەڭ يېڭى پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەتكۈ-

زۇپ بەرگەن ئۇسۇل بىلەن داۋالاش ئېلىپ بارىمىز...
ئۇ مانكانى شىرەنىڭ يېنىدىكى ئۇزۇن بەندىگە ئولتۇرغۇزۇپ، كارۋاتنىڭ تېگىدىن تونۇگۇن يېڭىلا ئاغزىنى ئاچقان ھىلىقى ۋوتكا ھارىغىنى ئېلىپ، مانكاغا ۋە ئوزىگە بىر رومكىدىن قۇيدى.
— قېنى خوشە! — دېدى ئۇ مانكاغا قاراپ تۇرۇپ ھاياجان بىلەن، — ئىچىڭ، ئىچىڭ! رومكىنى ئېلىڭ، سوقاشتۇرايلى...بۇ نەرسە زۇكامنى ساقايتىدۇ. سىزنىڭ ساق-سالامەت قۇرۇقلۇققا چىققانلىغىڭىزنى تەبرىكلەيمەن...
ئۇ ئاۋال ئىچىۋېتىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھاۋانى بىرنەچچە قېتىم سۇمۇرۇپ، ئىتتىك بېرىپ كورۇشكىغا چاي قۇيدى. مانكامۇ ئىچىۋەتتى ۋە قاقىلىپ كەتكەنلىكتىن باشلىرى ئىغاڭلاپ كەتتى. ئۇ تېزلا مەس بولۇپ قالدى، مەڭزىلىرى توغاچتەك قىزاردى، يېشىل كوزلىرى ئويناپ كەتتى، پۈتۈن ئەزايى بوشاشتى، ئوزى سەل ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭدا پىرفىلى قۇچاقلىسىكەن، سويسىكەن دېگەن بىرلا ئارزۇ بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى.
پىرفىلى بېشىنى كوتىرىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ كورۇشكىنى سەل نېرىغا سۇرۇپ قويۇپ ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە يېنىك قەدەم تاشلاپ سىرتقا چىقىپ، ئەتراپقا ئىتتىك بىر قاراپ چىقتى، ھېچيەردە ئادەم كورۇنمەيتتى. ئۇ ئويگە قايتىپ كىرىپ ھودۇققان ھالدا ئولتۇرۇپ، كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ، مانكانىڭ يۈزىگە قىزغىن تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى، ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىگە، تېخى قۇرۇمىغان بولسىمۇ بۇدرىلىشىپ تۇرغان چېچىغا، توكۇلۇپ تۇرغان سېرىق كىرپىكلىرىگە قارىدى، ئۇنىڭ نىمشىقا جىمغۇر،

www.uyghurkitap.com

غەلىتە مىجەز، يەرگە قاراپ تۇرىدىغان، ئاۋازى غاراڭ-غۇرۇڭ چىقىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئاستا-ئاستا چۈشەندى. سىرتتا دېڭىز دەھشەتلىك شاۋقۇن كۆتۈرەتتى، ئۆينىڭ ئىچى بولسا ئىسسىق ۋە قۇرغاق ئىدى، مەشتە ئوت چاراس-چۇرۇس ئاۋاز چىقىرىپ كۆيەتتى، ئازراق بېلىق پۇرىقىمۇ بار ئىدى.

— قانچىگە كىردىڭىز؟ — دەپ ئىتتىك سورىدى پېرفىلى بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

— مەن ئەمدى ماڭاي... — دېدى مانكا بوشقىنا، لېكىن ئورنىدىن تۇرۇپلا يەنە ئولتۇرۇپ قالدى.

— قانچىگە كىردىڭىز؟ — پېرفىلى يەنە سورىدى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆزىدىن بىلمەكچى بولغاندەك، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى.

— ئون توققۇزغا... — مانكا يالغان سۆزلەپ پەس ئاۋازدا شۇنداق دېدى-دە، تەتۈر قارىۋالدى، ئۇنىڭغا قوللىرى بارا-بارا مۇزلاۋاتقان ھەم بېشى قېيىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ بىردىنلا پۈتۈن ئەزايىغا سوغاق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك بولۇپ كېتىپ، ياز كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ ئازاپ تارتقانلىقىنى، ياش توككەنلىكىنى، ئۇياتقۇسىنى كەلتۈرىدىغان تۇنجى مۇھەببىتىنى يوشۇرغانلىقىنى، ئاق كېچىدە چۈش كۆرگەندەك ئۈمىتسىز ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى — بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە شېرىن بىر ۋەھىمە چۈشتى: پېرفىلى بىر ياندا ئۇنىڭغا يېۋېتىدىغاندەك قارايتتى، ئۇنىڭ ئارمىنى ئەمەلگە ئاشماقتا ئىدى! ”ئۇ نىمە بولدى! — دەپ ئويلىدى مانكا، — ۋىيەي، ئۇ ھازىرلا ماڭا ئۆزىنى ئاتىدىغان بولدىغۇ! ۋاي ئانام، ئۇنىڭغا نىمە بولدى!“ ئۇ پېرفىلىغا تارتىنچاقلىق بىلەن بىر قاراپ قويدى.

— ھەي ي ي! — پېرفىلى قەستەن ئۈمىتسىزلىك بىلەن شۇنداق

دىدى ۋە شاللاقلىق قىلىپ ئۆزىنى تارتىنىشۋاتقانىدەك قىلىپ كور-سەتتى، بەندىگىنىڭ بۇ بىشىدىن سۈرۈلۈپ، مانكانىڭ يېنىغا كېلىپ، تۇيۇقسىزلا ئۇنى قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ بوينىنى قايرىپ، كوزىنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ قويۇپ، تازا ئېزىپ ئۇزاق سويدى، ئۇنىڭ بىر قولى نومۇسسىزلىق بىلەن مانكانىڭ ئورۇق ئۇچىسىنى سىلايتتى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن مانكانىڭ چىرايىدا قان قالمىدى...

—نىمە قىلماقچى سەن! —دىدى مانكا كۇچەپ ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، —هۇ جۇۋاينىمەك! نىمە قىلغىنىڭ بۇ!

—مەن ئوزەمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم... —دەپ غودۇڭشۇپ ئورنىدىن تۇردى پېرفىلى خىجىل بولۇپ، يەنە ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى.

—يوقال! —دەپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى مانكا يىغلىۋەتكىدەك بولۇپ، —ئوزەڭنىڭ ھەلىقى نىمەڭنى سوي بېرىپ...ماڭا يېقىن كەلگۇچى بولما! مېنىڭ...مېنىڭ سەن بىلەن قىلچە ئالاقەم يوق!

—مانيا! مانۇشا①... —پېرفىلى هودۇقىقان ۋە پۇشايمان قىلغان هالدا يالۋۇردى، —ئالدىرىماي تۇرۇڭا، مەن سىزگە چىن كوڭلۇمدىن مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن جۇمۇ!...

—مېنىڭ سەن بىلەن چاتىقىم يوق! بېرىپ ھەلىقى لېنكا دىگەن نىمەڭنى سوي. مەن تېخى...تېخى بىرەر كىشى سويۇپ باققان قىز ئەمەس! —دىدى مانكا تىترەپ تۇرۇپ تەسلىكتە، ئاندىن بىردىنىلا كەينىگە ئورۇلۇپ، ھاسىراپ تۇرۇپ ئۇچىسىدىكى كالتە چاپاننى سېلىپ يەرگە ئاتتى. —ماڭ نېرى! هۇ بېشىڭنى يەيدىغان! —دىدى ئۇ پەس ئاۋازدا، —مەن...مەن گېزىت-خەتلەرنى ئاپىرىپ بېرىشىم

① مانيا، مانۇشا—مانكانىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

كىرەك...

پىرفىلى دالاندا تاماكىسىنى چېكىپ مېڭىپ يۈرەتتى. مانكا ئۇنى كىرىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپمۇ كەتمەي، كىيىملىرىنى يوتكىشىۋاتاتى. كۈچلۈك غەزەپ ۋە دەردىنى ئېلىشۋالغاندىن كېيىنكى بىر خىل شاتلىقتىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەيتتى. ئۇ پوچىتا پوپكىسىنى ئېلىپ، بېشىنى يەردىن كوتەرمەي ۋە پىرفىلىغا خوشمۇ دەپ قويمايلا يۈرۈپ كەتتى.

بېشىغا بىر نەرسە كىيمىگەن پىرفىلى پايپاقسىز پۈتىغا بىر ئەسكى ئايىغىنى سىپىۋېلىپ ئۇنى قوغلاپ بارغاندا، ئۇ خېلى ئۇزاپ كەتكەن ئىدى.

— مەندە ماۋۇ... — ئۇ پەس ئاۋازدا گەپ قىلدۇۋېتىپ، بىرنەچچە تال شاكالاتىنى ئۇنىڭ پوپكىسىغا سېلىپ قويدى. — ئېلىۋېلىڭ، يولدا يەرسىز. مېنىڭدىن رەنجىمەڭ، مانىيا... مېنى ئەپۇ قىلىڭ، ماقۇلمۇ؟ مەن لېنكا بىلەن ئالاقەمنى ئۈزۈپ بولغىلى نىكەم! — دېدى ئۇ ئۈمىتسىزلەنگەن ۋە كوڭلى يېرىم بولغان هالدا، — ئۇ بەكمۇ ئەسكى، شاللاق بىر قىز ئىكەن...

— ماڭ نېرى! — دېدى مانكا بېشىنى تولغاپ كوزىنى باشقا بىر ياققا تىكىپ تۇرۇپ، — ماڭا تولا يېپىشىۋالما!

— شەنبە كۈنى كۈلۈپقا بارامسىز؟ — دەپ سورىدى پىرفىلى ئۇنىڭ يېنىدا ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋېتىپ.

— مېنىڭ خەت - چەك توشۇيدىغان ئىشىم بار، — دېدى مانكا يەنىلا باشقا بىر يەرلەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە يەكشەنبە كۈنى بېرىڭ! — دېدى پىرفىلى نىيىتىدىن يانماي، — مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار... بېرىڭ، مانىيا، ماقۇلمۇ؟

— بىر ىشىم ناتايىن، — مانكا بىردەم ئۇنچۇقماي تۇرغاندىن كېيىن مۇجمەللا قىلىپ شۇنداق دىدى ـ دە، ئىتتىك قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى؛ پېرفىلى ئارقىدا قالىدى.

”ئەجەپمۇ قالتىس ئويلاپسەنا! قاراپ تۇر، مەن بارامدىمەن، بارمامدىمەن قېنى! — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە بىشىنى يەردىن يۇقۇرى كوتەرمەي، بارغانسېرى يىراقلاپ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان دىڭىز دولقۇنىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، — سەن ئۆزەڭچە ئەخمەقتىن بىرنى تېپىۋالدىم دەپ قاپسەن...مەن بىرىپ نىمە قىلاتتىم! بىرنەچچە تال كەمپىت بىلەن خوشامەت قىلىپ كەتكىنىڭنى!“ ئۇ بىر قولىنى يوپكىغا سېلىپ، بىرنەچچە تال كەمپىتنى ئېلىپ چىڭ سىقىملاپ تۇتتى، لېكىن نىمىشقىدۇ ئۇ نىيىتىدىن يېنىپ، ئۇنى تاشلىۋەتمىدى؛ ئۇ كەمپىتنى سىقىملاپ تۇتقان پېتى توختىماي ئالغا قاراپ كەتتى.

بىر دوقمۇشتىن قايرىلىدىغان چاغدا، بىرسى ئۇنىڭ كەينىدىن ئىتتىرگەندەك قىلدۇىدى، ئۇ ئىختىيارسىز كەينىگە قارىدى: پېرفىلى تېخىچە بايا قالغان يېرىدە ئۇنىڭ كولەڭگىسىنى ئۇزىتىپ تۇراتتى. ئۇ مانكانىڭ كەينىگە قارىغانلىغىنى كورۇپ، بىر قولىنى كوتەردى، لېكىن مانكا شۇ زامات ئالاقزادە بولۇپ ئىتتىك ـ ئىتتىك يۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ يۇگۇرگۇسى كېلەتتى. يېرىم سازېنچە ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ هۇشيارلىق بىلەن ئەتراپقا كوز يۇگۇرتۇپ چىقىپ، غىپپىدە چاتقاللار ئارىسىغا كىرىۋالدى، ئاندىن ساپ ـ سېرىق رەڭگە كىرگەن قېيىنلىقتا بىرىپ، مۇخ بېسىپ كەتكەن بىر يەرنى كوردى ـ دە، شۇ يەردە پوپكىسىنى بېشىغا قويۇپ ياتتى. ”ۋاي جېنىمەي، قانداق قىلىپ بۇنداق ئىش بولۇپ قالدى...بۇنىڭـ دىن كېيىن ئۇلارغا قانداقمۇ خەت ئېلىپ بارارمەن!“ دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇنىڭ يۈزى قىزىۋاتاتتى، پېرفىلدىكى بىلىنچىلاردىلا بولىدىغان ساپ پۇراقتىن دىمىغى ئېچىشىپ بېشى قېيىۋاتاتتى. ئۇ يەنە پېرفىلىنىڭ يېۋېتىدىغاندەك قىلىپ قۇيرۇغىدا قاراپ تۇرغان قارا كۆزلىرىنى ئوچۇق كورگەندەك بولۇپ، مىدىرلىماي تۇرۇپ قالدى، بۇگۈن بېشىدىن ئۆتكەن قورقۇنچ، خوشاللىق ۋە شەرمەندىلىكنى ئويلىدى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ كوڭلىگە يەنە ھېلىقى ئادەمنى قاغايدىغان غەلىتە سوزلەر كېلىشكە باشلىدى، بىراق بۇ قېتىم ئۇ سوزلەرگە خوشاللىق ۋە ئوچمەنلىك ئارىلاشقان ئىدى، جىمجىتلىقتىن ئۇنىڭ ئىچى تىت - تىت بولاتتى: "ئۇمۇ كېسەل بىلەن چىرمىلىپ، جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ، ئىچى قىزىپ كېلىدىن ھېچنەرسە ئۆتمەيدىغان، جىم تۇرالمايدىغان، ھاياتمۇ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالسىكەن ئىلاھىم!"

**ئاپتور ھەققىدە** يۇرىي پاۋلوۋىچ كازاكوۋ (1927 - يىلى تۇغۇلغان) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى داڭلىق ھېكايىچىسى، ئىلگىرى مۇزىكىچىلىقنى ئۆگەنگەن ۋە مۇزىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1952 - يىلىدىن ئېتىۋارەن ئەسەر ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ۋەقەلىگىنىڭ ئەگرى - توقاي، دولقۇنسىمان راۋاجلىنىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى شەخسلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىش، رەسىمدەك گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەش ۋە شېئىرىي لىرىك مەزمۇن بىلەن ئالاھىدە كوزگە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر خىل نەپىس گۈزەللىك بار، ئوقۇغان كىشىنى تاغ ئورمانلىرىدىكى بۇلاق سۈيىدىن سۇ ئىچكەندەك ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

(«سوۋېت ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ
1982 - يىللىق 5 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەرجىمە قىلغۇچى: خوجائابدۇللا ئوسمان.
تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: نۇرمۇھەممەت دولەتى.

# نىكا توختىمى

## نورا ئادامىيان

نىكولاي ئىۋانوۋىچ سامسادوۋ ئۆزى ئۈستىدە توختالغىنىدا، ھەمىشە: "مەن كوللىكتىپ ياتاقتا تۇرىدىغان ئادەممەن" دەيتتى. بۇ ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى تەقدىرىنى يىغىنچاقلاپ ئېيتىپ بەرگىنى ئىدى. ئۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، يىگىرمە ياشقا كىرگىچە ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە تۇرغان، ئائىلىسىنىڭ راھىتىنى كورگەن ئىدى، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئايرىم ھوجرىسىمۇ بار ئىدى.

ئۇرۇش يىللىرىدا ئۇ يالغۇز يۈرمىدى. لەخمىلەردە، سەپەر ئۈستىدە، دوختۇرخانىدا، ئەيتاۋۇر ھەممە يەردە ئادەملەر بىلەن بىللە بولغان ئىدى.

ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، ئاكىسى، ئىگىچە-سىڭىللىرى ئۇ-بۇ شەھەرلەرگە كېتىپ قالغانلىقى ۋە ئۆي-ئوچاقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆي-ماكانسىز قالغان ئىدى؛ ئەمدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئۆزىگە ماكان تاپماقچى بولدى. ئۇنىڭ قوللىرى بەرىكە تاپقۇر قوللاردىن ئىدى: ئۆي سالالايتتى، ئوچاق ياسىيالايتتى، ئاپتوموبىلمۇ ھەيدىيەلەيتتى. ئۇ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە تۈرلۈك ئىشنى قىلىشنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئەمما نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئىش ئۇۋق-مايدىغان ياشلاردىن بولغاچقا، ئۆگىنىۋالغانلىرىنى پۇختىلىۋالمىغان، سەۋىيىسىنى ئوستۇرۇش ئۈچۈن بىرەر جايغا ئوقۇشقىمۇ كىرمىگەن

www.uyghurkitap.com



ئىدى. ئاخىر نىمە بولدى، ئۇنى ئۇستا ياغاچچى دىيىش كېرەكمۇ، ياكى ئۇستا كورمىگەن ياغاچچى دىيىش كېرەكمۇ، يا بولمىسا شوپۇر دىيىش كېرەكمۇ، بۇنىڭغا ھازىر بىرنىمە دەپ بولمايتتى. قىسقىسى، ئۇ ھەممە ئىشنى قىلالايتتى. ئوزىنىڭ قالتىس ھۇنەرۋەن ئەمەسلىگى ئۇنىڭ ئوزىگىمۇ ئايان ئىدى، ئەمما ھىچكىم ئۇنىڭ غەيۇتىنى قىلمايتتى، رەھبەرلىكمۇ ئۇنى ئىشنى پۇختا قىلىدۇ دەپ دائىم ماختايتتى. ئۇ كۇندىن-كۇنگە مەلىكىلىك بولۇپ بارماقتا ئىدى، ئەسلىدە ئۇ ئوي-ئوچاقلىق، بالا-چاقىلىق بولۇپ، باشقىلارغا ئوخشاشلا تۇرمۇش كەچۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. بىراق تەلىيى كاج كەلدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى غالىبىيىتىدىن كېيىن ئۇزۇن ئوتمەي، ئۇ ئوز مەھەللىسىدىكى بىر قىز بىلەن تۇرمۇش قۇردى. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر ئولتۇرىدىغان ئوي، ئىشلىتىدىغان ئاز-تولا ئوي سەرەمجانى بولسىلا شۇكرى دەيتتى، ھازىرقىدەك مىشچان ئەمەس ئىدى. نىكولاي كولخوزدا ئىشلەيتتى، فاليە بېكەتتىكى ئاشخانىدا ئىشلەيتتى، قوسىغى توق ئىدى، خەجلەيدىغان پۇللىرىمۇ بار ئىدى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ فاليە بىلەن ئوي تۇتۇپ بىر يىلغىچە ئاشۇنداق ئوتتى.

بىراق، تۇيۇقسىز بولغان بىر ۋەقە بۇ تۇرمۇشنى خۇددى بۇزۇلغان چۇشكە ئوخشاشلا بۇزغان ئىدى.

بىر كۇنى، ئويىگە قايتىپ كەلگەن نىكولاي ئىۋانوۋىچ خوتۇنىنىڭ بىر ياش ئاشپەز بىلەن ياتقانلىغىنى كورۇپ قالدى. بۇنى كورگەن نىكولاي ئىۋانوۋىچ ھە دىگەندە نىمە قىلىشنى—يىگىتنى ئۇرۇشنى، ياكى خوتۇنىنى ئۇرۇشنى، ھەتتا نىمە دىيىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغان ئىدى، پەقەتلا خىرىلدايتتى. ھىلىقى ئاشپەزمۇ ئالاقزادە بولۇپ، نومۇستا ئىشتىنىنىمۇ كىيەلمەيۋاتاتتى.

—بۇ قانچىلىك ئىشتى؟ مانا تۇگىمىدىغۇ. تۇرمۇش دېگەندە ھەممە ئىش بولىدۇ-دە... —دېدى فالىيە ھېچ ئۇقمەي تۇرۇپ. فالىيە ھىلىقى ئاشپەزنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئېرىگە سىلىق سۆزلىدى:

—كەچلىك تاماق يەيلى، قانداق دەيسىز؟

نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئۇنىڭ بۇ يۈزسىزلىكىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدى؛ فالىيە زىل ئاۋازلىرى بىلەن بىلجىراپ كەتتى:

—گويا ناھايىتى چوڭ بىر ئىش بولغاندەك! ھازىر ئادەملەردە تارتىنىش-قورۇنۇش يوق. سىز بىرەرسى بىلەن كۆڭۈل ئاچسىڭىز، مەن سىزگە بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمايمەن... ئۇرۇشتىن كېيىن، شۇنچە كۆپ ئۇبدان ئاياللار تۇل بولۇپ قالدى، ھە، ئۇلار ئاشۇنداق ئۆتۈۋېرەمدۇ؟ بۇ دورەم مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا خىجىلمەن، بوپتۇ، ئوچىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، ھەرگىز قارشى بولمايمەن.

—ياق، ئۇنداق قىلىشقا كۆڭلۈم بارمايدۇ، —دېدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ، —مېنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى مەسىلىسىدىكى قارىشىم سىزنىڭ-كىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ.

—بېرلىننى ئېلىش سوقۇشىغا قاتناشقان، قالتىس مەرىپەتلىك ئادەم-دە ئوزىڭىز، —دېدى فائىنا① ئىستىھزا بىلەن، —كونا زامانىنىڭ قالدۇغى دېگەن دەل شۇ.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ گەپنىڭ ئاخىرىغا قۇلاق سالمىدى، ئۇ كول-لىكتىپ ياتاققا كوچۇپ چىقىپ، بويتاقلىق ھاياتىنى باشلىدى. نەگىلا بارسا، بىر كىشىلىك يوتقان-كۆرپە، بىر كارۋات ئىشكاۋى ئۇنىڭكى

---

① فالىيە.

ئىدى، ھەممە لاقا-لۇقىسنى ئىككى ساندۇغىغا سالاتتى. دەسلەپتە، ئۇنىڭ ياتاقداشلىرىنىڭ ياش-قۇرامى ئۇنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى، كېيىنچە، ئۇنىڭ يېشى بارا-بارا ئارتىپ باردى، ياتاقداشلىرى بولسا ئۇنىڭدىن ياش باللاردىن بولۇپ قېلىۋەردى. ئەمما ئۇ بۇ ياتاقتىن ئۇ ياتاققا كوچۇپلا يۈردى. دەسلەپتە ئۇ تولاراق ياغاچچىلىق قىلدى، — ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ئۆيلەرنى تۈزەش-ئوڭلاش ئىشىنى قىلدى، كېيىنكى چاغلاردا شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىپ، شوپۇر بولۇۋالدى ۋە ئالېكساندروۋ شەھىرىدىكى بىر ماشىنىسازلىق زاۋۇدىنىڭ كوللىكتىپ ياتىقىدا تۇردى.

كوللىكتىپ ياتاق قالايمىقان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىگىتلەر ئويۇن-كۇلكە بىلەن ئوتكەچكە، بۇ يەردە تۇرۇش مەن قۇراملىق ئادەمگە ئەپسىز ئىكەن دەپ ئويلىغان نىكولاي ئىۋانوۋىچ يېڭى تۇرار جايغا كوچكەن ئىدى، ئەمما نەتىجە كوڭۇلدىكىدەك بولۇپ چىقمىدى.

شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر جايدىن ئۇنىڭغا بىر ئېغىز ئۆي تونۇشتۇرۇشتى، بۇ ئوينىڭ ئىگىسى يالغۇز ئايال ئىدى. رەڭمۇ-رەڭ گۈل ئېچىلغان بېغى بار، ئويلىرى پاكىز بۇ ھويلىنى نىكولاي ئىۋانوۋىچ يىراق بولسىمۇ ياقتۇرۇپ قالدى، ئايال خوجايىن لەتاپەتلىك، يېشىمۇ خېلى چوڭ ئايال ئىدى. بۇ يەردە تۇرماي بولاتتىمۇ؟

ئەمما خوشنىلارنىڭ ئىپادىلىرى باشقىچىرەك بولدى. خوشنا ھويلىدىكى موماي قاشادىن بويىنىنى سوزۇپ تۇرۇپ:

— سىز كلاۋانىڭ ئويىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتامسىز ياكى باشقا ئىشمۇ؟ — دەپ سورايتتى.

نىكولاي باشقىلارنىڭ بۇنداق ئىنچىكىلەپ سوئال سورىشىنى ياقتۇرمايتتى، ئەمما باشقىلارغا قوپال گەپ قىلمايتتى.

— ۋاقىتلىق تۇرماقچىمەن، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.

— تۇرۇڭ، تۇرۇڭ، — دەيتتى موماي ئۇزىچە غودۇڭشۇپ، — كلاۋاغۇ ئوبدان ئايال، ئەمما ۋاختانى-ۋاخ كەلسە، بۇ بىچارە...

ھەر ئەتىگىنى كلاۋا چاي-پاي ھازىرلايتتى، ئىككىسى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بىللە چاي ئىچىشىپ، ئاندىن ئۆز ئىشلىرىغا مېڭىشاتتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ چۈشلۈك تاماقنى زاۋۇتنىڭ ئاشخانىسىدا يەيتتى، ھەر كۈنى كەچتە قېتىق ئىچەتتى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچنى بۇ يەردە تۇرۇشقا تونۇشتۇرغان ھېلىقى ئۇستام ئۇنىڭغا ئۇچرىسىلا كوڭۇل بولۇپ:

— قانداق؟ — دەپ سورايتتى ۋە ئۇنىڭدىن گەپ ئالماقچى بولاتتى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ ھەمىشە: ئوبدان! نورمال! دەپ جاۋاپ بېرەتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار بىر ئورۇندا يېتىشتى، ئەر-خوتۇندەك ئۆتۈشتى، بۇمۇ نورمال ئىش ئىدى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ گەمە كولىغان، قاشا ئۇڭلىغان بولسىمۇ، رەسمىيەت بېجىرىشكە ئالدىرىمايتتى، شۇنداقلا كلاۋاغا ئىچىدىكىنى تولۇق توكۇپ دېمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ پۇل ئامانەت كىنىشكىسى ساندۇغىدا ئىدى، كلاۋاغا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىشقا يەتكۈدەكلا پۇل بېرەتتى؛ ئەمما كلاۋا شۇ پۇلنىمۇ ئېلىشقا ئۇنىمايتتى. ئۇ ھەمىشە ئاشخانىدىن ئوبدان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەتتى، كەچلىكى چايغا ئولتۇرۇشقانلىرىدا، بۇ نەرسىلەرگە قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدىغان قارا ئۆرۈك مۇرابباسىنى سۇرتۇپ يېيىشەتتى. كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئوبدان ئۆتكەندەك ئىدى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمما ئاردىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، نىكولاي ئىۋانوۋىچ خوشنىسىنىڭ ئىما-ئىشارىستى ۋە ئۇستامىنىڭ سوئالىنىڭ تەكتىگە يەتتى.

......كىلاۋانىڭ ئىشقا بارمىغىنىغا ئون كۈن بولغان ئىدى. نىكولاي ھەر كۈنى قايتىپ كەلگىنىدە، ئۇنى يا بېشى ساڭگىلاپ، كوزلىرى يۇمۇلغان ھالەتتە، يا بولمىسا ھىجايغىنىچە، ھاياسىزلىق قىلىۋاتقان ھالەتتە كورەتتى. ئويىنى چاڭ-توزاڭ، ئەخلەت-چاۋا بېسىپ كېتىۋاتاتتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ كوللېكتىپ ياتاققا بېرىۋال-ماقچى بولىدى. ئەمما كىلاۋانىڭ بۇ ھالىتىنى كورۇپ خاتىرجەم بولالمىدى. كلاۋا ئىشكىنمۇ ئەتمەيتتى، كومۇر گازىنىمۇ ئەتمەيتتى؛ نىكولاي كەچتە ئويگە كەلگىچە غەم-غۇسسىدە ئوتەتتى.

ئەمما، بىر كۈنى ئەھۋال بىردىنلا باشقىچە بولۇپ قالدى. ئوينىڭ ئىچى پاك-پاكىز تازىلانغان، كلاۋامۇ يۇيۇنۇپ تارانغان ئىدى. كلاۋا نىكولاينى كورۇپ، ئەپۇ سورىغان كىشىدەك كۇلۇپ قويدى.

— كولىنكا①، ئەزىزىم، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلماسلىققا ساغلاملىغىم ۋە ھاياتىم بىلەن ۋەدە بېرىمەن... ھاراق دېگەن نىمىنى ئىككىنچى ئاغزىمغا ئالمايمەن، ئويلىسام نىمە دېگەن يىرگىنىش-لىك... كەچۈرگىن مېنى...

— مېنىڭ كەچۈرۈشۈمنىڭ نىمىگە پايدىسى بولاتتى؟ ئوزەڭنىڭ غېمىنى يىگىن. بۇنىڭدىن كېيىن نىمە ئىش قىلىسەن؟

— كولىنكا، بىراۋ ماڭا تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىدىن ئىش تېپىپ بەردى... ئىش ھەقىقىمۇ خېلى جىق ئىكەن... كەچلىك تاماقنى

---

① نىكولاينىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆزەم ئىتتىپ بىرىمەن... ماڭا ئىشەن، ئەمدى ئۇنداق ئىشلار بولمايدۇ!

نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئىشەندى.

بىر كۈنى ئايال خوشنىسى ئۇچراپ، ئىچ ئاغرىتقاندەك تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق دىدى:

—ھەي بىچارە، ئۆزىگە ھاي بىرەلمەيدۇ-دە. بۇ تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس. ئۇنى ھېلىقى دوستلىرىنىڭ قېشىغا بارغۇزماڭ، ئۇ ئايالللار ھەمىشەم ئۇنى مەس قىلىپ قويىدىكەن.

كلاۋا ھەممە ئىشنى نىكولايغا ياققۇدەك قىلىشقا تىرىشاتتى. ھەر ئەتىگىنى نىكولايغا پاكىز يۇيۇپ كىراخماللانغان، ئوبدان دەزماللانغان كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ ئىشقا ماڭغۇزاتتى. مۇزلاتقۇدا نىكولاي ئامراق مىۋىلەر ئوكسىمەيتتى. ئۆي رەتلىك يىغىشتۇرۇلغان، باغمۇ پاكىز تازىلانغان بولاتتى، قىشلىقى يىيىش ئۈچۈن مۇراببامۇ تەييارلاپ قويۇلغان ئىدى. كلاۋا تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىدىن ئالغان تۇنجى قېتىملىق ئىش ھەققىنى شۇ پېتى ئېپكېلىپ نىكولاينىڭ ئالدىغا قويدى.

—ماڭا بىرىپ نىمە قىلىسەن؟—دىدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ،—ئۆزەمنىڭ يىتىدۇ.

—سەندە تۇرغىنى ئوبدان بولىدىغاندەك.

—ياق، ئەڭ ياخشىسى چىش سالدۇرۇۋالغىن، داۋاملىق كوماك يۈرۈۋېرىش يارىمايدۇغۇ...

ئۇلار ئىككى ئايچە ۋاقىت ئوبدان ئۆتۈشتى، لېكىن كېيىن ھەممە ئىش يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتتى. بىر كۈنى كلاۋا دەرۋازىدىن دەلدەڭشىپ كىردى، ئۇنىڭ چىرايىدا سەت كۈلكە ئوينايتتى، ئۇ ياسىما ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى:

— جېنىم، ئەزىزىم، مېنى تازا ساقلاپ كەتتىڭ - ھە... مانا ئالدىڭغا كەلدىمغۇ! مانا كەلدىم، كەلدىم.

ئۇنى مۇشۇ ھالەتتە كورگەن نىكولاي ھەممە ئۇمىدىنى ئۈزدى، نەرسە - كېرەكلىرىنى ساندۇققا سېلىپ، كوللىكتىپ ياتاققا كوچۈپ كەتتى. بوش كارۋات بولمىغاچقا، بىر ھەپتىگىچە كارىدوردا يېتىپ يۈردى. كلاۋا ئەتىگىنى ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن نىكولايىنى بىر - نەچچە قېتىم ئىزدەپ كەلدى، كلاۋا ئاغرىق چىراي، پەرىشان ئىدى، ھە دەپ: "نىكولاي ئىۋانوۋىچ قېنى؟" دەيتتى. ھېلىمۇ ياخشى، يىگىتلەر ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ قويۇپ، نىكولايىغا ياردەم قىلاتتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ بەزىدە ھاجەتخانىغا موكۇۋالاتتى، بەزىدە باشقۇرغۇچى مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدىن ئوتۇپ ماشىنا ئىسكىلاتىغا كىرىۋالاتتى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئوتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى كلاۋا ئىش ۋاقتىدا كەلدى، ئۇ بىر تازىلىق ئىشچىسىدىن نىكولايغا پاكىز ئەدىيال، نىكولاي ئۇنتۇپ قالغان ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ۋە ئالما مۇرابباسى سۇرتۇلگەن بولكا كىرگۈزگەن ئىدى. نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ تۇرمۇشىدىكى بۇ قىستۇرما ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭغا كوللىكتىپ ياتاق ئەڭ ئىشەنچلىك ماكان ئىدى. ئەمما، بۇرۇن ئۇرۇشقا قاتناشقان، ھازىر ئويى يوق پىشقەدەم جەڭچىلەرگە پات ئارىدا ئولتۇراقلىشىش گوۋاھنامىسى بېرىشكە مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ماقۇل بولغان ئىدى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئەمدى خاتىرجەم بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ تۇرمۇشتىن ئۇمىت قىلىدىغان باشقا نىمىسى يوق ئىدى. ئۇ 50 ياشلارغا كىرگەن، بېشىدىن كوپ ئىشلارنى ئوتكۈزگەن ئىدى،

ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن ھېچقاچان زارلانمايتتى. ئەمما بەزىدە تۇيۇقسىزلا، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پۇرسەت كېلىپ قالىدۇ.

بىر كۈنى ئۇ سىڭلىسىنىڭ تويىغا چىللاپ ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى، خەت موسكۋانىڭ يېنىدىكى ستوپىنو شەھىرىدىن كەلگەن بولۇپ، سىڭلىسىنىڭ قىزىنىڭ تويى بولماقچى ئىكەن. ئارىلىقمۇ يىراق ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە ئۇزاق ۋاقىت بولغان ئىدى، كاشىرانىڭ يېنىدىكى بالىلىق دەۋرى ئۆتكەن جايلارغىمۇ بېرىپ باقمىغان ئىدى. نىكولاي بېرىپ كەلمەكچى بولۇپ، ئامانەت قويغان پۇلىدىن يۈز رۇبلى پۇلنى بانكىدىن ئالدى، بۇ پۇلغا توي سوغاتلىرىنى ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى-دە، يولغا چىقتى.

سىڭلىسى قېرىپ كەتكەن ئىدى، سىڭلىسىنىڭ قىزى بولسا چىرايلىق بىر قىز بولۇپ يېتىشكەن ئىدى. توي ناھايىتى چوڭ ئۆتكۈزۈلدى، 50 نەچچە مېھمان كەلگەن ئىدى. يىگىت گوش زاۋۇدىنىڭ باشلىقىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئاۋال ئاشپۇزۇلدا زىياپەت بولدى، كېيىن يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىدە، ئاخىردا قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇش بولدى. بىردىنلا يۈزلىرى يۇمىلاق، ساغلام بىر ئايال كىرىپ كەلدى؛ نىكولاي ئىۋانوۋىچ بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئۆزى تاشلاپ چىققان فالىيە — فائىنا، ئۆزىنىڭ ئاۋالقى خوتۇنى ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ شىركەيىپ ئىدى، ياش چاغلىرىدىكى ئىش ئېسىگە چۈشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گارمون يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق چېلىنماقتا ئىدى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ ھاياجانلىنىپ كەتتى، بىر ئاخشامنى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىشق رىشتىسىنى باغلىۋالغان ئاشىغى

بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى.

— كۈنۈڭ قانداق ئۆتتۈۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ فائىنادىن.

فائىنا تۇرمۇشىنىڭ ئوبدان ئۆتتۈۋاتقانلىقىنى، موسكۋادا ئايرىم ئۆيى بارلىقىنى، موسكۋا شەھەر ئەتراپىدا يەنە بىر ئېغىز ئۆيى بارلىقىنى، بىر پارچە يېرىنىڭمۇ بارلىقىنى، موسكۋادىكى ئۆيىنى ئىجارىگە قويغانلىقىنى، شەھەر سىرتىدىكى ئۆيىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى، تۇرلۇك ئۆسكۈنىلەرنى ئورنىتىدىغانلىقىنى، هازىر پېنسىيە پۇلى ئېلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما ئىشنى داۋاملىق قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

بۇ سۆزلەر نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ قۇلىقىغا ئانچە كىرمەيتتى. ئۇ فائىنانىڭ قۇۋۋەتلىك قوللىرىنى چىڭ تۇتقىنىچە، ئۇنىڭ ئويناق قوي كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ يەنە سورىدى:

— هەي، كۈنۈڭ زادى قانداق كېتىۋاتىدۇ؟

فائىنا ئۇنى تانسىغا تارتتى، ئۇلار گارمون ۋە ئۇنىڭغۇ مۇزىكىلىرىغا قانغىچە ئويناشتى، نىكولاي بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كاستۇم-بۇرۇلكىلىرىنى ۋە يېڭى چاقماق كۆينىكىنى كىيگەنلىكىدىن خوشال ئىدى.

نىكولاي فائىنانى يەنە بىرەر كۈن تۇرار دەپ ئويلىغان ئىدى، ئەمما فائىنا ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا تۇنجى قېتىملىق ئېلېكترىۋۇزغا چۈشۈپ كېتىپ قالدى.

— ئىشىمدىن قالسام بولمايدۇ، ۋاقتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىش يارىمايدۇ! — دېگەن ئىدى ئۇ. ئەمما نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى دېمىگەن ئىدى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئۇنى ئۇزىتىپ پويىز ئىستانسىسىغا چىقتى، ئۇ

سەگەكلىشىپ كەتكەن ئىدى، ئەمما كوڭلى قاتتىق ھاياجاندا ئىدى.

—يېزىدىن ئوي ۋە يەر ئېلىپ نىمە قىلىسەن؟ موسكۋادا تۇرساڭ ئۇ ئاۋارىچىلىقمۇ يوق.

—مەن يەرگە ئامراق، كولىنكا. تۇرمۇشۇم يەرسىز ئوتمەيدۇ. ئالما كوچىتى تىكىپ قويساڭ، ئىككىنچى يىلى ياپ-يېشىل ياپراق چىقىرىدۇ، ئاندىن قىزغۇچ چېچەكلەيدۇ، قاراپ مەسلىگىڭ كېلىدۇ، قانمايسەن...

—قىشلىغى شەھەرگە ئىشقا بېرىش...

—بۇ قانچىلىك ئىشتى؟ ھاۋا سوغاق كۇنلىرى تاڭ سەھەردىلا يولغا چىقىدىغان گەپ، ئاق قارىغايلار خۇددى ياتلىق بولغان قىزلاردەك ئاق لىباسقا پۇركىنىدۇ. قۇياش نۇرىنى توكۇش بىلەن، ئەتراپ ۋاللىداپ تۇرىدىغان رەڭدار ئالماستەك ۋال-ۋۇل قىلىپ كېتىدۇ... پاھ، نىمىدىگەن گۇزەل مەنزىرە!

ئايرىلىش ۋاقتىدا فائىنا ئادرىسىنى نىكولايغا يېزىپ بەردى ۋە مۇنداق دىدى:

—بەلكىم يەنە كورۇشۇپ قالارمىز. مېنى ئەسلىسەڭ، خەت يازغىن.

نىكولاي ئويگە قايتقاندا، سىڭلىسى مۇنداق دىدى:

—فائىنا بىلەن يارىشىپ بىللە ئوتكىنىڭ تۇزۇك. ئۇ قولى چاققان ئايال. ئوزەڭنىڭ ئويى بولمىسا بولمايدۇ-دە. يالغۇز قاڭقىپ يۇرۇۋېرەمسەن؟ ياش چېغىدا ئادەمنىڭ بېشىدىن نىمە ئىشلار ئوتمەيدۇ دەيسەن، ئويلىمايلا قويغىن ئۇ ئىشلارنى... مەن شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۇنىڭ بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىپ كېلىۋاتىمەن...

ئىش دىگەندەكلا شۇنداق بولۇپ چىقتى، نىكولاي ئىۋانوۋىچمۇ يېڭى تۇرمۇشنى باشلاش كويىدا ئىدى.

ئۇ فائىناغا خەت يازدى. كۆڭلىدىكىنى ئاددى سوزلەر بىلەن ئىپادىلەپ بولمايتتى. شۇڭا خەتنىڭ ئاخىرىغا بىر كۇپلېت شېئىر يازدى، بۇ شېئىرنىڭ يېرىمىنى خەقتىن ئاڭلىۋالغان، يېرىمىنى ئۆزى ئويلاپ چىققان ئىدى:

ئىككىلىمىز يالغۇزكەنمىز،
يالغۇز ياشاش بەكمۇ ئازاپ.
تۇرمۇش قۇرۇپ بىرگە ئوتسەك،
تا ئولگىچە بىللە ياشاپ.

فائىنا بۇنىڭغا تېزلا جاۋاپ خەت يازدى. ئۇ خېتىدە نىكولايغا شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى ئوبدان سوزلىشۋالايلى دەپ يازغان ئىدى. ئۇ ناھايىتى مەرىپەتلىك ئايالدەك، خەتنىڭ ئاخىرىغا نىكولاي-نىڭكىدىن خېلى ياخشى يېزىلغان بىر كۇپلېت شېئىرنى قوشتى:

كورسەم سېنىڭ قامەتلىك چىنار بەستىڭنى،
ئوتمۇش كۈنلەر ئالدىمدا بولىدۇ ئايان.
ئەسكە چۈشەر ئاشۇ چاغ، ئوتكەن مىنۇتلار،
تۈنجى ئىشق ھىسلىرىم ئويغانغان شۇ ئان...

شەنبە كۈنى، نىكولاي ئىۋانوۋىچ رۇخسەت سورىدى-دە، يولغا چىقتى.

جۇمە كۈنى، فائىنا تاڭ ئاتار-ئاتمايلا ئورنىدىن تۇردى، بۇ چاغدا سائەت 4 تىن ئاشقان بولسا كېرەك. ئەمما تاڭ نۇرى چېچىلىشقا باشلىغان، قۇشلارمۇ سايرىغىلى تۇرغان ئىدى. فائىنا بۇرۇنقى

ئادىتى بويىچە، ئەتىگىنى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغاچ، نەرسە-كېرەكلىرىگە كوز يۇگۇرتۇپ چىقتى. قىلىشقا تېگىشلىك ئىش جىق ئىدى: ئۆيىنىڭ تېمىنى قېلىنلىتىش، تاشقىرىسىغا سۇپا ياساش، مۋلىك كوچەت قويىدىغان يەرنى تۇزلەش كېرەك ئىدى. بىرمۇنچە ئىش تۇگىگەن ئىدى: ئۆيدىكى ئىككى تاممەش پۇتكەن، ئارا تاممۇ سېلىنغان ئىدى. فائىنا بىر ئامالىلارنى قىلىپ، ياغاچ زاۋۇدىدىن بىر ماشىنا ئوبىدان ياغاچىنى ناچار ياغاچ ھىساۋىدا ئېپكەلتۇردى، — دۇرۇس، بۇنىڭ ئۇچۇن ئىككى بوتۇلكا ھاراققا پۇل خەجلەش لازىم ئىدى، پىخسىقلىق قىلىشقا بولمايتتى. ئۇ پۇلنى تولەپ، يەنە بىر كىلولىتىر ھاراق سوغا قىلىۋىدى، خەق قوتاندىن ئىككى ماشىنا قىغ ئېپكېلىپ بەردى، ھازىر قىغ ئۇنىڭ ئېتىزىدا دوۋىدەك تۇرۇپتۇ. بۇ ھال ئۇنى خوشال قىلىۋەتكەن ئىدى، ئۇزىچە لەززەتلىنەتتى. يېقىندىن تىكىلگەن ئالما كوچەتلىرى تۇنجى قېتىم چېچەكلىگەن ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ بۇ چېچەكلەرنى ھىچ ئىچ ئاغرىتماي چۇشۇرۇۋېتىش كېرەك ئىدى؛ فائىنا ئەتە نىكولاي ئىۋانوۋىچ كەلگەندە چۇشۇرۇۋېتىشنى، بۇ قىزغۇچ چىرايلىق چېچەكتىن نىكولاينىمۇ بەھرىمەن قىلىشنى قارار قىلدى.

ئەگەر نىكولاي فائىنانىڭ بۇ مۇلۇكلىرىنى ئوز كوزى بىلەن كورسە — ئۇ بۇلارنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى — ئوزىنى چوقۇم جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك سېزەتتى — ئوي ئىچى پاكىز ۋە كوركەم ئىدى، مۋلىك دەرەخلەر ۋە ئوتياشلار ئاجايىپ ئوخشىغان ئىدى، بۇلار يېزا ئىگىلىك تېخنىكا بەلگىلىمىسى بويىچە ئوبدان پەرۋىش قىلىنغان ئىدى؛ نىكولاي بۇلارنى كورسە، بىر غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يەنى مۇشۇ ئوي ئۇچۇن ئوز كۇچىنى تەقدىم قىلىش غايىسىنى ئىشقا

ئاشۇرۇشقا ئىنتىلەتتى. ئايال كىشىنىڭ قوللىرى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئەر كىشىنىڭكىگە يەتمەيدۇ. فائىنا ھېچقاچان ئۆزىنى ئۆزى گوللىمايتتى، ئەمما خەقنىڭ ئالدىدا كۆڭلىدىكىنىمۇ چاندۇرمايتتى.
ئۇنىڭ نەزىرىدە، نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ كېلىشى ھېيت بولغاندەك ئىش ئىدى، بۇنداق ھېيت يېقىنقى يىللاردا كوپ بولمىغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، فائىنا نىكولاينىڭ كېلىشىنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش ئۈمىدى بىلەن چەمبەرچەس باغلىۋەتكەن ئىدى.
ئادەتتە ئۇ ئەتىگەن سائەت 7 دىن چارەك ئۆتكەندە ماڭىدىغان پويىزغا چۈشۈپ، ھەپتىسىگە موسكۋاغا ئۈچ قېتىم باراتتى. ئومۇمەن، ئۇنىڭ پېنسىيە پۇلى ۋە موسكۋادىكى ئۆي ئىجارىسى كىرىمى يېتەرلىك ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بانكىدا پۇلىمۇ بار ئىدى. ئۆي ئۆگىلغانلىقى ۋە تۇرلۇك ئۇسكۇنىلەرنى ئورناتقانلىقى ئۈچۈن، پۇل چىقىۋەردى، شۇڭا، فائىنا بىر پىروفېسسورنىڭكىدە ئىككى يىل ئۆي ئىشىنى قىلدى. بۇ ئىشنى ھېچكىم ئۇقمايتتى، ئۇقۇپ قېلىشىنىمۇ ياقتۇرمايتتى. بۇ ئىشنى ھەتتا يېقىندىكى مەھەللىدە تۇرۇشلۇق ئىگىچىسىگىمۇ تىنمىغان ئىدى. ئىش قىلىسىلا بولىدىغۇ، نەدە، نىمە ئىش قىلىش بىلەن خەقنىڭ نىمە كارى.
ئەمما، چاڭ - توزاڭ سۈمەرگۈچ، پول سۈرتكۈچ، دەسمال بىلەن ھەپىلىشىش كوڭۇللۇك ئىش ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۇ پولنى پاك - پاكىز قىلىۋەتكەندە، سومكىسىدا بەش رۇبلى قوشۇلىدىغانلىقىنى ئويلىسا، — ئىشقا كەلگەن كۈنلىرى قوسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ ئۆيىگە كېتىدىغان بولغاچقا، بۇ پۇلغا يېمەكلىك ئېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى — روھى جەھەتتىن مەمنۇن بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، پېتر گرىگورىيېۋىچ ۋە نىنا ياكوۋلېۋنا بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىش

ئارقىسىدا، فائىنانىڭ مەدىنىيەت بىلىمى كوپ ئاشاتتى. فائىنانىڭ كىتاپلىرىنىڭ ئارىسىدا رۇس ناخشىلىرى توپلاملىرى ۋە بىر نۇسخا «ئىسكاندىنوۋىيە ھىكايىلىرى»دىن باشقا، پېتر گرىگورىيېۋىچ يازغان «كوپۇكخانا نىپىز پەردە ئىزى تەتقىقاتىدا ئىچىدىن ئۇلاش ئۇسۇلىنىڭ تەتبىق قىلىنىشى» دىگەن كىتاپمۇ بار ئىدى.

پېتر گرىگورىيېۋىچنىڭ كىتاۋى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇ كىتاپتىن بىرەر يۇزنى ھەدىيە قىلىشقان ئىدى، ئۇ نىنا ياكوۋلېۋنا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كىتاپ سوغا قىلىنىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى تەييارلاپ چىقتى. فائىنانىڭ بىر نۇسخا ئېلىۋېلىشىدا گەپ يوق ئىدى. پېتر گرىگورىيېۋىچ ئىنتايىن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى ۋە سورىدى:

— بۇ كىتاپنى سىز نىمە قىلىسىز؟

— نىمە قىلىسىز دەپمۇ گەپ بولامدىكەن؟ — دىدى فائىنا دومسىيىپ، — سىز مىنى پۇتۇنلەي ساۋاتسىز دەۋاتىسىز... بوش ۋاقتىم بولسا ئوقۇيمەن — دە...

شۇنىڭدىن كېيىن پېتر گرىگورىيېۋىچ كىتاپقا: "فائىنا ۋاسىلىيېۋناغا ئەڭ گۈزەل كۇنلەر نېسىپ بولغاي. ئاپتوردىن" دەپ خەت يېزىپ بەردى.

ئەلۋەتتە، فائىنانىڭ كىتاپ ئوقۇشقا چولىسى تەگمەيتتى، ئەمما ھاياتتا ئۇ كەينىدە قالمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ «سپىدورا» ماركىلىق رادىيوسى بار ئىدى. بۇ ئۇبدان نەرسە ئىدى، كىر ـ قات يۇيۇۋېتىپمۇ نۇتۇقلارنى، ھاۋا رايى مەلۇماتلىرىنى، دىراما ۋە مۇزىكىلارنى ئاڭلاۋەرگىلى بولاتتى. ئادەمنىڭ بىلىمى راست ئاشاتتى، شۇنداقتىمۇ چۈشىنىكسىز جايلار چىقىپ قالسا، پېتر گرىگورىيېۋىچ ياكى نىنا

ياكوۋلېۋنادىن سوراشقا توغرا كېلەتتى، مەسلەن: ”دوستويېۋسكى راستلا دۇنيادا ئەڭ مەشھۇر يازغۇچىمۇ؟“

پېتر گرىگورىيېۋىچ ئەدەبىياتتىن كورە تېخنىكىغا پىششىقراق كورۇ-نەتتى. دوستويېۋسكى توغرىسىدىكى سوئال ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغان ئىدى، ئېنىق بىر نىمە دەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ: مۇنداق ئېنىق ئولچەم يوق، ھەر بىر دەۋردە شۇ دەۋرنىڭ تالانتلىق كىشىلىرى بولىدۇ، ئەمما، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بەلكىم شۇنداقتۇر... دەيتتى. بۇ مەسىلە ئۇزىگىمۇ ئايدىڭ بولمىسا كېرەك. نىنا ياكوۋلېۋنا بولسا كەسكىن تەرزدە: ھەئە، شۇنداق، ئۇ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ مەشھۇر ياز-غۇچى، دەيتتى.

قىزىقارلىق نومۇرلارنى تولۇق ئاڭلاشقا فائىنانىڭ كوپىنچە چولىسى تەگمەيتتى، شۇڭا پۇرسەت بولسىلا باشقىلاردىن سورايتتى:

—«فائۇستى» دىگەن ئەسەرنىڭ يېشىمى قانداق ئىدى. قىسقىلا ئېيتىپ بەرسىڭىز قانداق؟ ئەر باش قەھرىمان راستىلا يەنە قېرىپ كەتتىمۇ؟ ئايال باش قەھرىمان نەگە كەتتى؟

نىنا ياكوۋلېۋنا ئۇنىڭغا سوزلەپ بېرەتتى. گايىدا فائىناغا تاپا قىلىپ:

—بۇ ئىشلارنى بىلىشىڭىز كېرەك ئىدى، —دەيتتى.

—يەر شارى بىلەن ئاينىڭ ئارىلىغى قانچىلىك كېلىدۇ، بىلەم-سىز؟ —دەيتتى فائىنامۇ بوش كەلمەي، —بىلمەمسىز؟ بۇمۇ بىلىملىك ئادەملەر بىلىشى كېرەك بولغان ساۋاتتۇر.

ئومۇمەن، بۇ ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن ئوبدان ئادەملەردىن ئىدى. فائىنا ئۇلار بىلەن ياخشى ئوتەتتى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ئوي ئىشلىرىنى قىلىپ كەلدى. نىنا ياكوۋلېۋنا پولىنىڭ پاك-پاكىز

بولۇشنى، دەرىزە ئەينەكلىرىنىڭ ۋاللىداپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلاتتى، باشقا ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن كارى بولمايتتى.

نىنا باشقىلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان ئايال ئىدى، شۇڭا فائىنا ئۆزىنىڭ بەزى ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا دەيتتى. جۇمە كۈنى فائىنا نىناغا بۇرۇنقى ئېرىنىڭ كورۇشۇپ، پاراڭلاشقىلى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، نىنا ياكوۋلېۋنا ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆڭۈل بولۇپ، فائىناغا سالات ئېتىشكە لازىملىق تەرخەمەك بەرگەن ۋە ئۆزى ساقلاپ كەلگەن يېمەكلىكلەر ئارىسىدىن بىر قۇتا كانسېرۋا ھەدىيە قىلغان، شۇنداقلا ئۇنى ئۆيگە بالدۇر قايتۇرغان ئىدى. لىنا فائىنا ماڭىدىغان چاغدا:

— خوتۇن كىشىنىڭ يېنىدا ئەر كىشى يولەنچۈك بولۇشى كېرەك. بۇ ناھايىتى مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن زور قۇربانلار بەرسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

نىنا ياكوۋلېۋنانىڭ كوزقارىشى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى، ئەمما رىيال ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ھەممىلا ئىش ئۇنداق ئاددى ئەمەستە.

نىكولاي ئىۋانوۋىچنى گۇگۇم ۋاقتىدا يېتىپ كېلىدۇ دەپ ئويلىغان فائىنا ساتراچخانىغا بېرىپ چېچىنى بۇدرە قىلدۇردى. ئۆيگە قايتىۋېتىپ، بۇگۈن باشقىچە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان موسكۋا يېزىلىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلىپ، ماشىنا دەرىزىسىدىن كوزىنى ئۈزمەي ئولتۇردى.

فائىنا ئۆيگە كېلىپلا، ھەركەتكە كەلگەن موتوردەك ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئوچاق سىلىش ۋاقتىدا مەينەت بولۇپ كەتكەن پولنى پاك-پاكىز سۈرتتى، سالاتقا ئىشلىتىلىدىغان ياڭيۇنى پىشۇردى، ياستۇق قاپلىرىنى يېڭىلىدى. زەڭگەر پوفايكىسىنى كىيىۋاتقىنىدا،

ئىگىز بويلۇق، قەددى-قامەتلىك، ئۈستىگە بىر قۇر يارىشىملىق كاستۇم-بۇرۇلكا كىيگەن، قولىدا كىچىك چامادان كۆتىرىۋالغان نىكولاي ئىۋانوۋىچ قاشانىڭ ئىشىگىدىن كىردى ۋە چىچەكلەپ كەتكەن ئالمىلىقتىن ئۆتۈپ ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئۇلار يا سۈيۈشمەستىن، يا ئارتۇقچە ئەھۋال سورىشىپمۇ تۇرماستىن، ئەدەپ بىلەن كۆرۈشتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە، فائىنا كەلگەن بۇ مېھمانغا ئۆي بىساتلىرىنى كۆرسىتىپ ئولتۇرمىدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ رۇمكا ئۇرۇشتۇرغان ۋاقىتلىرىدا، ئۆتكەن ئىشلار يۈرەك ھاياجانىنى قوزغاشقا باشلىدى. قىرىشقاندەك، بۈگۈن «سپىدورا»نىڭ ئاڭلىتىشى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى، تۇرۇپ ئۇزۇن سىمفونىيىلەر، تۇرۇپ: "بۇنى بىز ئۇگەنمىگەنمىز، بۇ تاپشۇرۇقنى بىز ئىشلىمىگەنمىز" دېگەنگە ئوخشاش باللار ناخشىلىرى ئاڭلىتىلماقتا ئىدى، لىرىك مۇزىكىلار، يېقىملىق ناخشىلار چىقاي دېمەيتتى.

نىكولاي ھاراقنى كۆپ ئىچىشكە ئۇنىمىدى، ئاران ئىككى رۇمكىلا ئىچتى. ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىكى ئادىتى ئۆزگەرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ تاماققا ئىشتىھاسى ياخشى ئىدى، تاماقنى ھوزۇر قىلىپ يېدى، كوللىكتىپ ئاشخانىنىڭ تامىقىدىن چىقىپ قالغان بولسا كېرەك.

ئۇ ئىككىسى مۇشۇ كۈنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۇت كۆزى بىلەن كۈتۈشكەن ئىدى. ئەمدىلىكتە ئىككىلىسى چارچىدى. فائىنا ياستۇقلارنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

— ئورۇننى قانداق سالاي؟ بىللىمۇ؟ — دەپ سورىدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئىختىيار ئۆزەڭدە، — دېدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ جاۋابەن.

— ئەسلى ئەر-خوتۇنغۇ بىز، — دېدى فائىنا، — توي خاتىرىسىنى

تەبرىكلەپ قويساقمۇ بولىدۇ.

— بۇمۇ ياخشى گەپ...

نىكولاي ھەممىنى جايىدا قىلدى، ئاساسلىغى ھېچنېمىنى سورىمىدى. ئىككىيلەن ھېچقاچان بىللە ياشىمىغاندەك ئۆتكەن تۇرسا، ئەمدى بىرەر-ئىككى ئېغىز گەپ كۆپايە قىلمايتتى-دە! يەنە كېلىپ گەپ سوراشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ئىدى. بولۇپمۇ فائىنا ساختىلىقنى ياقتۇرمايتتى، چىنلىق بولسا ئۇنىڭچىۋالا ياخشىمۇ ئەمەس ئىدى.

ئاخىر، ئۇلار ھېچقاچان بىر بىرىدىن ئايرىلىپ باقمىغان ئەر-خوتۇنلاردەك بولۇپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگىنى نىكولاي ئىۋانوۋىچ ھويلىدا بىر نىمىنى پالتا بىلەن چېپىۋاتقاندا — توپا تۇرتكۈچ بۇزۇۋەتكەن قاشانى ئوڭلاۋاتقاندا فائىنا ئويغاندى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاشانىڭ ئورنىنى ئىككى مېتىر نېرىغا يوتكەپ، ئازراق تەرخەمەك يېرى چىقىرىش كويىدا بولغان فائىنا ئورنىدىن شاپۇر-شۇپۇر تۇردى-دە، ئىچ كىيىم بىلەن تالاغا ماڭدى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ يۇۋاشلىق بىلەن قوزۇقنىڭ ئورنىنى يوتكەپ قاقتى، قاشانى نېرىغا يوتكىدى. ئەتىسگەنلىك چايغا ئولتۇرغان چاغدىلا ئاندىن سورىدى:

— فالېچكا، بۇ نەرسىلەرنىڭ ساڭا نېمە كېرىكى؟ موسكۋادا ئۆيۈم بار دېگىنىڭ يالغانمۇ دەيمەن؟

— ئىشەنمەمسەن؟ — دېدى فائىنا كۈلۈپ، — ھەممە جاھازلىرى تەل، تاشكەنت كوچىسىدا. يەر ئاستى تومۇر يولىغا ئىككى بېكەتلا كېلىدۇ. ئۆي ئىجارىسىنىڭ ھۆججەتلىرىنى كورسىتىپ قويايمۇ ساڭا؟

— شۇ يەردە تۇرغىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ. خەق موسكۋاغا كىرەل-

مەي ئاۋارە، سەن بولساڭ چىقالماي.

— كولىنكا، مەن تەبىئەتنى ياقتۇرىمەن. يەرسىز ھايات كەچۈرەل- مەيمەن. بۇ ئۇيىنى نۇرغۇن يول مېڭىپ يۇرۇپ، جىيەنىم ۋاسيوتكا- نىڭ نامىغا تىزىملىتىپ ھەل قىلغانمەن. ئۇنداق قىلمىسام، بېشىمنى تاشقا ئۇرساممۇ بىكار ئىدى.

— ئوھو، قانۇنسىز ئېلىنۋالغان ئۆي دىگىن. ئەمما موسكۋادا، ھوكۇمەت ساڭا ئولتۇرغىن دەپ بەرگەن ئۆيدە باشقىلارنى ئولتۇر- غۇزۇپ قويۇپ، ئۆي ئىجارىسى ئېلىشىڭ ياخشى ئىش ئەمەس.

— بۇنىڭ نىمە يامىنى بولسۇن؟ مەن باشقىلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن، دولەتكىمۇ ياردەملەشكەن تۇرسام. ئۆيۈمنى تۇرار جايى يوق بىر جۇپ ياش مۇتەخەسسىسكە بېرىپ تۇردۇم. ئۆزەم مانا بۇ يېڭى ئۆينى سالدۇردۇم، بەلكىم بۇ ئۆيۈم ئىككى يۈز يىلغىچە چىدار. بۇنىڭ دولەتكە نىمە زىيىنى؟ ھىچ زىيىنى يوق، پايدىسى بار تېخى! مەن ئۆيمان-چوڭقۇر يەرنى تۈزلىدىم، ئوغۇت- لىدىم، قىغ توشۇدۇم، كۇنجۇت چاچتىم. يەرنى شۇنداق يۇمشاق قىلىپ ھەيدىدىم. بۇ يەردىن يالغۇز مەنلا مەنپەئەتلىنەمدۇ؟ ياق، ئالايلۇق، بولتۇر تەرخەمەك، پەمىدورلىرىم شۇنداق ئوخشاپ كەتتىكى، قويىدىغان يەر تاپالماي كەتتىم.

— ساتقانسەن؟

— ئۆزەمغۇ خالىمايتتىم؛ بەزى نەرسىلەرنى ساتتىم ھەر ھالدا. بىلەمسەن، ئادەمنىڭ كوڭلىنى ئاچىدىغان نەرسىلەرنى تېرىپ قويۇش خوشاللىق بەخش ئېتىدىغان ئىش. بولتۇر تېرىغان ئىگىرلىرىم ئىككى مېتىر ئىگىزلىكتە ئوستى. يەر ئاستى پويىزىغا چۈشكەندە بىر تۇتام ئېلىۋېلىۋىدىم، ھەممىنىڭ كوزى چۈشتى.

— بازارغا ئاپاردىڭمۇ؟

— ياق، بۇنىڭدا سەن يېڭىلىشتىڭ. تونۇش-بىلىش پروفېسسور-لارغا ئاپىرىپ بەردىم، ئۇلار گۈلگە ئامراق ئىدى. بەرگىلىرى قىپ-قىزىل، ئۆزى بىنەپشەرەڭ ئۈسكارگۈلنى كورمەمدىغان. نىمىدېگەن پەيزى! ھازىر قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە ئەينەك پارنىك بار، ئاپرېلدا تەرخەمەك يىغىۋالالايدۇ... يۇر، ئەينەك پارنىك سېلىشنى پىلانلاپ قويغان جاينى ساڭا كورسىتەي...

ئوچۇقچىلىقتا تۇرغان بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى قويىدىغان بىر چېدىر سېلىپ بېرىش ئۈچۈن نىكولاي ئىككى كۈن ئىشلىدى. ئىككىسى روھلىنىپ، خوشاللىقتا ئىشلەشتى. نىكولاي ئۇنىڭغا يوغان-راق ياغاچنىمۇ كوتەرتكۈزمەيتتى. باشقا بىر كىمنىڭ فائىنانى مۇنداق ئايىمىغىنىغا ئۇزاق ۋاقىتلار بولغان ئىدى، شۇڭا ھاياجانلانغىنىدىن كوزلىرىگە ياش ئالدى. بۇرۇن، فائىنا ئىشلىتىشكە ياللاپ ئەكەلگەن ئادەملەر ھە دېگەندىلا: "قېنى چاققان بولسىلا خوجايىن، تاختاينى ئەكەلسىلە! خىش تاشلاپ بەرسىلە! مەيەگە ئازراق لاي!" دەپ تۇۋلاپ تۇراتتى. ئەمما ئەمدىلىكتە نىكولاي ئۇنى ئىتتىرىپ:

— ئارام ئېلىۋالغىن، بۇ خوتۇن كىشى قىلىدىغان ئىش ئەمەس، — دەيتتى.

يەكشەنبە كۈنى قاش قارايغان چاغدا، يېڭى تىكىلگەن ئالما كوچەتىدىكى ئاچ قىزىل چېچەكلەرنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈرۈۋېتىشتى. نىكولاي چېچەك قويۇق بىر شاخقا تەككىلى قويمىدى ۋە:

— تۇرسۇن، ئۇنىڭدا ئىككى ئالما چۈشسۇن، — دىدى.

نىكولاي ئىشنىمۇ پۇختا قىلاتتى، تاماقنىمۇ كوپ يەيتتى. يەكشەنبە كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، فائىنانىڭ ياكىيۇ ۋە بىر قۇتا بىلىق

كانسېرۋاسىلا قالغان ئىدى. گەمدىكى تەرخەمەك بولىتۇر چىلانغان بولۇپ، يۇمشاپ قالغان ئىدى. شۇنداق بولىسىمۇ نىكولاي ھېچنېمە دېمەي يەيتتى، "غىزا ئىلغىمايدىغان يېرى بەك ياخشى" دەپ ئويلايتتى فائىنا، ئۇ تاماق ئىچىشكە ئېرىنەتتى، تاماق ئىچىشنىمۇ ئانچە ئۇقمايتتى.

—فالېچكا، ئەھۋال شۇنداق، ئوتكەنكە سالىۋات. ئوتكەننى ئىشنى خىيالىمىزغا كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايلى، —دېدى چايغا ئولتۇرغان چاغدا نىكولاي ئىۋانوۋىچ تەمكىن ئاۋازدا، —ئەمدى كېيىنكى ئومرىمىزنى قانداق ئوتكۈزۈشنىڭ غېمىنى قىلساق بولىدۇ.

—ئوھوي، نىمىلەرنى ئويلاپ يۈرىسەن-ھە! —دېدى فائىنا قىزىقچىلىق بىلەن كۈلۈپ كېتىپ، —ئوبدانلا ياشايمىزغۇ تېخى خېلى ۋاقىتلارغىچە.

—ھېچكىم ئولۇشنى خالىمايدۇ، ئەمما بىز 20—30 ياشلىق ئادەملەر ئەمەس. بىز قۇراملىق ئادەملەر ھەممە ئىشتا كالللىسىنى ئوبدان ئىشلىتىشى كېرەك. مەسلىھەتىمىز بىر يەردىن چىقار دەپ ئويلايمەن. گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتسام، بانكىدا ئەمگەك قىلىپ تاپقان ئۈچ مىڭ روبلى پۇلۇم ئامانەت قويۇقلۇق.

نىكولاي مەيدە يانچۇغىدىن پۇرلاشقان ئامانەت پۇل كىنىشكىسىنى چىقاردى.

—بۇنى ساڭا بېرەي، سەن ساقلىغىن. يەنە بىر مەزگىل ئوتكەندىن كېيىن ئازراق قوشساق بىر ئاپتوموبىل ئالارمىز، كونىسى بولسىمۇ مەيلى... قانۇن بويىچە ئىش قىلايلى، تىزىملىتىپ قويايلى، ئەلۋەتتە، داۋراڭ كوتىرىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق...

ئۇ ئەسلىدە فائىنا بۇ گەپلەردىن چوچۇشى ھەم خوشال بولۇشى

مۇمكىن دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما، فائىنا بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقان-دەك تەخسىدىكى مۇراببانى ئارىلاشتۇرۇپ ئولتۇردى.

—نىمىشقا گەپ قىلمايسەن؟

—كوليا، كىنىشكەڭنى ئالغىن، ئۇزەڭ ساقلىغىن. باشقا جەھەتتىن ئېيتسام، ساڭا ئېيتاي، سەن ماڭا تازا باپ ئەرسەن، لېكىن سەن، بىز قۇراملىق ئادەملەر ھەممە ئىشتا كاللىنى ئوبدان ئىشلىتىشى كېرەك، دىگەن ئىدىڭ. مەن ئەتە ئىشقا بارماقچىمەن، قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن بىر قارارغا كېلەيلى...

بۇ كۈنى ئاخشىمى «سپىدورا» قالتىس ئىش قىلدى، "چاقنا يۇلتۇزۇم"، "ۋولگا ئويناقلىماقتا"...دىگەنگە ئوخشاش فائىناغا بەك ياقىدىغان ناخشىلارنى ئاڭلاتتى.

فائىنا بىلەن نىكولاي ئىشىك ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ياش ئەر-خوتۇنلاردەك ئولتۇرۇشتى، ئىيۇن كۈنلىرى بولغاچقا، قاراڭغۇ چۈش-مەي، خۇددى پىرژېكتىر بىلەن يورۇتقاندەك يورۇپ كەتكەن ئىدى. بۇنداق پەسىلدە يىقىن ئەتراپتىكى ئورماندىن بۇلبۇلنىڭ چاڭىلداپ سايراشلىرى ئاڭلىناتتى، ئەمما فائىنانىڭ «سپىدورا»نى ئوچۇرۇۋەت-كۈسى كەلمىدى، ئۇ ئۇزى تونۇشلۇق ناخشىنى ئەرتىس بىلەن بىللە خوشال ئېيتاتتى. نىكولاي ئۇۋانوۋىچمۇ ئۇنىڭغا جور بولغان ئىدى.

دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە فائىنا ئالدىراشلىق بىلەن سۇلۇ يامىسى پىشۇردى، چاي قايناتتى، ئاندىن نىكولايغا دىدى:

—چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا يەيدىغان نەرسە ئالغاچ كېلىمەن. ئىش قىلغىڭ كەلسە، سەيناددىكى سۇپىنى ئوڭلاپ قويارسەن. ئوچاقنى كوپ ئىشلەتمە، گاز ئاز قاپتۇ، قاچان گاز ئېپكېلىپ بېرىدىغانلىقى

تېخى نامەلۇم...

فائىنا ياسىنىپ-تارىنىپ بولغاندىن كېيىن، كۆل رەڭ چاپىنىنى كىيدى، بۇغداي ئۆڭ يۈزى، كالتا پاچاقلىرى كىشىگە ئاق موگۈنى ئەسلىتەتتى، ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى، نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

فائىنا قاشانىڭ ئىشىگى ئالدىغا كەلگەندە كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ئوچاقسىز ئۆيدىكى شىرەدە ساڭا يېزىپ قالدۇرغان خېتىم بار. كوليا، ئوقۇپ باققىن.

— خوپ، — دېدى نىكولاي خوشال بولۇپ، — يەنە شېئىر يازدىڭغۇ دەيمەن...

نىكولاي فائىنانى قاشاغىچە ئۇزىتىپ چىقتى، ئۇنىڭ ياپ-يېشىل دالىغا چىقىشىغا، قارىغايزارلىققا قاراپ مېڭىشىغا قاراپ تۇردى، قارىغايزارلىقنىڭ كەينىدە بىكەت بار ئىدى. نىكولاي ئويلىناتتى: قىش پەسلىدە، تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى، بۇ يول ئاق قارغا پۈركىنىدۇ، ھاۋا قاراڭغۇلىشىپ، سوۋۇپ كېتىدۇ... "ياق، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇنداق قىلىش يارىمايدۇ. يا ئىشتىن چېكىنىش كېرەك، يا شەھەرگە كۆچۈپ بېرىپ تۇرۇش كېرەك. ئۆزىمىزنى ئازاپلىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟"

نىكولاي كېرىلىپ، سىڭىرلىرىنى ھەركەتلەندۈرۈپ بوشاتتى، ساپ ۋە خۇش پۇراق ھاۋا ئۆپكىسىگە تولغاندەك بىلىندى. كېيىن ئۇ دالان ئەتراپىدا بىر ئايلىنىپ چىقتى، ئۇ ئىشقا قەيەردىن تۇتۇش قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاۋاتاتتى. ئىشقا كىرىشىشتىن ئىلگىرى ناشتا قىلىش، چاي-پاي ئىچىش كېرەك ئىدى. ئۇ قويۇق سۈلۈ يامىسىنى

ئىچتى. چاي سوۋۇپ قالغان ئىدى، فائىنانىڭ ئوچاقنى كۆپ ئىشلەتمە، دىگەن سوزىنى ئىسىگە ئېلىپ، چاينى ئىسسىتىشقىمۇ پېتىنمىدى.

ئىش قىلىدىغان چاغ بولدى، قىلىدىغان ئىشى ئۆزى قىلىشقا ئامراق ئىش ئىدى. ئۇ ئىشنى تېز ھەم ئوبدان قىلىپ تۈگىتىپ، فائىنانى ھەيران قالدۇرماقچى بولدى. نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ ئىشتا ئېپى بار ئىدى. ئۇ ئاۋال تەييارلىق ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈۋالدى، كېرەكلىك نەرسىلەرنى يېنىغا رېتى بويىچە قويىدى. بەزىدە بۇنداق پۈختا تەييارلىققا بەك كۆپ ۋاقىت كېتەتتى، ئەمما ئاخىر پايدىلىق بولۇپ چىقاتتى. ئەمدى ئۇ نېپىز تاختاي، سىمونت، خىش قاتارلىق لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى دالانغا ئېلىپ چىقتى، ئاندىن ھىلىقى ئوچاقسىز كىچىك ئۆيگە كىردى — فائىنا بەزى سايمانلارنى مۇشۇ ئۆيگە قويۇپ قويغان ئىدى.

ئۇ پاك-پاكىز شىرەدىكى ئىچىغلىق تۇرغان دەپتەرنى كورۈپ، فائىنانىڭ ئەتىگەندە دىگەن سوزىنى ئىسىگە ئالدى. ئۇ دەپتەرنى قولى بىلەن تۇتمىدى — قولى پاكىز ئەمەس ئىدى، — كوزەينىكىنى تاقىمىغان بولغاچقا، سەل نېرىراق تۇرۇپ، يوغان-يوغان يېزىلغان "فائىنا پېتروۋنا ماتۋېيېۋا بىلەن نىكولاي ئىۋانوۋىچ سامسادوۋنىڭ بىللە ياشاش توختىمى" دىگەن بىر قۇر خەتنى ئوقۇدى. كېيىنكى خەتلەر كىچىك يېزىلغان بولغاچقا، ئۇ كورەلمىدى، ئۇ قولىنى يۇيۇپ، كوزەينەك قېپىدىن كوزەينەكنى ئېلىپ تاقىدى-دە، شىرە يېنىدا ئولتۇردى.

"1-ماددا پۇلىمىزنى ھەرقايسىمىز ئۆزىمىز ساقلايمىز، بىر بىرىمىزنىڭ قانچىلىك پۇلى بارلىقىنى سورۇشتە قىلمايمىز.

2 ـ ماددا   تاماق پۇلىنى تەڭ كوتىرىمىز. نىكولاي ئىۋانوۋىچ نەرسە سېتىۋېلىشقا مەسئۇل، فائىنا پېتروۋنا ماتۇبىيېۋا تاماق ئېتىشكە مەسئۇل.

3 ـ ماددا   فائىنا پېتروۋنا ئىچ كىيىم، پىراستىنا، يوتقان ـ كورپە قاتارلىقلارنى يۇيىدۇ، نىكولاي ئىۋانوۋىچ سامسادوۋ ئۆزىنىڭ ئىشتان ـ كوينەكلىرىنى ئۆزى يۇيىدۇ.

4 ـ ماددا   كەلگۈسىدىكى پارنىكتا بىللە ئەمگەك قىلىپ ئۇستۇ- رۇلگەن نەرسىلەرنى سېتىشتىن كىرگەن پۇلنى، ياكى ئۆيىنى ئۆگىلىۋال- غاندىن كېيىن ئىجارىگە قويۇشتىن كىرگەن ئۆي ئىجارىسىنى ئىككىيلەن تەڭ ئۈلۈشىمىز.

5 ـ ماددا   تىزىملاتماي بىللە ياشاۋېرىمىز.

6 ـ ماددا   بىر بىرىمىزنى هورمەتلەيمىز.

توختام تۈزگۈچىلەر (ئىمزا).“

فائىنا ئۆزىنىڭ ئىمزاسىنى يوغان ۋە ئېنىق قىلىپ قويغان ئىدى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئوقۇپ بولغاندا ئەتراپ تېچ يېزا تۇرمۇشىغا چومگەن ئىدى، يىراقتىن تىراكتۇرنىڭ تا ـ تاتلىشى ۋە ئورماندىكى كاككۇكلارنىڭ ”كاككۇك ـ كاككۇك“ دەپ سايراشلىرى ئاڭلىناتتى.

مەيلى بىلىملىك بولۇپ كەتسۇن، مەيلى بىلىدىغىنى ئاز بولسۇن، خوتۇن كىشى دىگەن بەرىبىر خوتۇن كىشى! فائىنا كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ بولماستىنلا، نىنا ياكوۋلېۋنا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئېرى بىلەن ئۇچرىشىش ئەھۋالىنى، ئىملەرنى دىيىشكەنلىكىنى، قانچىلىك دەرىجىدە سوزلەشكەنلىكىنى سوراشقا باشلىدى.

فائىنا ھەممە ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغانلىغىنى، بەزى تەپسىلاتلار توغرىسىدا بىر پىكىرگە كېلىشىسلا ئىش پۈتىدىغانلىغىنى، نىكولاي ئىۋانوۋىچىنىڭ ئالېكساندىروۋ شەھىرىدە يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىشى، بۇرۇنقى ئىشنى يەنە بىر مەزگىل قىلىشى مۇمكىن ئىكەنلىگىنى، چۈنكى ئۇنىڭغا ئۇ يەردە بىر يۇرۇش ئۆي تەقسىم قىلىنماقچى ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ بەردى.

—ۋاي ئاللا، ئۇنىڭغا ئۆي ئېلىپ نىمە قىلىسىلەر؟—دىدى نىنا ياكوۋلېۋنا دەرھال،—يېزىدىمۇ، موسكۋادىمۇ ئۆيۈڭلار تۇرسا. ئىتتىك بېرىپ تىزىملىتىڭلار.

تىزىملىتىڭلار؟ نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن! ماڭا تونۇش بىر ئايال بىر ئەر بىلەن بىر ئورۇندا يېتىپتىكەن، ئەركىشى ئۇنى تىزىملىتىدىغان جايغا ئاپىرىپ تىزىملىتىپتۇ؛ ئەمما بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئەر كىشى ھېلىقى ئايالدىن ياشراق بىرنى تېپىۋاپتۇ. قارىمامدىغان، ھەممە مال-بىساتىنى—ئۆي-جاي، يەر، يىققان پۇل-پىچەك ھەممىسىنى تەڭ بولۇشۇشكە توغرا كەپتۇ. بۇنداق بولسا بولمايدۇ، فائىنا ئۇنداق ئەخمەقلىق قىلىدىغان يەمىسىزلەردىن ئەمەس.

نىنا ياكوۋلېۋنانىڭ ئىچى سىيرىلىپ سورىدى:

—ئۇنىڭ توي قىلغۇسى كەلمەمدىكەن؟

فائىنا باشقا بىر نىمە دىمىدى. كوڭلۇمدىكى خىيالىمنى ۋە ئىچىمدە سوققان چوتنى ئىچىمدىن چىقارمىغىنىم تۈزۈك دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئىشنى تۇگەتكەندىن كېيىن گوش، بېلىق سېتىۋالدى، ئاندىن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ قۇرۇت، قايماق سېتىۋالدى، موسكۋانىڭ بولكىلىرىدىنمۇ ئېلىۋالدى. ئەسلىدە بىر شىشە ھاراق سېتىۋالماقچى

بولغان ئىدى، كېيىن بۇ ئۆيىدىن كەچتى. شەنبە كۈنى بولمىسا، ھاراق ئىچىشنىڭ ھاجىتى يوقتۇ.

ئەمىلىيەتتە ئۇلار تۇرمۇش مەسىلىلىرى توغرىسىدا بۈگۈن رەسمىي سوزلىشەتتى. فائىنا نىكولايغا شەرت قىلىپ قويغان ماددىلار خېلى ئېتىۋار بىلەن قويۇلغان ماددىلار ئىدى. ھەممە كىرىم تەڭ بولۇنىدۇ، نىكولاي ھېچ كۈچ سەرپ قىلمايلا پۇلنى قولىغا كىرگۈزەلەيدۇ. ئائىلە ئىشلىرىنى ئىككىيلەن تەڭ قىلىدۇ، گېزىتلەردىمۇ شۇنداق دەپ يېزىلغانغۇ. ئېھتىمال، مەملىكىتىمىزدە ئائىلە مۇناسىۋىتىدە توختام تۈزگەنلەر بەك ئازدۇ—بۇ بىزنىڭ قالاقلىغىمىزدىن بولغان، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قالاقلىق تۈگەيدۇ، چۈنكى مەدەنىي مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە نىكا توختىمى بار. بۇنىڭ سەت تۇرىدىغان ھېچنىمىسى يوق. فائىناغا نىكولاينىڭ پۇلى كېرەك ئەمەس، فائىنانىڭ ئۆزىنىڭ پۇلى بار. ئۆيدە ئەركىشى بولۇشى كېرەك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشى ئۆتىدۇ.

بۇ نۇۋەت فائىنا ئېلېكتروۋۇزدا ئىككى ياندىكى ياپ-يېشىللىققا پۈركەنگەن دالىنى ۋە ئورمانلىقنى كورۇپ مېڭىشقىمۇ ئۇلگۈرەلمىدى.

ئۇ نىكولاي ئىۋانوۋىچ بېكەتكە چىقىپ ئالدىمىغا كەلسە دەپ ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما نىكولاينىڭ سايىسىنىمۇ ئۇچراتمىدى. نىكولاي ئالدى تەرەپتىنمۇ كەلمىگەن، رىشاتكا ئىشىگىنىڭ ئالدىدا ئۇنى كۈتۈپمۇ تۇرمىغان ئىدى. ئۇ: نىكولاي ئىشقا بېرىلىپ كېتىپ ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى-دە، نىكولاينى ھەيران قالدۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ ئاستا كىرىپ كەلدى. دالاندا قوزۇق، خىشلار چېچىلىپ ياتاتتى، چىلەكتىكى لاي قۇرۇپ قالغان ئىدى. ئىشىك تاقالغان، ئەمما ئاچقۇچ خالىراق يەرگە قويۇلمىغان ئىدى، ئاچقۇچ-

نىڭ يېرىمى ئىشىك ئالدىدىكى پۇت سۈرتكۈچنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇراتتى.

فائىنا قولىدىكى خالتىنى باسقۇچنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى-دە، ئۆيلەرنى ئارىلاپ چىقتى. شىرەدە توختام ماددىلىرى يېزىلغان ھېلىقى دەپتەر تۇراتتى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ نەرسىلىرى — چامادان، چىش چوتكىسى — يوق تۇراتتى.

فائىنا بوش تۇرغان تاقىر يېرنىڭ قېشىغا كەلدى. كىچىك يول بويىدا، يېڭى تىكىلگەن ئالما كۆچىتى كۆكلەپ چىققان ئىدى، پەقەتلا بىر تۈپ دەرەخنىڭ بىر شېخىدىلا كەلگۈسىدىكى مېۋىگە ھامىلدار بولغان ئاق چېچەكلەر ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى...

**ئاپتور ھەققىدە** نورا ئادامىيان (Нора Адамян) 1910-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرقەدەر نام چىقارغان ئايال يازغۇچىسى. ئۇ ھېكايە يېزىشنى ئاساس قىلىدۇ، تۇرمۇشتىكى ئەخلاق تېمىسىنى كۆپرەك يازىدۇ، ھېكايىلەر توپلاملىرىدىن «تۇرمۇشنىڭ باشلىنىشى»، «ياپ-يېشىل تاغلار»، «مىنىستىرلىكتىن كەلگەن قىز»، پوۋېستلىرىدىن «تاشلاندۇق ئۆي»، «ئۈچ كىشىلىك ئائىلە» قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدۇر.

«نىكا توختىمى»نى ئاپتور يېقىنقى چاغلاردا يازغان، بۇ ھېكايىدە "كوللېكتىپ ياتاقتا تۇرىدىغان" نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ نىكا مەسىلىسىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھازىرقى ئىجتىمائىي رىياللىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. بۇ ھېكايىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھېكايىدىكى ئەر-ئايال باش پېرسوناژلار ئەپ بولۇپ قېلىش ئارزۇسىدا بولىدۇ، ئەمما بىر توختام ئارزۇنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، ئاپتور مۇشۇ ۋەقە ئارقىلىق ئاساسىي ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈپ،

سوۋېت ئىنتىپاقىدىكى هازىرقى نۇرغۇن نىكا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

(«سوۋېت ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ
1981 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللا ئابلىز.
تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: نۇرمۇھەممەت دولەتى.

---

چىراي گۈزەللىكى مۇھەببەتنىڭ بىر ئاملى، قەلب گۈزەللىكى بىلەن ئىدىيە گۈزەللىكى بولسا ئالىجاناپ مۇھەببەتنىڭ مۇستەھكەم ئاساسى.

**چېخوۋ**

ھەقىقى مۇھەببەت كىشىنى روھلاندۇرىدۇ، كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا غەيلەتتە ياتقان كۈچىنى ۋە يوشۇرۇنغان قابىلىيەتنى ئويغىتىدۇ.

**بوكاسو**

---

www.uyghurkitap.com

قىستۇرما رەسىملەرنى سىزغۇچى: چېن يادەن

گۈلىستان (1)
(ئەدەبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى)
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى
ۋە نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1984 ـ يىل 7 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1984 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.57 يۈەن

# 花　坛

（1）

（文学译丛）

（维吾尔文）

民族出版社编辑出版　新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：850×1168/毫米 1/32　印张：10

1984年7月第1版

1984年7月北京第1次印刷

印数：0001—10,000册　定价：0.57元

书号：M10049(4)170

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

书号 M 10049 (4) 170
定价　　0.57元